


تارىم
1
1991

# مەرھۇم ياسىن ھاجى خۇدا بەردىنىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر



يولداش ۋاڭ جىن بىلەن بىللە .

يولداش ۋاڭ ملك ۋە تسىجان ئىلىيو بىلەن بىللە .





ئىسمايىل ئەمەت ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىللە .



1957 - يىلى پاكىستاندا .

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

1

1991

41 -يىل نەشرى

# بۇسـاندا

## ماقالىلەر


م. شاۋۇدۇن ........ تۇپراق ۋە كۆل (ماقالە)........ 14
ر. ياسىن ........ ئاتىمىز ياققان چىراغ (ئەسلىمە)........ 139
م. ئىسلام ........ ئۇ ئومۇمىيەتچىل ئادەم ئىدى (ئەسلىمە)........ 143


## نەسرىي ئەسەرلەر


م. هوشۇر ........ بۇرۇت ماجىراسى (ھېكايە)........ 20
ي. مۇخپۇل ........ ئىزار سۈيى شاۋقۇنلىماقتا (ھېكايە)........ 31
ئا. ساۋۇت........ ئۇپۇقتا قېتىپ قالغان كۈن (پوۋېست)........ 68
ئە. نۇر........ نەسرلەر........ 118


## شېئىرلار


ت. داۋامەت ........ كوچا تەسىراتلىرى........ 4
ۋ. ئەخمىدى ........ ساھىلدىكى ئارمانلار........ 5
ئا. تۇنىياز ........ نۇرلانغاندا سەھرا ئۇپۇقى........ 9
چ. ئاۋۇت........ پاك ھەم يۇمران ئەقىدە گۈلى........ 12
ق. ئىمىن ........ چاقچاق توغرىسىدا غەزەل........ 62
م. روزى ........ ئالتۇن رەڭ ئۇپۇقتا پۈركۈنەر زېمىن........ 63
ر. كامال........ كۆل سۈيى تارتقان سۈرەت........ 64
ئە. ئابلىز ........ شەبنەملەردەك جۇلالىق سەھەر........ 64
م. ئەھەد........ ئۆلۈكلەر قىسسىسى........ 66
ئە. ھاشىم ........ شېئىرلار ........ 67
م. ئىمىن ........ يۈرەكتىن تامغان تامچىلار........ 131
ھ. ئەخمەت ........ ئىككى شېئىر........ 132
ر. خېۋىر ........ غەزەللەر........ 132
ئە. مەتسەيدى ........ شېئىرلار........ 134


## گۈلىستاندىن گۈلدەستە


ۋ. سايىم ........ ...... ھېلىمۇ ئېسىمدە (نەسر)........ 110
ئا. خۇدابەردى ........ «بىز سۇدا ئېرىپ كېتىدىغان شېكەر ئەمەس» (ئەسلىمە)... 112
ئا. ھۈسەيىن ........ ئوقۇشماسلىق (ھېكايە)........ 113
ت. نىياز ........ قىيا تاش ۋە تاغ (شېئىر)........ 114

ئە. مەخسۇم...... تامچىلار (شېئىر)...... 114
ئە. ئابدۇراخمان ...... ئىككى شېئىر...... 115
ت. مىجىت ...... ياپراقلار بەرگىدە ئۇخلىغان شەبنەم (شېئىر)...... 116
ب. ئازاد ...... ئۆلدى دېمە سۆيگۈمنى ھەرگىز (شېئىر)...... 116
ئا. ئىسھاق...... ئارام ئال، دادا (شېئىر)...... 117
غ. كەنجەبەك ...... سەن ئېيتقان پەسىل كەلدى، ئەي نىگار (شېئىر)...... 117
ئا. ئوسمان...... سەھەرالقەمەن (شېئىر)...... 117

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ۋاڭ جۇڭمىك...... ئىدراك بىلەن شېئىرىي ھېسسىيات بىرلەشتۇرۇلگەن
شېئىردىي گۈزەللىك ئىجادىيىتى...... 123
ئە. ھوشۇر ...... يېڭى مەزمۇن، يېڭىچە ئىپادىلەش ...... 126

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

ئا. نەۋرۇز...... سۆيگۈ دەپلا سالىمەن چۇقان (شېئىر) ...... 137

## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

ۋېن مېيخۇي...... ۋارىسلىق قىلىش، ئىنتىلىش، ئىزدىنىش...... 146

## كىتابخانلاردىن خەت

ئو. ئىسمايىل...... ماھىرلىق بىلەن سىزىلغان «ئېكران سىرتىدىكى سۈرەتلەر»... 150
ئۇ. بارات ...... «سىزنى سۆيەتتىم» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى... 152
ن. ئىسمايىل...... «چەت - ياقا يۇرت» تىن سادا...... 155

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

...... 157

* * *

مۇقاۋىدا:تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىدىن بىر كۆرۈنۈش. يالقۇن ھابىل فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئۈستۈنكى سۈرەتتە، بىر قىسىم ئايال ئاپتورلار.
تۆۋەنكى سۈرەتتە: ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ياش ئاپتورلار.
بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

**تۆمۈر داۋامەت**

# كۇچا تەسىراتلىرى

## كۇچا قۇچىقىدا

يەنە ماڭا قۇچاق ئاچتى
گۈزەل كۇچا باغلىرى.
جىلۋە تۆكتى، كۈمۈش توكتى
ياقۇت تاجلىق تاغلىرى.

سېنتەبىردە كەلسەم مېنى
بۇ يۇرت كۆمدى ئىپارغا.
شىرنە تامار مېۋىلەردىن،
قىر يۈركەنگەن تاۋارغا.

بارسام قۇمباش يېزىسىغا،
جىق ئىكەن تال باراڭلار.
كىردىم دېھقان ئۆيلىرىگە،
قىزىپ كەتتى پاراڭلار.

بۇغداي، قوناق ئوخشاپ راسا،
تېرىمچىلار يايراپتۇ.
نامراتلىقتىن قۇتۇلغاچقا،
دۇتار، تەمبۇر سايراپتۇ،

كۇچا كۈيى سىڭدى دىلغا،
يەنە قوزغاپ-ھاياجان.
ئوينالغاندا ئۇسسۇل، مەشرەپ،
تىترەپ كەتتى گويا جان.

پاقلان سويدۇق قونۇڭ! دەپ چىلىك
تۇتتى ئۇلار كۆپ نۆۋەت.
ئالدىراش، دەپ خوشلاشقاندا،
كۈلۈشتۇق بىز كارامەت.

كۇچا خەلقى باتۇر، ئىشچان،
قىز-يىگىتى چىرايلىق.
مېھماندوستلۇق، خۇشچاقچاقلىق،
قوزغار دىلدا ئامراقلىق.

يۈرىكىمنى كۆيدۈردى زەپ
خۇشناۋالىق مۇقاملار.
ئۇزاتتى ئاي، يۇلتۇز چاقناپ،
ئۇزاتتى گۈل بوستانلار.

## مۇقام ئىلھامى

باغلاردىن، ئۆيلەردىن ئاڭلىنار مۇقام،
مىڭ يىللىق ئۆتمۈشكە باشلاپ پىكىرنى.
ئاھاڭلار سۆزلەيدۇ تارىخ، ھاياتنى،
ئۇتۇقنى، ساۋاقنى، سىرنى، سېھرىنى.

چاچىدۇ ھاۋاغا ھېس-تۇيغۇلارنى،
چاچىدۇ دەرد-شادلىق، يىغا-كۈلكىنى.
مەست بولۇپ تىڭشايدۇ خەلق بىلەن يەر،
يۈكسىلىش يولىغا سېلىپ ئۆلكىنى.

## مىلك ئۆي

قىزىل مىلك ئۆي بار ئىكەن،
تىك بىر قىيا ئۈستىدە.
زىننەت بولۇپ تۇرۇپتۇ،
تاشلىق تاغنىڭ ھۆسنىگە.

يەر يۈزىدىن قارىساڭ
كۆرۈنەركەن بەك ھەيۋەت.
بۇلۇتلارنىڭ قېتىغا،
كىرىپ تۇرار رەتمۇ-رەت.

تىك قىيادىن مىلك ئۆينى
قانداق تېشىپ قازغاندۇ؟
ئىشلەتكىنى ئىرادە
قويۇپ چىققان بازغاندۇ؟!

بۇ، كۈرمىلىك يىل بۇرۇنقى
مۆجىزە بىر ئالامەت.
مەن ئوقۇدۇم ئاپىرىن،
تاڭ قالدۇرغاچ جاسارەت.

ئۆي ئىچىدە كۆسەئىدىن
ھۈنەر سەنئەت نامايان.
رەسسىمسىز تام يوق ئىكەن،
مەزمۇن، ئۇسلۇب بەك ئايان.

رەسىملەردە بار چۆچەك،
رىۋايەتتىن ئەندىزە.
رېئال تۇرمۇش، ئەمگەكتىن،
ھەر خىل رەڭدار مەنزىرە.

مىلك ئۆي تارىخ شاھىدى،
مەدەنىيەت گۆھىرى.
ئەجدادلارنىڭ قان - تەرى
ھەم ئەقلىنىڭ جەۋھىرى.

مىلك ئۆي قاتار تۇرۇپتۇ
تىك قىياغا قېزىلغان.
مەن ئوقۇدۇم بىر داستان
قاندا تاشقا يېزىلغان.

1989 - يىل سېنتەبىر، كۇچا.

ئىمىن ئەخمىدى

# ساھىلدىكى ئارمانلار

## ئانا تۇپراق

1

قۇملۇقنى كۆيلىسەم بەزىلەر ماڭا،
دېڭىز - ئوكيانچۇ دەپ قويۇشتى سوئال.
كۆرگىنىم كۆل سەۋەب تۇۋلىسام ناخشا،
قىيداپ ئىشەنچتىن كەچتى ئېھتىمال.
نامرات مەھەللەمنى چاغلىسام ئەنبەر،
دېدى تاغلارنىمۇ كۆيلىگىن خۇشال.
ئانارلى يازغاندا قالدى نىلۇپەر،

ئاتالدىم ۋاپاسىز، مۇھەببىتى گال...
ئالدىراپ پېشىڭنى قېقىش نىھاجەت،
كۆرسەتمە كۆڭلۈمنى قاراڭغۇ جاڭگال.
ساداقەتتىن پۈتكەن مۇنارلار ھەيۋەت،
يۈرەك - غۇرۇرۇمنى قىلمىغىن پايمال.
بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسى،
شۇ تامچە مەۋجىدىن لەۋلىرىمدە بال.
تۇپراقتا تەئەللۇق پېقىرنىڭ كۆكسى،
بۈگۈن دېڭىزدىنمۇ ئىزدەيدۇ ۋىسال.

ماڭا ھايات بەرگەن گىياھلار قىممەت،
ئىشقىغا تەڭ يەتمەي تىترەيمەن غال- غال.
تىرىكلىك ئەقىدەم بەرگىنگە زىننەت،
ئۆلسەم ھەم ئۇ دۇنيا شاخلىرىدا خال.

2

قونۇپ كۆردۇم ئىچىپ جىرالاردا مەي،
تەسكەي قاپتاللارنىڭ ھەمراھى شامال.
ئىرىق - ئۆستەڭلەردە ئاقتىم ئىرىنمەي،
باھار كۆركى بولۇپ كۈلدى مەجنۇنتال.
دەريادىن دەشتلەرگە ياماشماق نىيەت،
ئىتىقاد كۆچىدىن ياساپ باقتىم سال.
پىكرىمنى ساماغا ھەيدەپ بۈركۈتتەك،
ئۇچۇردۇم پەرلىرى چۈشكىچە تال - تال.
مەن ئەلبەت تېزلىكتە بوران ئەمەسمەن،
جېمى نىگاھىڭغا يەتمەيدۇ ئامال.
بىلسەڭ پۈتۈن قەلبىم سىنىڭدە ھەردەم،
بولسىمۇ يۈرىكىم پەقەتلا بىر تال.
ھاياتنى سۆيىمەن ھاياتىڭنى ھەم،
جاپا قىلالمايدۇ ئىبلىس قەددىم دال.
يېتىش تۇپراق بىلەن گۆردە بولۇپ جەم،
چەكلىك ئۆمرۈمدىكى چېكى يوق خىيال...

3

ھەر شەھەر، ھەر ئۆتەڭ ئۆزگەندەك ئەترە،
ئالىمەن قولۇمغا توپا بىر چاڭگال.
پۇرىسام، مەيدەمگە تاڭسام ھەر قەترە،
ئىچىپ بېرەر ماڭا تەقدىرىمدىن پال.
كۆزلىرىم ئوينايدۇ زەڭگەر ئاسماندا،
ئۇپۇقتا ياندىشىپ پارلايدۇ ئىقبال.
مېنى مۇساپىرلىق غېمى باسقاندا،
سىنىڭدەك بولمىدى ھېچبىر ئاي جامال.
دېمەككى كىندىكىم قېنى تۆكۈلگەن
جايدىلا ھاياتىم تاپىدۇ كامال.
دېمەككى بۇ ئۆمۈر شاتتۇر سەن بىلەن،
قىلالماس يېگانە گۈزەللەر قامال.
ئاددىي بىر ئىنسانمەن، قۇچۇقۇم ئاندىن،
سېنى سۆيۈشۈمدىن ياقا يۇرتلار لال.
ئىشەن، مېنىڭ ئىشقىم ئۇرغىغاچ قاندىن.
ئۇ ئالەمدە يەككە، تەڭداشسىز ھالال...

دېڭىز سۇلىرى

سۇۋغا قىلما ماڭا قۇلۇلە،
مەرۋايىتلار تەڭلىمىگىن ھەم.
باغاش ئەتسەم سېنى كۇپايە،
ھەر تامچىسى يارامغا مەلھەم.
چاڭقاپ كەلگەن قۇم مەن شۇ تاپتا،
بۇژغۇنلىرىڭ جىسمىمگە شاراب.
قەدىم بىر چاغ يانغان پىراقتا،
تەلمۈرۈمەن چېھرىڭگە قاراپ.
سەلكىن قىلىپ يەلكەن ئۈستىگە،
قوندۇرۇپ قوي بىردەملىك مېنى.
يەتمەك ئۈچۈن جانان ۋەسلىگە،
ھاپاچ ئېتىپ ماڭىمەن سېنى.
ئالەم ئارا ئېقىنلار تولا،
زەمزەملىرىڭ يەككە بىلىنەر.
ھاياتىمدا ساھىلىڭ ماڭا،
غايىبانە مەككە بىلىنەر.

چۈشلىرىمنى

ئۆرە - تۆپە تىنغان كەڭ دېڭىز،
ساھىللارنى يالاپ ئاۋارە.
كېلىشى تېز، يېنىشىمۇ تېز،
غەزىپىدىن بولىدۇ پارە.
ئويلاپ قالدىم: كۈندۈزى ھەسرەت،
كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار.
ئەگەر يۇمسا كۆزىنى بىردەم،
كىردەرمىدى چۈشكە بىر يار؟
ئاشۇ سەۋەب ئۇيقۇدىن كېچىپ،
چۈشلىرىمنى بەردىم ئۇنىڭغا.

ئۈمۈ كۈلۈپ، بىر - بىر سىلكىنىپ،
دولقۇننى قالدۇردى ماڭا.
شۇندىن بۇيان كۆڭلۈم تىنمىسىز،
يۈرىكىمدە تۈمەن غەلىيان.
مەنغۇ مەيلى لېكىن شۇ دېڭىز،
كۆرگەنىمدۇ چۈشىدە جانان؟

### مېنى...

مېنى تاغقا كۆمسەڭ تاشلىرى جىمجىت،
باغقا كۆمسەڭ ئۇنىڭ گۈللىرى خازان.
قەبرە - قەبرىلەرگە بولمايدۇ هال - مۇڭ،
هېچكىم هېچكىملەرگە ئەمەس قەدىردان.
تاشلىمىغىن توختام سۇغىمۇ زىنهار،
روهىمنى كۆك مۇزلار ئايرىيدۇ كۆكتىن.
مېنى يول بويىغا قويمىغىن، تىرىك —
يۈرگەنلەر قاچىدۇ بۇدەم ئۆلۈكتىن.
مېنى ئاشۇ بىر كۈن دېڭىز ساهىلى،
ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قىلغىن ئامانەت.
بۇژغۇن سۈپەت كەلگەن دېڭىز پەردىسى،
ئالىدۇ قۇچاققا مېنى بىتاقەت.
دولقۇن ئەللەي ئېتەر جىسمىمنى قوغداپ،
بورانلار كۆڭلۈمگە قايتا بېرەر جان.
تىرىكلىكتە نامسىز يۈرگەن بولسام هەم،
ئۆلۈم ئىچرە بىلەي ئۆزۈمنى خاقان.
ئۇيقۇسىز ئۈپقۇنلار ياساپ چىن سۆيگۈ،
قوغلايدۇ يېنىمدا بىرى بىرىنى.
سۇنىڭ شاۋ - شۇۋلىرى تەگسىز مۇزىكا،
سۆزلەيدۇ ياش تۆكۈپ هايات سىرىنى...

### كېچە

كۈندۈز كۆك ئاسمان بىلەن كۆك دېڭىز،
ئارىسىغا ئۈپۈق قويىدىكەن چەك.
هەتتا ئادەملەرمۇ كۆڭۈل زوۋقىنى،
ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرار مېيىتتەك.
ئەجەب بىر ئەنسىرەش، ئەجەب ئىزتىراپ،
هېچ ئىش يوق تەلمۈرۈپ قاراشتىن بۆلەك.
كېچە هەممە نەرسە يېقىنلىشىپ تېز،
ياقار ئىكەن بىرى - بىرىگە كۆكرەك.
مۇهەببەت ئۈچۈنلا يارالغان كېچە،
ئىگەم نەسىۋىسى بولماس بۇنىڭدەك.
ئاسماننىڭ بىلىكى دېڭىز بويىندا،
دېڭىزنىڭ قۇچىقى ئاسمانغا يۆلەك.
دولقۇن بۇلۇت بىلەن پىچىرلىشىدۇ،
جېمى مەۋجۇداتلار ئەمەس يەكمۇ يەك.
هەتتا قاراڭغۇمۇ پۈتۈن زېمىننى،
ئالىدۇ قوينىغا بولۇپ ئىس - تۈتەك...

### ۋىسال

هاۋا رەڭ ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى سۇنۇپ،
زېمىننىڭ تاناۋى ئۈزۈلگەن چاغدا.
تەقدىر سۇ ۋە قۇمنى ئىككىگە بۆلۈپ،
ئۇلارنى ئەسىرلەپ قالدۇردى داغدا.
بۈگۈن چۆل ئىشقىنى قوينۇمغا سېلىپ،
قۇمنىڭ يالقۇنىدىن ياسىدىم مەشئەل.
سايىنىڭ سالقىنىنى يەلكەمگە ئېلىپ،
دېڭىز ساهىلىغا ئاقتىم بولۇپ سەل.
قۇم دېڭىزنى كۆرۈپ سىيرىلدى پەسكە،
دېڭىز قۇمنى بىردىن قوينىغا ئالدى.
غۇر - غۇر سالقىن شامال گوياكى يەلكەن،
بولۇپ ماڭا هامى قىرغاقتا قالدى.
هەيۋەتلىك دولقۇنلار تىنچىدى بىردىن،
بۇژغۇنلار پۇتۇمغا قويۇپ قالدى باش.
گويا دانە - دانە قۇم قەترىسىگە،
دېڭىزنىڭ كۆزىدىن تامچىلىدى ياش...

### دولقۇنلار

بولسىمۇ بۇ ساهىل ئەركىن بىر ئالەم،
قويمىدىم قەلبىمنى هىجرانغا باغلاپ.

بەزىلەر پۈتىنى قىلدى قۇمدا نەم،
مەن كەتتىم يىراققا دولقۇن قۇچاقلاپ.
پۇشايمان يەلكىنى قەلبىمدە ئۈزۈپ،
ۋەسۋەسىلىرىمنى تۈگەتتى تامام.
يېڭى بىر سۆيگۈدە تولدى لىپمۇلىپ،
ھەسرەتلەر تۆپەيلى قۇرۇپ قالغان جام.
نىتەي، كۈۋەجەشلەر ئەقلىمنى يۇيۇپ،
روھىمنى ئاندىن قىلدى تۇغما پاك.
گاھ لەيلەپ، گاھ چۆمدۈم دولقۇندا ئۈزۈپ،
قورقمىدىم تاشلاردا بولۇشتىن ھالاك.
بىر ئارمان ئىلكىدە شاراب ئىچمەن،
روھىم سەيناسىغا ئۈمىدلەر پەيدا.
سەن ئەمدى توختام سۇ بىخەتەر جاي دەپ،
ساختا جامالىڭغا كۆتمە خېرىدار...

### تارىخنىڭ يېشى

يېشىمنىڭ تەمىنى ئۆزۈم تېتىغان،
تۈزلۈق تامچىسىنىڭ گۇۋاھى تىلىم.
چۈنكى ھاياتىمدا قاندىن تولا ياش،
تۆككەنمەن سۆيگۈدىن سۇنغاندا بېلىم.
دېڭىزنىڭ سۈيىگە تەككۈزگەندە لەۋ،
بىلىندى ئاچچىقى ياشلىرىمدىن بەك.
ئويلىدىم بۇ زادى ئادەم يېشىمۇ،
يا تۆكۈلگەنمۇ ياش بۇنىڭدىن بۆلەك؟!
زېمىن سۆزلەپ قالدى: بۇ مېنىڭ يېشىم،
ئۇتىلىساڭ ئاياندۇر ئەسىرلىك قىسمەت.
بىلمەمسەن ئەي يىگىت ئاشۇنچىلىك ياش،
بولمىسا قەيەردىن تاپتۇق ھەقىقەت؟

### ھېسلىرىم

قاچانلاركىن خورسىنىپ يۈرگەن،
تالاي - تالاي ئارزۇ - ئۈستىكىم.
نېمىلەرنى قىلدى ئىختىيار،
كېتىپ قالغانىدى مېنىڭدىن...
بۈگۈن باقسام كۆزىدە شادلىق،
مۆپتىلادەك يېڭى پىراققا.
قىيالارنى سۆيۈپ بىر تاتلىق،
تەلپۈندۇ يىراق - يىراققا.
يالغۇز قولۋاق تۇمانلار ئارا،
ساپان كەبى يېرىپتۇ سۇنى.
بولۇپ سەلكىن ھاۋاغا قامچا،
ئۈپۈق تامان سۈرۈپتۇ ئۇنى.
چايكىلارغا تىكىلدىم بىردەم،
قايتىشىمنى تۈگەل ئۇنۇتتۇم.
زەڭگەر ئاسمانىدىكى تۇرنىلار،
دېدى گويا: ئەقلىڭنى ئۇتتۇم.
شەبنەملەردىن تىترىگەن ياپراق،
كەبى قالدىم قىرغاقتا يالغۇز.
نېمىشقىدۇر باقتى ئالىيىپ،
چىملىقتىكى يېگانە يالپۇز...

### قۇياش ۋە سەن

قۇياش يۈزى تاغلار ئۈستىدىن،
ماڭا گۈزەل بىلىنمىدى ھېچ.
ئۇنى كۆر دەپ سۇنىڭ سەتېھىدىن،
ئارمانلىق دىل قويمىدى تىنچ.
ئەل ياتقۇدا ساھىلغا كەلدىم،
ئارامگاھىم بولدى قىيا تاش.
دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە سېنى،
ساقلىغاندەك تۇردۇم قەلەمقاش...
ۋە لېكىن سەن كەچتە بىشارەت،
بەرسەم كەچتە چىقاتتىڭ ئويناپ.
داڭگال ئاتسام ئۆگزەڭگە بىر رەت،
تولغىناتتىڭ پېقىرنى ئويلاپ.
ئەگەر كۆتسەم دىگەر بىلەن تەڭ،
يۇلتۇز كەبى بولاتتىڭ پەيدا.
سەھەر كۆتسەم چولپانغا ئوخشاش،

كائىناتنى قىلاتتىڭ شەيدا،
تۇماللىق كۈن ئىدى باھانە،
تۇيدۇرماستىن تاپاتتىڭ مېنى.
كۈلۈپ تۇرساڭ باغنىڭ تېمىدا،
قۇياشمۇ دەپ قالاتتىم سېنى.
گاھ شارىلداپ ئالما شاخلىرى،
كەلگىنىڭدىن بېرەتتى خەۋەر.
ئازدۇرماقچى بولۇپ ئاناڭنى،
قۇيۇلاتتى پېشانەڭدىن تەر.
گاھى داداڭ نامازنى ئۆيدە،
ئوقۇيمەن دەپ ئولتۇراتتى جىم.
سەن ئۆتەتتىڭ قورقۇپ يېنىدىن،
يايماق بولۇپ تالاغا كىيىم.
ئېسىڭدىمۇ سۇغا چىققاندا،
ھەل بولاتتى ئارزۇ - تىلىكاڭ.
ئۇزاق تۇرۇش ئۈچۈن مەن بىلەن،
چۆكۈپ كېتەر ئىدى چېلىكىڭ...

* *

بۇ تاڭ مانا قۇياشنى كۈتۈپ،
ئولتۇرۇمەن قىلالماي مىدىر.
ئىسسىقىرتىپمۇ باقتىم ئېتىپ تاش،
سوغۇقلاردىن تىترىدىم دىر - دىر.
ئۇنى بىر كىم سۇنىڭ ئاستىغا،
ئاناڭ كەبى قىلمىسا قامال.
نىگاھىمنى پاتراق كۆرۈشكە،
تاپالمىدى سەنچىلىك ئامال...
ئاخىر يۈزى كۆلچەكتىكى شار،
كەبى ئاستا كۆرۈندى لەيلەپ.
شۈنچە ھارغىن، شۈنچىكى نازلىق،
ئۇخلاتقاندەك دولقۇن ئەللەيلەپ.
ساق بىر كېچە كۆزۈمنى يۇمماي،
كۆرەي بىر رەت دېگىنىم قېنى؟
ئەمدى بىلسەم گۈلگە بۈلبۈلنىڭ،
ئېقىپتىكەن بىكارغا قېنى!
سېنى ساقلاش ئالەمدە يەككە،
چىقىشىڭمۇ بۇ دۇنيادا بىر.
چۆچۈشلىرىڭ، ئىنتىلىشلىرىڭ،
بەلكى ۋىناس ئۈچۈنمۇ ھەم سىر.
قاراپ باقسام بولالمايدىكەن،
ئايمۇ ھەتتا قۇياشمۇ سەندەك.
سېنى تىت - تىت بولۇپ، زارىقىپ،
كۈتمەيدىكەن ھېچكىممۇ مەندەك.
دېگەن بىلەن قۇياش ئۇ ھەر كۈن،
خوشى تۇتسا چىقاركەن پەقەت.
سېنىڭ ئۈچۈن ۋە مېنىڭ ئۈچۈن،
مەڭگۈ ئىكەن ئۇشبۇ مۇھەببەت.
قۇياش ئۇلۇغ، ھاياتقا ھوزۇر،
لېكىن ماڭا مۇھەببەت ئاندىن.
قۇياش پەقەت سۇدىنلا چىقار،
ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈسى قاندىن...

* *

ئولتۇرۇمەن ساھىل بويىدا،
شەرەت قىلسام چىقسادەپ قۇياش.
دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە سېنى،
قانداق كۈتكەنىدىم قەلەمقاش!

1990 - يىل ئاۋغۇست، بېيىدەيخې.

ئادىلجان تۇنىياز

## نۇرلانغاندا سەھرا ئۇپۇقى

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ

مەن بوۋامدەك، بوۋام مەندەك كۈنلەردە،
قىش باھاردەك، باھار قىشتەك پەسىلدە.

سەن، مەن بولۇپ، مەن سەن بولۇپ،
قايتىپ كەتكۈم كەلدى كەنتىمگە.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ،
تاڭ سەھەردە ئالما شېخىدا.
ئالما گۈلى پۇراۋاتقان كاككۇكتەك،
قىلغۇم كەلدى ئۇماق تەبەسسۇم.

ئېرىق - ئۆستەڭ ئەتراپىدىكى،
ئاددىيغىنا ياۋا ئوتلاردەك.
قول تۇتۇشۇپ شاد - خۇرام،
يۈرگۈم كەلدى شامماللار بىلەن.
خىياللار سۈرۈپ پاك مەسۇم.
قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ،
تومۇز ئىسسىقتا.
ساڭگىلىتىپ تىلىنى،
ئاستا - ئاستا سۇ سۈمۈرۈۋاتقان،
بۇلاق بويىدىكى سۆيۈملۈك ئىتتەك،
تۇرغۇم كەلدى بىر ھۇزۇرلىنىپ.
يوغان - يوغان قوغۇننى چۈشەپ،
چۆنەكلەردە ئۇيقۇغا كەتكەن.
قوغۇن مايسىلىرىنىڭ پىلەكلىرىدەك،
ياتقۇم كەلدى ئۇزۇن سوزۇلۇپ.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ؛
تۈل چوكاننىڭ ھويلا تېمىدىن.
كۆندىكىدەك ئارتىلىپ چۈشۈپ،
قۇراق تەكيىنى جۈپلەپ پەم بىلەن
يۇلتۇزلار ئاستىدا ئۇيقۇغا كەتكەن،
كۆندۈزدىكى مۆڭ يىگىتنى
كۆرگۈم كەلدى ھاياجان بىلەن
ئۆگزىدىكى ئۇياتسىز ئايدەك.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ:
پىژ - پىژ ئىسسىقتا قوش ھەيدەۋاتقان
چاڭگا ساقاللىق دېھقاننىڭ،
خەسە كۆڭلىكىگە چاپلىشىپ كەتكەن
ھەيدىسىدىكى قارا تەرلەرنى
قويغۇم كەلدى يېقىملىق سىپاپ،
يەلپۈگۈچلۈك سالقىن ھاۋادەك.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ؛
كۆرگۈم كەلدى ئۇ يەردىكى
رۇس قىزىنىڭ كۆزلىرىدەك
كۆپ - كۆك ئاسمانىنى،
كۆرگۈم كەلدى ئۇ يەردىكى
پەرىلەرنىڭ قاناتلىرىدەك
تىترەپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلارنى.
كۆرگۈم كەلدى ئۇ يەردىكى
گۈل چېكىلگەن بادام دوپپىدەك،
قىزىل گۈلگە تولغان دالانى.

مەن بوۋامدەك بوۋام مەندەك چاغلاردا،
قىش باھاردەك، باھار قىشتەك پەسىلدە.
سەن، مەن بولۇپ، مەن سەن بولۇپ
قايتىپ كەتكۈم كەلدى كەنتىمگە.

### سەھرادىكى غېرىب كۈلبەمدە

كىم ناتونۇش كىم تونۇش ماڭا،
كىم ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ياتقان؟
يىغلامسىراپ تىكىلسە جاھان،
كىمگە بېرىپ قويدۇم كۆلكەمنى؟
يوقلاپ بېرىپ قارلىق ئەتىگەن
سەھرادىكى غېرىب كۈلبەمنى،
ئۈن - تىنسىز ھە..رەتتىن باشقا
ئۇنتۇپ كەتتىم ھەممە
ھەممىنى.

دالا،
پۈرۈشتۈرۈپ ئاغزىنى ئۇماق،
ئۇخلاپ قاپتۇ لېۋىنى تامشىپ.
ئاق گۈلدەستە كۆتۈرگەن باھار،
چۈشلىرىگە قالغاندۇ كىرىپ.
مەن يەنىلا،
چۈشىمدىم ھېچكىمنى پەقەت
بەلكىم مېنىمۇ،
چۈشىمدى بىر كىممۇ ھەتتا.

قار تۆكۈلگەن كۈمۈش جىگدىگە،
بەخت تىلەر ئىزغىرىن شامال.
پاختەك كونا خاماندا،
كىچىككىنە پۇتلىرى بىلەن
قار ئۈستىگە چىكەر ئاۋايلاپ
قەلبىمدىكى تۇنجى شېئىرىنى.
مەرۋايىتتىن كۆڭلەك كىيگەن قىش،
قاقشال شاخقا تۈرىدۇ قونۇپ،
پەردىلەردەك سىلكىپ پېيىنى.
كىملىكىگنى بىلمەيمەن ئەمما،
سېغىنىمەن سېنى ئېخ سېنى،
كېچە سۈنغان ئاي نۇرى ئوخشاش،
ئەسكى تاملىق غۇربەت خانەمگە،
كېلەلەمسەن يوقلاپ بىر مېنى.

سەھرادىكى غېرىب كۆلبەمدە،
مۇزدەك يىغا سىڭگەن كۆلكەمگە،
ئولتۇرىمەن كۈتۈپ ئەتەمنى.
كىم ناتونۇش كىم تونۇش ماڭا،
كىملەر كېلىپ ياتار قەلبىمدە ...؟

كۆن غەربتىن چىققاندا

ئايرىلىمىز بىز چوقۇم،
كۆن غەربتىن چىققاندا.
يا كۆن چىقار غەربتىن،
بىز ئايرىلماق بولغاندا.

ئاي كۆرۈنەر يىراق دالادا،
ئاق قاناتلىق غېرىبانە قار،
بېسىپ ياتقان گۆھەر تۇخۇمدەك
قىش كېچىسى غەمكىن سەھرادا
قەلبىمدىكى ئۆزۈمدىن بۆلەك
كىممۇ ماڭا بولاركىن ھەمراھ؟
ئەگەشتۈرۈپ جىمجىت خىيالنى
ئايلىنىمەن ھويلىدا تەنھا.
ئاپئاق كىپەن ئارتىۋالغان قىش،
كۆلۈمسىرەپ تۇرار يېنىمدا.
كىرپىكلىرىدە
بوستان ياساپ، ئۇيقۇدىن، -
ئانام، دادام ياتار سۈپىدا.
تاتلىق چۈشلەر،
ئۇچۇپ چىقىپ ئۇكىلىرىم كۆزىدىن
كۆڭلىكىنى كىيىپ رەڭگارەڭ
ئۆي ئىچىگە لىپمۇلىق تولۇپ
پەرۋاز قىلىپ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.

كەنتتىكى ئىتلارمۇ بۇ كەچ،
قوشاق قېتىپ جۇدالىق ئۈچۈن،
تۈنەپ چىقار تاڭغىچە پۈتۈن.
مورىسىدا پاكار ئۆيلەرنىڭ
مېنى چوقۇم باقلاپ ئولتۇرار،
خوشلاشماققا ئاخشامقى تۈتۈن.
مۇز چاقنىغان قارلىق ئېتىزدا
كۈتىشىدۇ سەھەرنى ئويغاق،
توك تېزەكلەر چىقارماي ئۈن - تىن.
قۇشقاچ كۆيى،
توڭلاپ قالغان جىگدىلىك،
جانلىنارمۇ مۇڭلۇق قوشاقتا،
تىلغا كىرىپ ئەتە مەن ئۈچۈن؟

غەربىي ياقتىن چىققان كۆن بىلەن،
نۇرلانغاندا سەھرا ئۇپپۇقى،
خوشلىشارمەن بۇندا ھەممىدىن،
كىرپىكىمدە تاتلىق چۈش يۇقى،
ئايرىلىپ ئېخ خىلۋەت كۆلبەمدىن
يول ئالارمەن يىراق شەھەرگە.
پەرىشتىگە ئايلىنىپ شۇ چاغ
ئۆزۈمدە يوق بولغىنى ئۈچۈن
بەخت شادلىق تىلەپ قالىمەن،
بۇندا قالغان جىمى نەرسىگە.

### يولۇچى

ئۆز - ئۆزۈمنى ئىزدەپ يۈرىمەن،
كۆز يېشىدەك مۇزلۇق دالادىن.
مۇزلاپ كەتتى جىمغۇر يۈرىكىم،
مۇزلاپ كەتتىڭ قەلبىمدە سەن ھەم.

يىراق - يىراقتا
يالتىرايدۇ تىنىق مۇزلارنىڭ،
مۇساپىردەك سۇنغان كۆلكىسى،
ياز ھەققىدە مەرسىيە ئوقۇپ
يىغلىشىدۇ قاغىلار توپ - توپ
يېپىنچاقلاپ.
ئىللىق چۈشلەرنى،
قار گۈلىنىڭ يوغان بەرگىنى
يېپىنچاقلاپ،
ئويچان بۇلاق چانىقىدىكى،
تىپتىنچ ئاسمانىنى،
يېپىنچاقلاپ.
كۆك قالپاقلىق مورىلار بەرگەن
گۈگۈمدىكى رەڭدار چاپاننى
ئاق تۇشقاندەك ئۇخلايدۇ دالا.

كۈمۈش گۈللۈك جىگدىزارلىقتا
ئىبقىپ چۈشۈپ شاخلاردىن ئاستا
قار ئۈستىدە نەپىس ئاي نۇرى
تۇقۇماقتا گۈللۈك كەشتىلەر.
پەرىشتىلەر
ئەللەي ئېيتىپ قوي، كاللارنى،
زەر قاناتلىق شوخ باللارنى
پىچان باسقان ئۆگزىلەرنى ھەم.
تىمتاس كەنتكە،
ئۇلاشتۇرار تاتلىق ئۇيقۇنى،
جىن چىراغنىڭ سۇس شولىسىدا
كۆرۈنىدۇ نۇرلۇق تىملەكلەر،
كۆتۈرگەنچە سەن ئۇندا
دەستە - دەستە ئۈممىدنى،
شولىلاردىن پىلدىرلاپ چىقىپ،
خىيالىمغا ئۇيۇسەن نەقىش.

يىراق سەھرا ئۇيپۇقلىرىدا
كېتىۋاتقان يات يولۇچىنىڭ،
كۆلەڭگىسى كۆرۈندى غۇۋا.
ئۇ بەكمۇ بەك ئوخشايتتى ساڭا،
ئۇ بەكمۇ بەك ئوخشايتتى ماڭا،
ھەر ئىككىمىز ئەمەس ئۇ ئەمما.

چىمەنگۈل ئاۋۇت

## پاك ھەم يۇمران ئەقىدە گۈلى

### ھىجران

چۈچۈگەن كېپىنەكنىڭ مەسۇم كۆزىدەك —
مۆلدۈرلەپ، تەشۋىشتە ياش تۆكەر چولپان.
تولغىنىپ - تولغىنىپ ھەسرەتلىك تىنىپ،
يامغۇرلۇق يوللارنى ئەسلەيدۇ جانان.

ئەقىدە سۈيىگە چىلاشقان نۇرلار،
ئۇيغان ئويچان كۆز قاراقلىرىغا.
كۆز پەسلى قالدۇرغان ئاداققى ياپراق،
شىلدىرلار شامالنىڭ ئاياغلىرىدا ...

### ياشلىق

تاراپ كەتكەن ئاپئاق تۇمان ساماغا،
سەبىيلىكنىڭ كۆلكىسىگە ياندىشىپ.
گىرىمسەن نۇر تېنەپ قالغان دالىدا،
چۈشلەر يۈرەر خىيال بىلەن ئارلىشىپ.

## ۋايىپ سەمەندەر

ئۈيىقۇ بىلەن قاپتۇ چىرمىشىپ،
ئۇماق كۆلكەم بۆشۈكتە پىنھان.
كۈۋەجەيدۇ ئالدىمدا دەريا،
ناخشا توۋلاپ مۇڭلۇق ھەم لەرزان.

يۈرىكىمگە تۇيدۇرماي ئۈنسىز
قونۇۋاپتۇ خىيال كەپتىرى.
كۆچۈۋاپتۇ غۇۋغاسىز يەرگە
سەبىي تاينىڭ قىيغىتىشلىرى.

بالىلىقىم ئىزگۈ ھېسلارغا،
ئاھ، يەم بولۇپ تۈگەپتۇ تامام.
ھېس قوينىدا بولدۇم سەمەندەر
ئەمدى قاچان تاپارمەن ئارام؟

## قارىسىمان دىلبەر

ئاقۇش نۇردىن سالغا تاشلايدۇ،
سۈت رەڭ بۇلۇت مىسكىن بۇلاقتا.
ھىلال ئېيتقان ھېجران كۈيلىرى
سىڭىپ كېتەر نەمخۇش تۇپراقتا.

چۆمۈلىدۇ ئاچچىق ياشلارغا
پاك ھەم يۇمران ئەقىدە گۈلى.
تېنەپ يۈرەر ئازاب چۆلىدە
ساپ سۆيگۈنىڭ قاردەك دىلبىرى...

## قارىچۇقلىرىم كۆتۈرۈپ تاغنى

دىل خانەمدە چاقىدۇ چاقماق،
يامغۇرنى قۇيار كۆزلىرىم،
جۈت - شىۋىرغان كېلىدۇ باشلاپ،
ھەر دەقىقە ئېيتقان سۆزلىرىم.

سوغ نەزەردە باقسام شاخلارغا،
قاچار قۇشلار ئەنسىز چۆچۈشۈپ،
قارىچۇقلىرىم كۆتۈرۈپ تاغنى،
پاك ئۆپۈقتا كەتتى كۆچۈشۈپ.

## ماۋزۇسىز

1

يېشىل قىرغاق قۇچىقىدا نەرگىس گۈلى،
توسۇن تايلار چاپچىپ ئۆتەر قىيالاردىن.
غايىبلىقتىن ئىزدەپ يۈرگەن ناخشىلارنى،
غىلپال تىڭشاپ قالار مىسكىن جىرالاردىن.

قارلىق چوققا شىۋىرلايدۇ ئۈزۈپ، ئۈزۈپ،
تېنىق كۆلنىڭ بۇزۇپ شېرىن چۈشلىرىنى.
ئوت كۆتۈرگەن ئىسسىق شامال ئارام بەرمەي،
ئۇخلاتمايدۇ قىيناپ كۆچەت ئۇچلىرىنى.

2

كىرپىكىمدە لىغىلدايدۇ ياش،
چېچەكتىكى شەبنەم سۈيىدەك.
ئۇھ، تارتىمەن ھەر دەقىق تىنماي،
بۇلبۇللارنىڭ دەردلىك كۈيىدەك.

ئەمدى قەلبىم يورىغان تېخى،
شۇنچە ئاسان قالدىمۇ ھېرىپ؟
قانداق باساي ھايات يولىنى،
قىيالارنىڭ لېۋىدە مېڭىپ.

**مۇھەممەت شاۋۇدۇن**

# تۇپراق ۋە گۈل

«تارىم» 40 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ مۇساپىسى قىسقا، ئەگرى-توقاي بولسىمۇ، ئەمما تولىمۇ خاسىيەتلىك، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى. ئۇ 40 يىل جەريانىدا كۆپلىگەن ئەدىبلەرگە ئانا، مېھرىبان تەربىيىچى، سەزگۈر سىنچى، تەلەپچان باشلامچى بولدى. قىسقىسى، ئۇ تەڭرى تاغ ئېتىكىدىكى ئىجادكارلار بۆشۈكى، ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى بولدى. ئۇ مۇنبەت تۇپراق، كەڭ مەيدان، ئازادە سەھنە بولۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. «تارىم» نىڭ مەيدانىغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ئاپتورلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆستى، زورايدى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىلگىرى سۈرۈلدى، گۈللەندى... بۈگۈن «تارىم» نىڭ باغرىدىن ئۇزۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ تەربىيىسى ۋە ئەجرى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن نەچچە يۈزلىگەن ئەدىبلەر، مۇھەررىرلەر، ئەدەبىي تەرجىمانلار، ئوبزورچىلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن تەربىيىسى ۋە ئەجرىنى ئەسلەپ، «تارىم» نىڭ خىزمىتى ۋە تۆھپىسىگە بارىكاللا ئېيتىماقتا، ئۇنىڭ 40 يىللىق تويىنى مۇبارەكلىمەكتە.

مەنمۇ «تارىم» نىڭ پەرۋىشى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاپتورلارنىڭ بىرى. «تارىم» نىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن تەربىيىسى ۋە ئەجرى ئاز ئەمەس. مەن يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بۇلارنى ئەسلەپ، تولىمۇ ھاياجانلانماقتىمەن. ئۆتكەن بەزى ئاددىي، كىچىك ئىشلار ھازىر ماڭا ئاجايىپ قىممەتلىك، غايىۋى، تولىمۇ تەسىرلىك بولۇپ تۇيۇلماقتا.

*   *

باغجانلاپ ئۆسكەن يوغان قارىياغاچلار ۋە تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان، تىزغىنچە كېلىدىغان قويۇق ئوت-چۆپلەر سولىشىپ شالاڭلىشىپ، ئۇ-

رۇمچىنىڭ يامالىق تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان بۈك-باراقسانلىق سەنپەنكو يېزىسىدا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يېشىللىق ئازىيىپ، ئەتراپنى كۈز مەنزىرىسى قاپلىغان كۈنلەر ئىدى. ئۇ چاغدا سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مۇشۇ يېزىدا ئىدى. بۇ يېزا شەھەردىن يىراق خىلۋەت جاي ئىدى. ئۇ كەملەردە قاتناش قولايسىز بولغاچقا، ئادەتتە بۇ يەردىن شەھەرگە كىرىپ-چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئاز ئىدى. شۇڭا شەھەرگە كىرىپ چىقىدىغانلار باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ياكى بىز قىزىقىدىغان ئىشلار توغرىسىدا خەۋەر ئالغاچ ياكى ئۇنى بېجىرگەچ كېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. بولۇپمۇ يېڭى كىتاب، شۇكەمدە بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال بولغان «تارىم» نىڭ نۆۋەتتىكى سانىغا فاكۇلتېتىمىزدىن بىرەرسىنىڭ ئەسىرىنىڭ تەييارلانغانلىقى توغرىسىدا ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ بىرەر ئۇچۇر ئالغاچ چىقىش بىزنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلاتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتى بولاي دېگەن چاغ ئىدى. بىز ياتاقتا بىرنەچچەمىز بىر نېمە ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشىپ ئولتۇراتتۇق. شۇ كۈنى شەھەرگە كىرىپ كەتكەن بىر ساۋاقداش ئىشىكتىن كىرىپلا، خۇش خەۋەر، دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بىر قولىدا ژۇرنالنى يۆگەپ كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىز دەرھال قىزىق پارىڭىمىزنى توختىتىپ ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدۇق. بىرسى ئۇنىڭ قولىدىن ژۇرنالنى تارتىۋېلىپ ئاچتى. بۇ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» («تارىم» نىڭ بۇرۇنقى نامى) نىڭ 1957-يىللىق 9-سانى ئىدى. مۇندەرىجىدىن مېنىڭ ئىسمىم كۆرۈنگەندە ھەممەيلەن چۇرقىرىشىپ كەتتى. بۇ مېنىڭ بۇ ژۇرنالغا تۇنجى قېتىم بېسىلغان «تاڭدىكى ناخشا ئاۋازى» دېگەن شېئىرىم ئىدى. ژۇرنالنى قولىغا ئېلىۋالغان ساۋاقدىشىم ئۇنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى...

شۇ كۈنى مەن تولىمۇ ھاياجانلاندىم. گەرچە بۇ مېنىڭ شېئىرىمنىڭ مەتبۇئاتتا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىشى بولمىسىمۇ، بۇ شېئىرىمنىڭ «تارىم» دا ئېلان قىلىنىشى مېنىڭ ئۈچۈن كاتتا ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغۇم كەلمەيتتى. چۈنكى مەن كىچىكىمدىن باشلاپ شېئىرغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان «تارىم» نىڭ مەن ئۈچۈن سىرلىق تۇيۇلغان كاتتا دەرۋازىسىغا تەلپۈنۈپ، ئۇنىڭ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىپ كەلگەن!

ئەسلىسەم، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىن باشلاپ مەندە شېئىرغا ھەۋەس تۇغۇلۇشقا باشلىغانىكەن. مەن شۇ چاغلاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئوقۇش كىتابىدىكى شېئىرلىرىنى تولىمۇ قىزىقىپ ئوقۇيتتىم ۋە بەزىلىرىنى يادلىۋالاتتىم. بولۇپمۇ ئەلقەمكامنىڭ «قىش»، تېيىپجىنكامنىڭ «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» دېگەن شېئىرلىرىنى تولىمۇ ياقتۇراتتىم. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزى مىسرالىرى ھېلىغىچە يادىمدا. ئوقۇش كىتابىغا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلار مېنىڭ نەزىرىمدە ئەۋلىيا سۈپەت ئادەملەر ئىدى. مەن ئۇلارنى غايىبانە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ئىخلاس بىلدۈرەتتىم. ئومۇمەن، شېئىر يېزىش، شائىرلىق ماڭا ئاجايىپ سىرلىق، كارامەت ئىش بىلىنەتتى، ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن بىر قىش ئاخشىمى ئۇدۇل ئوچاق ئالدىدا ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپ ئاپامدىن سورىدىم:

— ئاپا، شېئىرنى قانداق ئادەم يازىدۇ؟ ناخشا قانداق چىقىدۇ (ئىجاد قىلىنىدۇ)؟

بۇ مېنىڭ 8 – 9 ياش چاغلىرىم ئىدى. كىچىك بالىنىڭ سورىمايدىغان نەرسىسى ئاز بولىدۇ. ئاپام بۇ سوئالنى سورىغىنىمغا مەسىلىكى كېلىپ، بېشىمنى سىيلاپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى:

— بىر يەردە شائىر دەيدىغان ئاجايىپ ئادەملەر بارمىش، شېئىرنى شۇلار يازىدىكەن. ئۇنداق ئادەملەر بەك ئازمىش.

ئاپامنىڭ ناخشا توغرىسىدىكى سوئالىمغا بەرگەن جاۋابى تېخىمۇ سىرلىق بولغانىدى:

— بىر يەردە بىر دەريا بارمىش. ھەر كۈنى تاڭ سۇزۇلمەستە بىر پەرىزات دەريادىن چىقىپ ناخشا ئېيتارمىش. تاڭ ئاتقاندا بۇ ناخشا تەرەپ-تەرەپكە تارقىلارمىش...

بۇ گەپلەر نەقەدەر غايىۋى، نەقەدەر سىرلىق، نەقەدەر چىرايلىق-ھە؟! بۇ، رىۋايەت ياكى رىۋايەت تۇسىنى ئالغان خىيالىي گەپلەر بولسىمۇ، شېئىر ۋە شائىرنىڭ غايىۋىلىكىگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇن ئىدى. بەلكىم بۇ رىۋايەتمۇ بىرەر سەۋەب بىلەن پەيدا بولغان بولسا كېرەك. نېمە بولسا بولسۇن، مەن ئاپامنىڭ بۇ گېپىنى راست دەپ قاراپ، بۇنىڭغا شەك-شۈبھىسىز ئىشەنگەن. شۇڭا مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە شېئىر ۋە ناخشىغا نىسبەتەن ئاجايىپ بىرخىل غايىۋى، سىرلىق قاراش پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە بىزنى مەكتەپتىن كوچىدىكى بىردىنبىر كۇلۇب ھېسابلىنىدىغان «ئىتتىپاق» قا ئېلىپ باردى. بۇ مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. بۇ چاغدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. شۇ كۈنى بۇ يەردە قانداقتۇر بىر ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىكەن. بىركەمدە يىغىن باشقۇرغۇچى كوچا 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇرازاق قادىرنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بىر شېئىرنى ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇئان بويى پاكار، دوغىلاقىنە كەلگەن بىر بالا سەھنىگە چىقىپ، شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى. بۇ شېئىر يازغۇچىنىڭ كىچىككىنە بىر بالا بولۇشى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ شېئىرنىڭ كاتتا بىر گېزىتكە بېسىلىشى شۇ كۈنى ماڭا ھەممىدىن قىزىق، ھەيران قالارلىق چوڭ ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. بۇ ئىش مېنىڭ ئېڭىمغا پارتلاش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ماڭا غايەت زور ئىلھام بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەندە كۈچلۈك ئىنتىلىش ۋە شېئىر يېزىش جۈرئىتى پەيدا بولدى. قىسقىسى، يۈرىكىمگە بىر ئوت چۈشتى! شۇندىن كېيىن مەن «شېئىر - قوشاق» يېزىپ باقىدىغان بولدۇم. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، مەرھۇم ئۇستازىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئىلھامى بىلەن ئانچە-مۇنچە شېئىر، مەسەللەرنى يازدىم. بۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۇستازىم ئۆزى تۈزىتىپ، مەكتەپنىڭ قارا تاختاي گېزىتىگە ۋە شاپىگرافتا بېسىپ چىقىرىلىدىغان ژۇرنالغا چىقاردى.

مەن شۇ چاغدىن باشلاپ يېڭى بىر ئۇستاز، يەنە بىر مەكتەپ بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدىم. ئۇ، «تارىم» ژۇرنىلى ئىدى. بۇ ژۇرنالغا بېسىلغان شېئىرلار ماڭا ئاجايىپ سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىك تۇيۇلاتتى. مەن نېمىشقىدۇر ئارمىيە دامولا، ئەلقەم ئەختەم، تې-

يېپچان ئېلىيېۋ، ئابلىز ئازىرى، ئابدۇكېرىم خوجا، ئەرشىدىن ئاتىلىق، غەنىزات غەيۇرالى، مەھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ سۆيۈنۈپ كېتەتتىم.

مەن 1955 - يىلى قىشتا ئۆزۈمچە بىر داستان يازدىم. ئۇستازىم ئابدۇرېھىم ئىمىن ئۇنى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ بەلكىم مېنى رىغبەت- لەندۈرۈش ئۈچۈن تەۋەككۈلسىغا قىلىغان بىر ئىش بولۇش مۇمكىن. بۇنى ئەۋەتكەندىن كېيىن، قانداقتۇر ئۆزۈم شۇ ژۇرنالغا باغلىنىپ قالغاندەك، ژۇرنالنى ئويلايدىغان، ئۇنىڭ يېڭى سان- لىرىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدىغان، ئۇنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىسام نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كۆرمەي قويمايدىغان بولدۇم. بۇ ئەھۋال مېنى ژۇرنالغا تېخىمۇ تەلپۈندىغان بىر كويغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ژۇرنالغا يېپىشتىم، ئۇنىڭغا چىققان شېئىرلارنى ئۆزۈم- گە دەرسلىك ۋە ئەينەك، ئۈلگە - ئەنداز قىلدىم، شۇنداق قىلىپ ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا بارا - بارا تەربىيىلىنىپ قالدىم. لېكىن، يىراقتىن كىچىكرەك كۆرۈنگەن تاغ يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەندەك، «تارىم» ماڭا ھەيۋەتلىك، ئىچىگە كىرىش تەس كۆرۈنەتتى. شۇڭا «تارىم» غا تۇنجى شېئىرىمنىڭ بېسىلىشى مېنى ئۈمىد، ئىشەنچكە ئىگە قىلىپ قاناتلاندۇردى.

تۇنجى ئەسەر — تۇنجى قەدەم، دەسلەپكى كۆك، تۇنجى مېۋە، ئۈمىد چىرىغى! ئەدىب- نىڭ ئىجادىيەت جۈرئىتى ۋە كېيىنكى ئىجادىيەت قەدىمىنىڭ قانداق بولۇشىدا تۇنجى ئەسەرنىڭ تەسىرى ۋە رولى چوڭ. ئۇ توپ ئىچىدىن ئاۋۋال يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن ياكى بىر ئۆتكەلدىن باشلامچى بولۇپ ئۆتكەن سەركىگە ئوخشايدۇ. تۇنجى ئەسەرنىڭ بې- سىلىش - بېسىلماسلىقى، كۆپىنچە ھاللاردا شۇ ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت بوسۇغىسىدىن كىرىش- كىرەلمەسلىكىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ يېزىقچىلىققا كى- رىشىش - كىرىشەلمەسلىكنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرقى چېكى. بەزى ھەۋەسكارلار بىرىنچى قېتىم تەھرىر بۆلۈم ئىشىكىنى چېكىپ بېقىپ، سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بۇ يەرگە يولىمايدۇ. دېمەك، تۇنجى ئەسىرى چىقمىسا قەلەمنى تاشلىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، تۇنجى ئەسەر بېسىلسا، ئۇنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش رولى چوڭ بولىدۇ، يول ئېچىلىدۇ، ئۈمىد، جۈرئەت، ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ. ئۇ سىزنى يېڭى بىر يولغا باشلايدۇ. ئۇ، دەم - دەم تۇرۇپ ماڭغان بالىنىڭ تۇنجى قېتىم ماڭغىنىدا مېڭىشى ئوڭۇشلۇق بولسا شۇ- نىڭدىن كېيىن تېز ئايىغى چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بولىدىغان زىرائەت كۆكت- دىن مەلۇم، دېگەندەك، بەزىدە ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسىرىدىنلا ئۇنىڭ قەلىمىدىن ئۈمىد بار - يوقلۇقىنى — ئالانتىنىڭ ئالامىتى بار - يوقلۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاشۇ تۇنجى شېئىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىم ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزۈمگە يېڭىچە بىر تەلەپچانلىق پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدىم. بۇنىڭ تولىسى «تارىم» دا ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنغاندىمۇ ئارقا - ئارقىدىن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېلان قىلىندى. مەن شۇ كۈن-

لەردە تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئىلھاملاندۇرۇش خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالاتتىم. 1959 -
يىلى بۇ ژۇرنالنىڭ 7 - سانىدا «يۈرەك تەشەككۇرى» دېگەن تۇنجى داستانىم ئېلان قىلىنـ
دى. بۇ، 17 ياش ۋاقتىم ئىدى. 1960 - يىلى 5 - سانىدا «جاھان مۇكاپاتى» دېگەن تۇنـ
جى ئۇچېركىم؛ 1962 - يىلى 10 - سانىدا تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلغان ھېكايەم — موگـ
ۇل يازغۇچىسى ئودېبسىرنىڭ ھېكايىسى «ئالماس ناخشىسى»؛ 1963 - يىلى 10 - سانىدا
تۇنجى چوڭ تىپتىكى شېئىرىي تەرجىمەم — خې جىڭجىنىڭ مەشھۇر داستانى «10 يىللىق
مەدھىيە» ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ مەن شېئىرىيەت، نەسىر، ئەدەبىي تەرجىمە
جەھەتتىن مېۋە بېرىپ، ژۇرنالنىڭ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تايانچ ئاپتورىغا ئايلىنىپ قالدىم.
ژۇرنال مېنى يەنىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، قولىدىن كېلىشىچە قوللاپ قۇۋۋەتلىدى، يۆلىدى.
بولۇپمۇ شۇ چاغلاردا ژۇرنالغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان پەتتارجان مۇھەممەدىنىڭ يار-
دىمى ۋە تەربىيىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ، ياش تالانت ئىگىلىرىگە تولىمۇ كۆيۈنـ
دىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بىزگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۆز تەگتۇشى، يېقىن دوستلىرىدەك
قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ھەرگىز كىبىرى كۆرسەتمەي، ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى. بىزمۇ
ئۇنى يېقىن كۆرەتتۇق. بىز ئۇچراشقاندا ئۇ بىزگە ئىجادىيەت توغرىسىدا پايدىلىق گەپ-
لەرنى قىلىپ بېرەتتى، ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى. ئۇ بىزنى ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا
ئىدىيە جەھەتتىن پات - پات سەگەكلەشتۈرۈپ، ئىجابىي - سەلبىي جەھەتتىكى بەزى ئەھۋال-
لار، تەجرىبە - ساۋاقلاردىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئىجادىيەتتىكى ئۇتۇقلىرىمىز ۋە ياخشى
تەرەپلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ماختىسا، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىمىزنى ئايىماي كۆر-
سىتىپ بېرەتتى. بىز ئۇنى كۆيۈمچان ئۇستاز، ياخشى يېتەكچى ھېسابلايتتۇق. پەتتارجان
1964 - يىلى خىزمەت ۋە داۋالىنىش بىلەن بىر مەزگىل بېيجىڭدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ چاغدىمۇ
بىزگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۇنتۇماي ماڭا بېيجىڭدىن خەت يېزىپ، مېنى سىياسىي - ئىدىيە
جەھەتتىن ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتتە داۋاملىق ئالغا
بېسىشقا ئىلھاملاندۇرغانىدى.

لۇشۈن «تالانت ئىگىلىرى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن» دېگەن ئەسىرىدە «ياخـ
شى گۈل كۆرىمەن دېسەڭ، جەزمەن ياخشى تۇپرىقىڭ بولسۇن، تۇپراق بولمىسا گۈل بولمايـ
دۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇپراق گۈلدىنمۇ مۇھىم» دېگەن ئىكەن. شۇنداق، تۇپراق بولمىسا،
گۈل بولمايدۇ. تۇپراق قانچە مۇنبەت - ئۈنۈملۈك بولسا، گۈل شۇنچە ئايىنىپ، چىرايلىق
ئېچىلىدۇ. «تارىم» 34 يىلدىن بۇيان مەن ئۈچۈن مۇنبەت «تۇپراق» بولۇپ كەلدى. بۇ
جەرياندا مەن ئەمدىلا تۇپراق يېرىپ چىققان بىختىن كۆكىرىپ مايسىغا، بارا - بارا ئاينىپ
نوتا ۋە كۆچەتكە ئايلاندىم. ئۆزۈمگە تۇشلۇق مېۋە بەردىم.

يېقىندىن بۇيانقى ماقالىلەردە «تارىم» نىڭ تۆھپىسى ھەر جەھەتتىن تىلغا ئېلىندى.

مېنىڭچە، «تارىم» نىڭ ھەممىدىن مۇھىمراق بىر تۆھپىسى ئۇنىڭ «ياخشى تۇپراق» بولۇپ كەلگەنلىكىدە. ئۇ، 40 يىل مابەينىدە نۇرغۇنلىغان تالانت ئىگىلىرى — ئۈمىدلىك بىخ ۋە مايسىلارغا «ياخشى تۇپراق» بولۇپ كەلدى. يەنى نۇرغۇنلىغان تالانت ئىگىلىرىنى بايىقىدى، يېتەكلىدى ۋە يېتىشتۈردى. بۇ «تارىم» نىڭ زور ئۇتۇقى، ئۇزىمەي داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ياخشى ئەنئەنىسى.

ھازىر دۇنيادا تالانت ئىگىلىرى بايلىقى ھەممىدىن مۇھىم بايلىق ھېسابلانماقتا. ئىلىم - پەن، تېخنىكا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا تالانت ئىگىلىرىگە بولغان تەلەپ - ئېھتىياج ئاشماقتا. تالانت ئىگىلىرى قانچە كۆپ بولسا، بىر دۆلەت ياكى مىللەت ئىقتىساد ۋە پەن - مەدەنىيەت جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈپ، تەرەققىي قىلىپ، قۇدرەت تاپالايدۇ، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، تالانت ئىگىلىرى قانچە كۆپ بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىپ، يۇكسەك ئورۇندا تۇرالايدۇ. شۇڭا «تارىم» نىڭ تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتەكلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى ياخشى ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ مۇھىم ئىش. تالانت ئىگىلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى. ئۇلار يېڭى باش كۆتۈرگەن ۋاقتىدا بىزنىڭ بايقىشىمىز، يۆلىشىمىز، پەرۋىش قىلىشىمىز ۋە ئۆستۈرۈشىمىزگە تولىمۇ موھتاج. ئۇلار بۇنداق چاغدا تولىمۇ نازۇك، سەبىي ۋە ئاجىز كېلىدۇ. ئەگەر ياخشى تۇپراقتا، ياخشى پەرۋىشكە ئىگە بولالمىسا ياكى زەربە يېسە، ئاسانلا نابۇت بولۇپ كېتىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسرىشىمىز، كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، بۇ، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ۋە ھەربىر مۇھەررىرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى.

مەن «تارىم» نىڭ ھەرقايسى ئۆزگىچە ئېچىلغان، رەڭگى، پۇرىقى، شەكلى، خىلى، تۈرى، قىممىتى، خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان گۇللەرگە تولغان گۈلزارىغا زوقلىنىمەن. بۇ گۈلزار «تارىم» نىڭ «ياخشى تۇپراق» ىدا ئۆسكەن، «تارىم» يېتىشتۈرگەن گۈل - چېچەكلەردىن ھاسىل بولغان. مەن بۇ گۈلزارنىڭ گۈللىرىنىڭ خىلى ۋە تۈرىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى، ئۇنىڭغا يېڭى - يېڭى گۈل سورتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى تىلەيمەن. «تارىم» نىڭ مۇنبەت تۇپرىقىلا بولىدىكەن، بۇنداق گۈللەر تېخىمۇ كۆپەيگۈسى، گۈلزار تېخىمۇ كېڭەيگۈسى، ئەل - جاھاننى تېخىمۇ زوقلاندۇرۇپ، تاڭ قالدۇرغۇسى!

مەتتىمىن ھوشۇر

# بۇرۇت ماجراسى

(ھېكايە)

يەكشەنبە كۈنى ئايلىنىپ كەلمەك بولۇپ كوچىغا چىقۋىدىم، كىمدۇر بىرى ئارقامدىن دولامغا شاپىلاقلىدى، بۇرۇلۇپ قاراپ، ئېسىل كاستيۇم-شىم كىيىپ، قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر كىشىنىڭ ماڭا كۈلۈپ، قول ئۇزىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— ياخشىمۇ سىز؟ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن، — دېدى ئۇ.

— رەھمەت! — دەپ قولىنى سىقتىم.

— رەھمىتىڭىزگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر بىلدۈرۈشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز! — دېدى ئۇ.

بۇ كىم بولغىيدى دەپ ھەيرانلا قالدىم، كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىۋىدى، ئېسىمگە كەلدى.

— ھە، سىز ھېلىقى ھېكايىنىڭ ...

— شۇنداق، شۇنداق، تونۇۋالدىڭىز، زېھنىڭىزگە ئاپىرىن! سىزگە «ساراڭ» دېگەن ھېكايىنى ئاپىرىپ بەرگەن كىشى بولىمەن.

— كېيىم-كېچەك، گەپ-سۆزلىرىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، تونۇماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.

— مەن سىزگە دېگەنتىمغۇ؟ زامان ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئۆتكەندە مەن سىزنىڭكىگە كىيىپ بارغان كونا چاپىنىمنى خوتۇنۇم ھازىر نان ياققاندا تونۇر بېشىدا كىيىپ يۈرىدۇ. يازغان ئەسىرىمنىڭ ژۇرنالغا بېسىلغىنىنى كۆرۈپلا مانا بۇ كاستيۇم-شىمنى سېتىۋالدىم ... چەت ئەلنىڭ شىلەپىسىدىن بىرنى دەمسىز؟ ئادەمنىڭ بېشىدا گارشۇكنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇ نېمە بىلەن پەقەتلا خوشۇم يوق. ئادەملەر ئۇنى ياراشقىنىدىن كىيىپ يۈرىدۇ، دەمسىز؟ مەن سىزگە ئېيتاي، چەت ئەللىكلەر ھېلىغۇ شىلەپە ئىكەن، بېشىغا شاپاقنى كىيىپ كەلگەن بولسىمۇ، قاراڭلار، بىر ئۇبدان يارىشىدىكەن-ھە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز بۇنى نېمىشقا كىيمىگەندىمىز! دەپ شۇنىمۇ كىيىدىغانلار چىقاتتى. سەپسالغانسىز، بەزى زاڭلار ھازىر توي-تۆكۈنلەردە تاۋاقتا ئازراق پولونى ئاشۇرۇپ قويۇشنىمۇ «مەدەنىيەت» دەپ بىلىدىغان بولدى. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ياپونلۇقلار سىناق قىلىپ ئاتقان بىر بومبا ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ تېخى چۈش-

مەيۋىتىپتۇدەك. ئىككىنچى ئاي كىرە-كىر-
مەيلا ئىللىق شامال چىقىۋاتقىنىنى قارا ڭ،
بازار چۆكىلەپ يۈرگىچە مەھەللىڭىزدە
لەگلەك چىقارسىڭىز بولمامدۇ؟
«ساراڭ» نىڭ ئاپتورى ئەنە شۇنداق
تاغدىن-باغدىن سۆزلىگىلى تۇردى، ئۆت-
كەن-كەچكەنلەر نىمە دەپ قىلىۋاتىدىكىن،
دەپ ئەتراپىمغا قاراپ قويدۇم، خۇدايا
شۈكرى، ھىچكىم بىزنىڭ گەپ سۆزىمىزگە
دىققەت قىلماپتۇ.
— پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭىزمۇ؟ —
دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.
— ھە، ھە...تاپشۇرۇپ ئالدىم، بىكار-
لا ئەۋەتىپسىز، ئەسەرنى ئۆزىڭىزنىڭ نامى-
دا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قەلەم ھەققى-
نىمۇ بەھوزۇر خەجلەۋەرگەن بولسىڭىز بو-
لاتتى، ھېكايەمنى ئوقۇپ قانچىلىك خوش
بولغىنىمنى دېمەمسىز، شۇ خۇشاللىقىمدا يە-
نە بىر ھېكايە يېزىۋەتتىم، شۇنداق قىلىپ،
مەنمۇ يازغۇچى بولۇپ قالىمەنمۇ قانداق؟
يازغۇچى دېگەنلەرنىڭ بەزىلىرىنى خىيالىغا
كەلگەننى توقۇپ، ئوقۇغۇچىنى يالاڭ قات
يىپتا ئۇچۇرۇپ ئوينايدىغان نېمىلەرمىكىن
دەيمەن. بۇمۇ ئىزا تارتماي سۆزلەۋەرسە
چاقچاقچى بولۇپ قالغاندەك بىر گەپ،
دەگە؟!
ئۇ شۇنداق «مەنسى چوڭقۇر»، چۈ-
شىنىكسىز گەپلەرنى قىلغىنىچە قوينىدىن
بىر تۇتام ئورىگىنالنى ئېلىپ، قولۇمغا تۇت-
قۇزۇپ قويدى.
— ھېلىقى تۇكۇرۇك توغرىسىدىكى
ئەسىرىڭىزمۇ نېمە؟
— ئۇ گەپلەرمۇ ئېسىڭىزدىن چىق-
ماپتۇ-ھە؟ ئۇنىمۇ يېزىپ قالارمەن، بۇ-
نىڭدىكىسى باشقا گەپ، — ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭدى-
دە، بىر-ئىككى قەدەم باسمايلا يەنە ئار-
قىسىغا قاراپ، — ھېلىقى كېلىشكىنىمىز بويى-
چە بۇنىمۇ ئۆز نامىڭىزدا ھەيدەۋېرىڭ، —
دەپلا كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىپ
بولدى.
قولۇمدىكى ئورىگىنالغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ
قالدىم، كوچا ئارىلاشتىن يالتىيىپ، ئۇدۇل
ئۆيگە يېنىپ كەلدىم، ئوقۇسام، ئۇنىڭ بۇ
يېڭى ھېكايىسىدا مۇنۇ ۋەقەلەر يېزىلغانىكەن.

*　　　*

بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملاۋېتىپتۇدەك،
دەپ ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، نوپۇسقا خەت-
لىگەننى، مەھەللىدە ساۋاتسىزلارنى، ئەخلەت
پۇلى تۆلىمىگەنلەرنى تىزىملىغاننى كۆرگەن؛
مۇشۇ ياشقا كېلىپ بۇرۇت قويغانلارنى تى-
زىملىغاننى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن، توغرا،
ھېلىقى بىر يىللاردا ساقال-بۇرۇتلارنى
قايچىلىغاندەك ئىشلار بولۇۋىدى، يەنە شۇن-
داق بىر پالاكەت يۈز بەردىمۇ-يە؟!
تۇرۇپلا ئۆز-ئۆزۈمدىن ئەندىشىگە
چۈشۈپ قالدىم. كوچىغا چىقسام، مەھەللى-
مىزنىڭ قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان كې-
لىۋاتقانىكەن، نېمىلا بولسۇن، بىر سوراپ-
باقاي، دەپ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتىم.
— ئۆمەرجان، بۇرۇتى بارلارنى تى-
زىملاۋېتىپتۇدەك، دەپ ئاڭلىۋىدىم، راستمۇ؟
ئۆمەرجان توختاپ، ماڭا تازا بىر قا-
رىۋەتتى-دە:
— بەللى، سىلە قاچانىنىڭياقى بۇرۇت
قويۇۋالغانتىڭلار؟ — دەپ ھەيران بولدى.
— بىرەر يىلچە بوپقالدى، قارىسام-
سىلە، بىزنىڭ ھېلىقى چوڭ ئوغۇل ئەخەت-
جان قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق، ھالىغا
باقماي بۇرۇت قويۇۋېلىپ، مېنى خىجىل
قىلىپ قويدى، بالا بۇرۇت قويغان يەردە
ئاتا بولغان ئادەم تاپتاقىرلا يۈرسەك بىر

قسما تۇرىدىكەن.
ــ مۇنداق دەگىلا، ــ دەپ ئەتراپىمغا قاراپ
پىچىرلىدى ئۇ، ــ سىلىنىڭ ماۋۇ بۇرۇتۇڭىلىـ
غۇ ئۇنچە گۇمانلىنىپ كەتكۇدەك بۇرۇت
ئەمەسكەن. تۆت ـ بەش كۈنىنىڭ ئالدىدا
مۇنۇ بازاردا سىلىگە ئوخشاش ئېگىز بوي،
شاپ بۇرۇتتىن بىرسى كۆپكۈندۈزدىلا پىچاق
كۆتۈرۈپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولغان ئوخـ
شايدۇ، هازىر بازار باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇ
ئىشنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ...
ئۆمەرجان شۇنداق ئۇچۇر بېرىپلا
ئۆتۈپ كەتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن
تۈتۈن چىقىپ كەتتى، بويۇمنىڭ ئېگىزلىكى
بېشىمغا بالا بولامدۇ، قانداق؟ ئۆمەرجانـ
ىنىڭ «سىلىنىڭ بۇرۇتۇڭىلىغۇ ئۇنچە گۇمانـ
لىنىپ كەتكۇدەك بۇرۇت ئەمەسكەن» دېگـ
ىنىگە قارىغاندا، خۇداغا شۈكرى، ھېلىقى
قاتىلغا بويۇم ئوخشىغان بىلەن بۇرۇتۇم
وخشىمىسا كېرەك. شاپ بۇرۇت دېگىنى
قانداق بۇرۇت بولغىيدى؟ بۇرۇنلاردا ھەـ
ۋەسكە بۇرۇت قويۇپ، بۇرۇتىنىڭ ئىككى
ئۇچىنى قۇلىقىغا يۆگىۋالىدىغانلار بولىدىغان،
دەپ ئاڭلىۋىدىم. شاپ بۇرۇت دېگىنى شۇنـ
دىغىدىن بولسا كېرەك. بۇرۇتۇمنى سىيلاپ
قويدۇم، ھەر ھالدا مېنىڭ بۇرۇتۇم يوقنىڭ
ئورنىدىكى كۆتمەك بۇرۇتلاردىن ئىدى. ئازـ
راق خاتىرجەم بولۇپ ھويلىغا قايتىپ كىرـ
دىم. پېشايۋاندا ئېگىشىپ تۇرۇپ ئايىغىنى
مايلاۋاتقان ئوغلۇمنى كۆرۈپ، يەنە ئەرۋاـ
ھىم ھۆركىدى. ئۇنىڭ بۇرۇتىنىڭ مۇنچىۋالا
يوغانلىقىنى نېمىشقا بايقىمىغاندىمەن!
ــ ئەخمەتجان، ماڭا بىر قارىغىنا!
ــ نېمە؟ ــ دەپ مەن تەرەپكە قارىدى
ئۇ.
خۇداغا ئامانەت! ئوغلۇمىنىڭ يۇقىرىـ
قى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە خۇددى كىچىكـ
رەك بىر ياقىلىقنى بېكىتىپ قويغاندەك قوـ
يۇق، قاپقارا بۇرۇت ئېسىلىپ تۇراتتى.
مۇنداق بۇرۇتنى قويۇپ بېرىدىغان بولسا
تۆت كۈندىلا قۇلاققا يېتىدۇ ـ دە!
ــ ئاۋۇ نېمەڭنى بۈگۈنلا يوقات!
ــ نېمىنى دەيسەن؟
ــبۇرۇتۇڭنى دەيمەن.
ــ مېنىڭ بۇرۇتۇم نېمىگە تاقاشتى،
دادا؟ سېنىڭمۇ بۇرۇتۇڭ بارغۇ، ھازىر ھەمـ
مە ئەركىشى...
ــ قۇرۇق گەپنى قوي، ھازىرلا ئىكـ
كىمىز ساتىراشخانىغا بېرىپ بۇ بالا ـ قازانى
يوق قىلىمىز، ئاڭلىدىڭمۇ!؟
مەنغۇ مەيلى، ئوغلۇمغا بۇرۇتنى ئالـ
دۇرۇش خۇددى كاللىسىنى ئالدۇرماقچى
بولغاندەك ئېغىر كەلدى. بۇ يەرـ
گە كەلگەندە ئاتىلىق ھوقۇقۇمنى ئايىماي
ئىشلەتتىم. ھېچبولمىغاندا بىر رەسىمگە
چۈشۈۋالاي، دېگىنىگە قويماي ھەيدەپ ئاـ
پىرىپ، كالپۇكىنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى ياـ
قىلىقنى ئالغۇزۇۋەتتىم، ئاتا ـ بالا ئىككىمىز
تۇمشۇقىمىزنى چوپسا سالغان بوتىدەك پارـ
قىرىتىپ، ساتىراشنىڭ ئورۇندۇقىدىن قوپـ
تۇق. ئەينەككە قاراپ، قىلغان ئىشىمدىن
مەمنۇن بولدۇم، ئىسمايىل ساتىراش بەرـ
گەن پۇلۇمنى غەللىگە سېلىپ تۇرۇپ:
ــ توۋا دەيمەن، ئاتا ـ بالا ئىككىڭـ
لارنى قوشقاندا، بۈگۈن ساتىراشخانىمىزغا
كېلىپ بۇرۇتىنى غىردىتىۋەتكەنلەر يىگىرمىـ
دىن ئېشىپ كەتتى، ــ دەپ ماڭا قاراپ
سىرلىق ھىجىيىپ قويدى.
بۇ ساتىراش ماڭا ئوخشاش تىزىملا
نىپ قېلىشتىن قورقۇپ بۇرۇتىنى ئالدۇرۇـ
ۋەتكەنلەرنى پايلاپ يۈرەمدۇ ـ قانداق، دېـ

گەن بىر گۇمان كۆڭلۇمدىن كەچتى.

ئويلىغىنىمدەك بولدى، كەچتە ئۆيگە كېلىپ ئەمدىلا بىر يۇتۇم چاينى ئۇتلاپ تۇرۇۋىدىم، هويلىدىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، دېرىزىدىن قارىسام، دەرۋازا ئالدىدا قوغداش هەيئىتى ئۆمەرجان تۇرۇپتۇ، ئالدىراپ ئالدىغا چىقتىم.

— بۇرۇت قېنى؟ — دېدى ئۇ ئەپتىمگە قاراپ.

— سىلىدىن هېلىقى گەپنى ئاڭلاپ، بىرىپلا چۈشەرگۈزۈۋەتتىم.

— نېمانداق خۇدۇكى بار ئادەمدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرىيدىغانسىلەر! — دېدى ئۇ تېرىككەندەك بولۇپ، — بۇرۇتۇڭلىنى ئالغۇزۇۋەتكىنىڭلار بازار باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، سىلىنى ئەتە ئەتىگەندە بازارلىق هۆكۈمەت ئىدارىسىگە بىر كەلسۇن، دەيدۇ...

يېڭى كەلگەن بازار باشلىقىنى ناهايىتى ئاچچىقى يامان ئادەم، دەپ ئاڭلىۋىدىم، قوغداش هەيئىتىنىڭ خەۋىرى ئارامىمنى بۇزدى.

* *

كەچلىك تاماقىمنى ئىچىپلا ئۆزۈمنى ئورۇنغا تاشلاپ خىيالغا پاتتىم، ئايالىم قاچا-قومۇچنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، دۈگىلەكلىۋالغان توشۇك يېپلىرى بىلەن ئۇزۇن بېگىزلىرىنى ئېلىپ، ئودۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ پوپايكا توقۇشقا ناهايىتى چېۋەر ئىدى، بىكار بولۇپ قالسىلا بۇزۇلغان، كونىرىغان يۇڭ كېيىملەرنى چۇۋۇپ، باشقىدىن توقۇش بىلەن مېلىكە بولاتتى، قولىغا بېگىز چىققىشى بىلەن ئاغزىمۇ تەڭ گەپكە تېگەتتى. گېپى توختاپ قالسا، قولىمۇ توختاپ قالاتتى.

— ئاتا-بالا ئىككىڭلار نېمە بولدۇڭلار؟ — دېدى ئۇ توقۇشنى باشلاپ.

— نېمە بوپتىمىز؟

— بۇرۇت قويۇپ تاراقشىپ كېتىۋىدىڭلار، بۈگۈن بىرىپ تەڭلا يوق قىلىپ كەپسىلەرغۇ؟

يۈرىكى ئاجىز بۇ خوتۇنغا راست گەپنى ئېيتقۇم كەلمەي:

— بۇرۇت دېگەننى بىر قېتىم ئالغۇزۇۋەتكەنگە يوق بولۇپ كېتىدىغان نەرسە دېۋېدىڭمۇ؟ قويغىمىز كەلسە يەنە ئۇن كۈنگە قالمايلا ئۆسۈپ تەييار بولىدۇ، — دەپ قويدۇم.

شۇنىڭ بىلەن ئايالىم پالانچىنىڭ بالىسى بۇ يىلمۇ ئىمتىهاندىن ئۆتەلمەپتۇدەك، پوكۇنچى ئىزا تارتماي ئۆزىنى مېنىڭدىن ئىككى ياش كىچىك دەپ يۈرگىدەك، پۇستانچى يەنە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئۇششاق گەپلىرىگە چۈشۈپ كەتتى. قولىقىمغا ئۇنىڭ بىرمۇ گېپى كىرمەيتتى، كۆزۈمگە ئۇنىڭ توختىماي مىدىرلاۋاتقان كالپۇكلىرى قانداقتۇر بىر مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتقاندەك، قولىدىكى بېگىزلەر بولسا شۇ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنگىلى تۇردى. ئۆمەرجان دېگەن هېلىقى شاپ بۇرۇت نېمە دەپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولۇۋىدىكىنە؟ بىر بۇرۇتلۇق ئىش تېرىسا هەممە بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملايدىغان بۇ قانداق تەكشۈرۈشتۇ؟ مەنمۇ نېمىدەپ ئالمان-تالمان بۇرۇتۇمنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ يۈرگەندىمەن، قېرىشقاندەك، هېلىقى شاپ بۇرۇتنىڭ بويىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئېگىز بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان ... شۇنداق

گادىرماش خىياللار بىلەن تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلىيالمىدىم.

سەھەرگە يېقىن دەھشەتلىك بىر چۈش كۆرۈپ، قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكەن بولسام كېرەك. ئايالىم مېنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋەتتى.

— ھوي، ھوي، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، كۆزىڭىزنى!

كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدىم بېشىمدا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان ئايالىمغا.

— نېمە بولدىڭىز؟

— مەن نېمە بوپتىمەن؟

— نېمانچە ۋارقىرايسىز؟

— ھە، چۈشەكەپ ۋارقىرىغان ئوخشىمامدىمەن؟ — يوتقاننى قايرىۋېتىپ، كارىۋاتتا پۇتۇمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئېسىمگە ئالدىم، — توۋا! ئادەم غەلىتە نېمىلەرنى چۈشەيدۇ ـ ھە.

— نېمە چۈشەپسىز؟

— چۈشۈمدە ئىككىمىز مۇشۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغىدەكمىز، سەن ھەدەپ بىر نېمىنى توقۇۋاتقۇدەكسەن، نېمە قىلىۋاتىسەن دەپ سورىسام، سىزنىڭ كونا پوپايكىڭىزنى چۇۋۇغانتىم، شۇنى باللارغا ئەپلەپ بىر نېمە قىلىپ بېرەيمىكىن دەيمەن، دېدىڭ. مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، خۇشال بولۇپ مېنىمۇ چۇۋۇپ، باشقىدىن توقۇپ باقساڭ بولمامدۇ؟ دېدىم، كۈلمە، راست ئاشۇنداق دېدىم، سەن، شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، بىراق، چۇۋۇپلا قويغاندىن كېيىن بەزى ئۈزۈلگەن ـ بۇزۇلغان يەرلىرىڭىز چىقىدۇ، قايتا توقۇغاندا بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ كېتىسىز، دېدىڭ، مەن كىچىكلەپ كەتسەم تېخى ياخشى، سادىغاڭ كېتەي خوتۇن، مېنى ھازىرلا چۇۋۇپ، تاڭ ئاتقۇچە بۆلەكتىن توقۇۋەتسەڭ، دەپ يالۋۇردۇم. سەن ماقۇل دەپ، كارىۋاتقا مېنى قىيپىيالىڭاچ قىلىپ ياتقۇزۇپ، پۇتۇمنىڭ بارماقلىرىدىن باشلاپ چۇۋۇغىلى تۇردۇڭ. بەدىنىمنىڭ چۇۋۇلۇۋاتقان يەرلىرىدە بىرسى مېنى يېنىك غىدىقلاۋاتقاندەك سېزىم ھاسىل بولدى، قىلچە ئازاب ھېس قىلماي ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ ياتتىم، چۇۋۇلۇپ كانىيىمغا كەلگەندە، يىپنىڭ بىر يېرى چىگىلىپ قېلىپ بوغۇلۇپ قالدىم، سەن قانچە ۋارقىرىساممۇ ئاڭلىماي يىپنى تارتىۋەردىڭ. دەم ئالالماي ئۆزۈمنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، كۆزۈمنى ئاچسام چۈشۈم، سەن يېنىمدا ئۆرە تۇرۇپسەن...

ئايالىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

— كۈلىدىغان نېمىسى بار؟ بۇ دېگەن چۈش!

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ئادەمنى قانداق چۇۋۇپ توقىغىلى بولىدۇ؟ قوپسىڭە، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىۋېتەي، — دېدى ئۇ.

شۇ چاغدا ئېسىمگە بازارلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بارىدىغان ئىشىم كەلدى ـ دە، ئالدىراپ كىيىندىم.

بازارلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىكى يوغان ئۈستەلدە قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان بىلەن كېلەلىگەنسىز سەمىرىگەن يەنە بىر كىشى كىتىرلىتىپ نېمىلەرنىدۇ يېزىۋېتىپتۇ. ئىشىكنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۇزۇن بەندىڭدە تازىمۇ پاكار بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. مۇنداق پاكارلارنى چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇيدىغان بولسا ھېچنېمىلا چىقمايدىغۇ دەيمەن، دەپ ئويلىدىم ـ دە، سەل نېرىراق

سۇرۇلگىلار، دەپ ئۇنىڭ يېنىغا قىستالدىم.

— بۇ بىزنىڭ بازارلىق ھۆكۈمەتىكە يېڭىدىن تەيىنلىنىپ كەلگەن بازار باشلىقى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئۆمەرجان ھېيلىقى سىمىز زاتنى، — سىلەردىن بەزى ئىشلارنى ئىگىلىۋالماقچى بولۇپ چاقىرتقان.

بازار باشلىقى ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ:

— قېنى، سۆزلەۋېرىڭ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى يېنىمدا ئولتۇرغان پاكار ئاغىنىگە.

پاكار ئاغىنە باياتىن بېرى ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك، سۆزىنى داۋام قىلدى.

— تۆت - بەش كۈنىنىڭ ئالدىدىكى ئىشقۇ، دەيمەن، — دېدى ئۇ، — ھە، ھە، توغرا شۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى. مەن گۆش-پۆش ئالاي دەپ بازارغا چىقىۋىدىم. بىر چاغدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى، قارىسام، ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېقىن يەردە ئۈچ ياش نېمە بىر كىشىنى ئارىغا ئېلىپ دۇمبالىغىلى تۇرۇپتۇ، تاياق يېگۈچى ئۈچىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ، شارتتىدە قىلىپ يېنىدىن پىچاق چىقاردى. پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى ھەممەيلەن كۆردۇق. ئەتراپتا قىقاس چىقىپ كەتتى. سەي سېتىۋاتقان خوتۇنلار قورققىنىدىن چىرقىرىۋېتىشتى... شۇ ئارىدا قانداق بولدى، ئارقىدىن كەلگەن بىرسى چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن پىچاقنى تارتىۋالدى، ئۇ يەنە بىر پىچاقنى چىقاردى، يەنە بىرەيلەن ئۇ پىچاقنىمۇ يۇلۇپ ئېلىپ چۆرۈۋېتىۋىدى، ئۇنىڭ قولىدا تېخىمۇ يوغان يەنە بىر پىچاق پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بازار ئىچىدە قاچ - قاچ بولۇپ كەتتى، مەنمۇ قاچتىم... كۆرگەنلىرىم مانا شۇ.

— ياناللا! ئېمانچە جىق پىچاق بۇ، شۇنچىلا پىچاقنى ئۇ ئوغرى نەرىسىمۇ ئېسىپ يۈرگەن بولغىيدى؟! دەپ ياقامنى تۇتتۇم. بازار باشلىقى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— پىچاق كۆتۈرگەننىڭ تەققى - تۇرقى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىشقىلىپ، بۇرۇتلۇق، ئېگىز ئادەمدەك قىلغان.

— بويىنىڭ ئېگىزلىكى ماۋۇ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى، پاكار ئاغىنە بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قاراپ:

— ياق، ياق، بۇ كىشىدىنمۇ ئېگىزرەكمىكىن دەيمەن، — دېدى.

ئۇھ، دەپ يېنىك بىر تىنىدىم. پاكار ئاغىنە كۆزۈمگە خېلى ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇنى چۆۋۈمىسىمۇ بولغۇدەك دەپ ئويلىدىم، بازار باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىدىن تازا قانائەت ھاسىل قىلمىغان بولسا كېرەك:

— بولىدۇ، ھازىرچە قايتىپ بېرىپ ئوبدان ئويلىنىپ، شۇ كۈنى بازاردا كۆرگەنلىرىڭىزنى، ھېلىقى پىچاقچىنىڭ چىرايى-شەكلىنى تەپسىلىي يېزىپ، ئەتىگىچە بىزگە ئەكىلىپ بېرەرسىز، — دېدى.

پاكار ئاغىنە چىقىپ كەتتى، ئەمدى بازار باشلىقىنىڭ كۆزى ماڭا قادالدى.

— خوش، — دېدى ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ، — بۇرۇتىنى نىمانداق ئالدىراپلا چۈشۈرۈۋەتتىڭلا؟

ئۆمەرجاندىن بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاۋاتقانىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكىنىمنى ئېيتالماقچىدىم، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ گەپنى كۆچەپ بوغۇزۇمغا يۇتۇپ، يال-

غانى توقۇدۇم.

— بىزنىڭ قولۇم-قوشنىلارنىڭ مىجەزىنى سىز بىلمەيسىز، مانا ماۋۇ ئۆمەرجان بىلىدۇ، — دېدىم، — بىرەرسى ياخشىراق بىر نەرسە سېتىۋالسا، ئوبدانىراق بىر كېيىم كىيسە، ئىشقىلىپ، ئازغىنە بىر يېڭىلىق بولغانىنى كۆرسىلا يۇيىمىز دەپ ئون-يىگرمە تەڭگە خەجلەتكۈزمەي قالمايدۇ. يېقىندىن بېرى ئۇلار، پاھ مۇنۇ بۇرۇت سىلىگە تازىمۇ يارىشىپتۇ، بۇرۇتىڭىز چېيىنى قاچان ئىچىمىز؟ سىلەرنى ئوبدان بىر يۇيمىساق زادى بولمايدۇ، دەپ ماڭا يېپىشىۋېلىشتى، ئىش-ئوقەتنىڭ يوقىدا قاراپ تۇرۇپ بىر مۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقماي، دەپ تۈنۈگۈن ئىسمايىل ساتىراشنىڭكىگە بېرىپ، پاك-پاكىز قىردۇرۇۋەتتىم.

بازار باشلىقى قولىدىكى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ، كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— بازاردا بولغان ۋەقەنى ئاڭلىدىڭىز...

— مېنىڭ زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ. بازاردىكى ۋەقە بىلەن مېنىڭ بۇرۇتۇمنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— بىلەمسىز! — دەپ ئۈستەلنى پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بازار باشلىقى، — بۇرۇتى بارلارنىڭ يېنىدا چوقۇم پىچىقى بولماي قالمايدۇ. ھەجەب بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بىز بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملايمىز دەۋاتقان چاغدا سىزنىڭ بۇرۇتىڭىزنى قىردۇرۇۋېتىش خىيالىڭىزغا كەپقاپتۇ-ھە؟! ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئۆتكەن يەكشەنبە بازاردا بولغان ۋەقەنى سىز ئاددىي بىر ماجرا دەپ ئويلامسىز؟ ياق، مەسىلىگە ئۇنداق ئۈزە قارىغىلى بولمايدۇ، شۇ كۈنى ھېلىقى يوغان بۇرۇت بازاردىكىلەرنى پىچاق كۆتۈرۈپ قوغلاپ قېچىپ چىقىپ كەتكەندە، شۇ يەرگە بىر سومكىسى چۈشۈپ قالغان ئىكەن، ئەكىلىپ تەكشۈرسەك، ئىچىدىن يەنە ئوتتۇز-قىرىقچە پىچاق چىقتى.

— ئەمىسە ئۇ پىچاق ياساپ ساتىدىغان تۆمۈرچى ئوخشىمامدۇ؟

— گېپىمنى بۆلمەڭ! تۆمۈرچىنىڭ يېڭى سوققان پىچاقلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز سىزدىن ئوبدان بىلىمىز. ھېلىقى بۇرۇتلۇقنىڭ سومكىسىدىن چىققان پىچاقلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن يوغان، تۇتۇلغان پىچاقلار. خوش، سىز بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ سىزچە ئۇ شۇنچە پىچاقنى سېھىرگەرلىك قىلغىلى ياكى قىزىقچىلىق كۆرسەتكىلى كۆتۈرۈپ يۈرگەنمىدۇ. بىر ئاغىنەمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، نەچچە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا، ئىسكەندەر دېگەن بىرسى ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە بىر توپ پىچاقچىلارغا يولۇقۇپ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تارتقانىكەن، ئۇ پىچاقچىلارنىڭ ھەر بىرى نەچچە ئوندىن پىچاقنى يېنىغا ئېسىۋالىدىكەن. قارىماي تۇرۇپ ئاتقان پىچاقلىرى كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ پىشانىسىگە سانجىلىپ ئارقىسىغا ئۆتۈپ چۈشۈۋېتەركەن. نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا چىڭگىزخان بۇ يەردىن ئۆتكەندە، يەنە شۇنداق پىچاقچىلار ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، غەربكە ماڭغانىكەن. بۈگۈنگە كەلگەندە ئارىمىزدا يەنە شۇنداق پىچاقچىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئۆلارنى بىرەر پالاكەت تېرىمايدۇ، دەپ كىم
ئېيتالايدۇ!؟ قايتىپ بېرىپ، بۇرۇتىڭىزنى
قاچان قويغاللىقىڭىزنى، نېمە سەۋەبتىن
چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىڭىزنى، بۇرۇتىڭىزنىڭ
شەكلىنى، شەكلى دېگىنىم: توم بۇرۇتمۇ،
بوم بۇرۇتمۇ، شاپ بۇرۇتمۇ، سىم بۇرۇتمۇ
ھەممىنى ئېنىق يېزىپ ئەتىدىن قالدۇرماي
بىزگە تاپشۇرۇڭ!

* *

بازارلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىن
خۇددى بىرسى مېنى چۆكمىلىتىپ
قويۇۋەتكەندەك بېشىم گاڭگىراپ قايتىپ
چىقتىم. ئۆيگە كېلىپمۇ قولۇم ئىشقا بار-
مىدى، راست، دېگەندەك ھېلىقى بۇرۇت
سومكىسىغا ئوتتۇز - قىرىق پىچاقنى سېلىۋې-
لىپ نېمىشقا ئادەم قوغلاپ يۈرگەن بول-
غىيدى؟ ئىسكەندەر، چىنگىزخان دېگەنلەر
توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغان.
ئۇلارنىڭ بۇ پىچاقچىغا باغلىنىشلىق
چىقىپ قالغىنى قىزىق. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە بۇ ئىشقا مېنىڭ چېتىلىپ قالغىنىمچۇ!
كەچتە قاغا پۈتى خەتلىرىم بىلەن
بۇرۇتۇمنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۆلگۈچە
بولغان قىسقىچە تارىخىنى يېزىشقا ئولتۇر-
دۇم. ئايالىم بېشىمغا كېلىپ قاراپ:
— سىزگە بۇ بىر - ئىككى كۈندىن
بېرى نېمە بولدى؟ — دېدى.
— نېمە بوپتۇ؟
— بىردەم بېرىپ بۇرۇتىڭىزنى چۈ-
شۈرۈۋېتىپ كېلىسىز، بىردەم ھۆكۈمەت ئى-
دارىسىغا يۈگۈرەيسىز، بۈگۈن كەچكىچە
قويغان - تۇتقىنىڭىزنى بىلمەي، پىرقىراپ
يۈرىدىڭىز، مانا ئەمدى تەكشۈرۈش يېزىش-

قا ئولتۇرۇپسىز.
— تەكشۈرۈش ئەمەس، ھاڭۋاقتى!
بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى يېزىۋاتىمەن.
— بۇرۇتۇمنىڭ تارىخى!؟
ئايالىم ماڭا چەكچىيىپ قاراپلا
قالدى، ئۇ چوقۇم مېنى ئالجىپ قاپتۇ، دەپ
ئويلىدىغۇ دەيمەن.
— بۇ دېگەن سىياسەت، خوتۇن خەق
ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دەپ ۋارقىر-
دىم ئۇنىڭغا، — ماڭ جۇڭگۇ، ئۆزۈڭنىڭ قازان-
قومۇچىڭنى بىل.
شۇ كېچە يەنە دەھشەتلىك چۈش
كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، چىراغنى ياندۇ-
رۇپ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەشكە تىرى-
شىپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئايالىم
ئويغىنىپ:
— يەنە نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.
— قارا بېسىپتۇ، قارىمامسەن، چىلىق-
چىلىق تەرگە چۆكۈپ كەتكىنىمنى.
— يەنە غەلىتە چۈش كۆرگەن ئوخ-
شىمامسىز؟
— غەلىتە بولغاندا قانداق دېمەمسەن،
چۈشۈمدە ئۇخلاۋاتقۇدەكمەن، قولىقىمغا
بىر نېمىلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن، تاراقلىغان
ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك. مېڭىپ كېتىۋاتقان
ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن - دە،
دېگۈدەكمەن؛ تۇرۇپلا يەنە: ياق، ھارۋىدا
ئەمەس، تۈگمەندە ئۇخلاپ قاپتىمەن، دې-
گۈدەكمەن، گۈلدۈر - غالاپ ئاۋاز بارغان-
سېرى كۈچىيىپ، تۈگمەننىڭ ئىچىگە
گۈرۈلدەپ سۇ كىرگىلى تۇرۇپتۇ، بىر چاغ-
دا قارىسام، تۈگمەندە ئەمەس، كىر ئالغۇ-
نىڭ ئىچىدە پىرقىراۋاتقۇدەكمەن. شۇنچە
ۋارقىرىساممۇ ئاۋازىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىغۇ-
دەك. تېپچەكلىگەنسېرى ماغزاپنىڭ ئىچىگە

چۈكۈپ كېتىپ بارغۇدەكمەن. مىڭ تەستە كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيىنىڭ ئىچى قاپـقاراڭغۇ، قورقىنىمدىن چىراغنى ياندۇرۇۋالدىم. ھېلىقى كىر ئالغۇنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى ھازىرمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ...

* *

ئەتىگىنى ناھايىتى ھارغىن ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. بېشىم ھېلىمۇ پىرقىـرىغاندەك بولۇپ قېيىپلا تۇراتتى، چۈشكە يېقىن بۇرۇتۇمنىڭ «تارىخى» يېزىلغان قەغەزنى كۆتۈرۈپ بازارلىق ھۆكۈمەتكە باردىم. ئىدارىنىڭ ئىچىدە بۇرۇت ماجىراسى بىلەن چاقىرتىلغان يەنە بىرنەچچەيلەن سوراق قىلىنىۋاتقانىكەن، ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالماي، قولۇمدىكى بىر پارچە قەغەزنى بوسۇغىدا تۇرۇپلا سۇنۇپ بەردىم.

ئىدارىدىن چىقىپ بېشىم تۆرەپ، ئۇدۇل بازار تەرەپكە كېتىپ قاپتىمەن، بازارنى ئارىلاپ ماڭدىم، كۆزۈمگە ھەممىلا يەردە پىچاق بىلەن بۇرۇت كۆرۈنگەندەك قىلاتتى، مۇنۇ بۇرۇتلۇق قاسساپنىڭ قولىدىكى پىچاقنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىنى قارىمامدىغان، ھېلىقى بۇرۇتنىڭ سومكىسىدىن چىققان پىچاقلارمۇ مۇشۇنداق تىرىك جاننىڭ قېنىنى ئېقىتىدىغان نېمىلەر بولسا كېرەك. ئاۋۇ تاۋۇزچىنىڭ قىلىچتەك ئۇزۇن، ئەگرى پىچىقىچۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق يوغان پىچاقلاردىن ئوتتۇز ـ قىرىقىنى بىر سومكىغا سىغدۇرغىلى بولماس. ماۋۇ يايمىچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان پىچاقلارچۇ؟ بۇ يەردىن داڭلىق يېڭىسار پىچاقلىرىدىن تارتىپ سېپىغا خىلمۇخىل كۆز قويۇپ نەقىشلىگەنتەكەن قەشقەر پىچاقلىرى، ئىككى بىسلىق خەنجەرلەر، تۆمۈر غىلاپلىق موڭغۇل پىچاقلىرى، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قىڭراقلىرى، يەرلىك ئۇستىلار سوققان ھەر خىل قەلەمتىراشلارغىچە بولغان تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ ھەممە تۈرىنى تاپقىلى بولاتتى، ئېلىم ـ بېرىم قىلىشىۋاتقانلارنىڭ تولىسى بۇرۇتسىز ئىدى. (ھەقىچان ئۇلارنىڭ ئىچىدە چاندۇرماي بۇرۇتىنى ئالغۇزۇۋەتكەنلەرمۇ خېلى بار). ئەگەر بۇ بۇرۇتسىز پىچاقچىلارغا بازار باشلىقى ئېيتقان ھېلىقى بۇرۇتلۇق پىچاقچىلارنى قوشساق، ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ خەۋپكە ئايلىناتتى. كۆزۈمگە ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ ۋاراڭـچۇرۇڭلىرى بىلەن گۈرۈلدەپ تۇرغان بۇ بازارمۇ يوغان بىر كىرئالغۇنىڭ ئىچىدە توختىماي پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى. ھەقاچان بازار باشلىقى بۇ بازارنى ئۇزۇن ئۆتمەي چوقۇم باشقىدىن توقۇيدىغۇ، دەيمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

شۇندىن باشلاپ دەككە ـ دۈككىدە تالا ـ تۈزلەرگىمۇ چىقمىدىم، بىرەرسىنىڭ بازارنى چۇۋۇپ توقۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرمۇ ئاڭلىمىدىم. ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، بىر كۈنى غەيرەت قىلىپ كوچىغا چىقىپ، سودىلىقىمنى پۈتتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسام، ئالدىمدىنلا بازار باشلىقى چىقىپ قالدى، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم، ئۆردەكتەك ئېغاڭلاپ كېلىۋاتقان بۇ كېلەڭسىز ئادەم قاملاشتۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋالغان ئىدى، يېقىنلاپ كېلىپ قارىسام، خاتاسىز بىزنىڭ بازار باشلىقى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

بازار باشلىقى توختاپ ماڭا قارىدى ـ دە:

ــ سىز كىم بولىسىز؟ ــ دېدى.

— ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا سىزگە بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى يېزىپ ئاپىرىپ بەرگەن كىشى بولىمەن.

— ھە، ھە... شۇ چاغدا مېڭىمىز قىزىپ كېتىپ، بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئاۋارىچىلىققا ساپتىكەنمىز، شۇلارنىڭ ئىچىدە سىزمۇ بار ئىكەنسىز-دە؟! قارىمامسىز، ھېلىقى كېكەچ ھەممىمىزنى تەڭ پاراكەندە قىپتۇ.

— قايسى كېكەچنى دەۋاتىسىز؟

— ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، ھېلىقى بازاردا پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم قوغلىغان بۇرۇتچۇ؟ ئەسلىدە ئۇ، قۇشخانىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن. قۇشخانىنىڭ توك چاقى بۇزۇلۇپ قېلىپ، شۇ كۈنى ئۇ قاسساپلارنىڭ مال سويىدىغان پىچاقلىرىنى يىغىپ، بازارغا چاقلاتقىلى ئېلىپ كىرگەن ئىكەن، ئاپتوبۇستا ئۇچ يانچۇقچى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قىستىغان بولۇپ يانچۇقىدىكى پۇلىنى سوقۇۋاپتۇ. كېكەچ پۇلىنىڭ يوقىتكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ھېلىقىلارغا ئېسىلىۋاپتۇ، يا ئولاشقان خەققە گېپىنى ئۇقتۇرالماي، يا ھېلىقىلارنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقچىلار ئۇنى ئۇرۇپ قۇتۇلۇپ قاچماقچى بوپتۇ، تاياق ئۆتكەندىن كېيىن كېكەچمۇ پىچاق چىقىرىپتۇ. بولغان ئىش شۇ.

— شۇنچىلىك ئىشكەن دەڭ!

— شۇنداق، شۇنچىلىكلا بىر ئىشكەن، مەن ئۇنى ئارتۇقچە چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپتىمەن. يۇقىرى رەھبەرلىكمۇ مېنى چاقىرتىپ، بىر بۇرۇتلۇقنىڭ ئىشىنى دەپ جىمى بۇرۇتلۇقنى پاراكەندىچىلىككە سالىدىغان قانداق باشلىقسەن!؟، دەپ قاتتىق تەنقىدلەپ كەتتى، خاپا بولمايسىز. بۇرۇتۇمغا قاراپ ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ ئاڭلىسام، يەنە بەزى رەھبەرلەر مېنى بازار باشلىقى ئەزەلدىن بۇرۇتقا ئۆچ ئادەمتى، دەپ يۈرگۈدەك، رەھبەرلەرنىڭ پىكرىگە دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ، مانا ئەمىسە دەپ مەنمۇ بۇرۇت قويۇۋالدىم. يارىشىپتىمۇ؟

بازار باشلىقى ھىجايدى، مەنمۇ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ جىلمايدىم-دە:

— يارىشىپتۇ، بەستىڭىزگە قارىغاندا بۇرۇتىڭىز سەل كىچىكرەك بولۇپ قاپتۇ، بولسا ئوبدانراق ئۆستۈرۈپ، قولىقىڭىزغا يۆگىۋالسىڭىز بولغۇدەك، — دېدىم.

— پاھ، پاھ... بۇ چاقچىقىڭىز قالتىس كەلدى-دە، — دەپ دىقماق قوللىرى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى ئۇ.

تۇرغان ئورنىمدا تۇرۇپ قالدىم. بۇ بازار باشلىقىمۇ كىرئالغۇغا چۈشۈپ كېتىپ چۆگىلەۋاتقىنىغا خېلى بولغان بىر نېمىكەن-دە. مۇنداق كېلەڭسىز ئادەملەرنى سۆزۈۋېلىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇسا خېلى ئىنچىكىلىشىپ قالارمىدىكىن دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى.

ئۆيگە يېقىنلاپ قالغاندا، قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان ئۇچراپ قالدى.

— ھاي ئۆمەرجان! — دەپ قىچقىرىۋالدىم، — بولغان يېڭىلىقلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپمۇ قويمايسىلەنا.

— نېمە يېڭىلىقلاردىن؟

— بۇرۇت تىزىملايدىغان ئىش ئەمەلدىن قاپتۇ، بازار باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇرۇت قويۇۋاپتۇ...

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىزلا؟

— مانا هازىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بازار باشلىقىنىڭ ئۆزىنى كۆردۇم.

— نېمە دېدى؟

— بۇرۇتۇم يارىشىپتىمۇ؟ — دېدى، يارىشىپتۇ، بىراق بەستىڭىزگە قارىغاندا سەل كىچىكرەك بولۇپ قاپتۇ، ئوبدانراق ئۆستۈرۈپ، قۇلىقىڭىزغا يۆگىۋالسىڭىز بولغۇدەك، دېدىم.

ئۆمەرجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە:

— بازار باشلىقىنىڭ بۇرۇتى ئۆسمەيدىغان بۇرۇتلاردىن - دە! — دېدى.

— نېمە دەيدىغانسىلە، ئۆسمەيدىغان قانداق بۇرۇت ئۇ؟


— سىلە تېخى بىلمەمسىلە؟ بىزنىڭ بازار باشلىقىمىز كوسا، بۇ قېتىم ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قولىنى جۇنۇپ، زادى بۇرۇتى بارلار ساڭا نېمە قىلغان؟ دەپ ئارامىنى قويمىغاچقا، سەنئەت ئۆمەكتىن ئاشۇ بۇرۇتنى تېپىپ ئەكىلىپ تاقىۋالدى.

ئۆمەرجان كەتتى. بولغان ئىشلارنى باشتىن - ئاياغ خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر هازا تۇرۇپ قالدىم، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ دۇنيانىڭ مۇنچە قىزىقلىقىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ياسىن مۇخپۇل

# نېكار سۇيى شاۋقۇنلىماقتا



(ھېكايە)

## 1

ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. بىر ئىستاكان ئىسسىق قەھۋە بولسىچۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ قولىدىكى رولنى قىمىرلىتىپ. سەللا بىخەستەلىك قىلسا يىلانباغرى تاغ يولىدا خەتەر چىقاتتى. ئۇ ئاخىرى غەيرەت قىلىپ چوققىغا چىقتى. چوققىدىكى كىچىك مۇلازىمەت بوتكىسى ئالدىدا ساياھەتچىلەر توپلىشىپ قەھۋە ئىچىشۋاتاتتى. پروفېسسور يورگىن ماشىنىسىنى چەتكە توختىتىپ بوتكا ئالدىغا كەلدى-دە، كىشىلەر توپىغا قوپاللىق بىلەن قىستىلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قانداق نەزەر تاشلاۋاتقانلىقى ۋە قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپمۇ ئولتۇرمىدى.

— بىر ئىستاكان قەھۋە بېرىڭ، — دېدى يورگىن كۈتكۈچى بىلەن سالاملىشىپمۇ قويماستىن. ئۇ كۈتكۈچى ئۇزاتقان ئاچچىق قەھۋەنى شېكەرمۇ سالماي قىزىق-قىزىق ئوتلىغاندىن كېيىن ئەسەبلىرى سەل بوشاشقاندەك قىلدى. ئۇ سول تەرەپتىكى «خان ئورۇندۇقى» دەپ ئاتالغان تەكچىگە كەلدى-دە، ھەيدىلبەگنىڭ ① كەچقۇرۇنلۇق مەنزىرىسىگە نەزەر سالدى. تۇمانلىق شەھەر ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىياللارغا ئوخشاش خىرە ۋە تۇتۇق... ئۇ چوققىغا نېمە ئۈچۈن چىقتى؟ نېمە ئۈچۈن «خان ئورۇندۇقى» تەكچىسىگە كېلىپ ئولتۇردى؟ ھەيدىلبەگتە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باللىق چاغلىرىدىكى كۆڭۈللۈك خاتىرىلەرنى ئەسلەپ كۆڭلىنى تىندۇرماقچى بولدىمۇ؟ بۇلار ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇ پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىدىن بىر غۇلاچلا يىراقتىكى

---

① ھەيدىلبەگ (Heidlberg) غەربىي گېرمانىيەدىكى گۈزەل ساياھەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى. ئەسەردە نېمىسچە تەلەپپۇزى ئاساس قىلىندى.

ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قىز - يىگىتكە كۆز
تىكتى. يىگىت تاسمىدا باغلاپ يېپىتەكلىـ
ۋالغان ئېگىز قارا تايغان قۇلاقلىرىنى سالـ
پايتىپ ئۇنىڭغا غەمكىن قارايتتى. ئالتۇن
چاچلىق نېمىس قىزىنىڭ ئېتىكىدىكى پىستە
كۆچۈك سالۋا تۇماقنىڭ تۆكلىرىدەك ئۇزۇن
يۇڭلىرىنى سوغۇقتا شۈمشەيگەندەك ھۆرپەيـ
تىپ، ئۇنىڭ بويىنى ۋە يۈزلىرىنى يالىماقتا
ئىدى. قىزمۇ كۈكۈنىڭ باش - كۆزىنى مېھـ
رىبانلىق بىلەن سىلاپ، سۆيەتتى. پروفېسـ
سور بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قاـ
ماللاپ قاتتىق سىلكىپ قويدى. قىز - يىگىت
پىچىرلاشماقتا.

— مادۇ، مۈزلىدىڭىزمۇ، سۆيۈملۈـ
كۈم؟ — يىگىت پىچىرلاپ سورىدى.

— كونياكنىڭ كۈچى تۈگىدى. سىزـ
مۇ تىترەۋاتقاندەك قىلىسىزغۇ؟

— سىزگە شۇنداق بىلىنىۋاتقان بولـ
سام كېرەك.

— شۇنداق بىلىنىۋاتمايسىز بەلكى
تىترەۋاتىسىز، خۇددى مۇنۇ قارا تايغانـ
دەك، — قىز قاقاقلاپ كۈلدى. يىگىتمۇ
قىزغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. قىزنىڭ جاراڭـ
لىق زىل ئاۋازى چوققىدا ياڭرىدى.

— ئۇنداقتا بىز ئىسسىنايلى.

يىگىتنىڭ تەكلىپى قىزغا ياقتى. ئۇلار
پەلتولىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، قېلىن
كىيىم ئىچىدىن قۇچاقلاشتى. سۆيۈشۈپ
ئىسسىنىشتى. كۈكۈ مېھرىبانلىقتىن مەھرۇم
بولغاندەك توختىماي غىڭشىغىنىچە ئۇلارنى
ئايلىناتتى. پات - پات قىزنىڭ پۇتلىرىغا
ئېسىلىپ، ئاياغلىرىغا تۇمشۇقىنى سۈركەيتتى.
يورگىن بۇلاردىن نەزەرىنى ئۈزمەي قاراپ
ئولتۇراتتى. بىردىن ۋاڭ قىلغان دەھشەتـ
لىك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ

قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. قىز - يىگىت بولسا بۇ
ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندەك بەھۇزۇر سۆيۈشمەكتە.
تايغانمۇ بۇرۇنقى ئورنىدا قىمىرلىماي ئولـ
تۇرۇپتۇ. پىستە كۆچۈك بولسا يەنىلا ئوـ
رۇندۇقنى چۆگىلىمەكتە ئىدى. پروفېسسور
ئاستا بېشىنى تۇتۇپ باقتى. باشمۇ جايىدا،
دېمەك ھەممە ئىش جايىدا. ئەمما مۇنۇ
بىر غۇلاچلا يىراقلىقتا ئولتۇرغان قىزنى
يورگىن بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتى.
توغرا بۇ ئېلزاۋېتا ئەمەسمۇ؟ مۇنۇ مۇلاـ
يىم يىگىت يورگىننىڭ ياش ۋاقتى. دەل
شۇ... بۇنىڭدىن 33 يىل ئىلگىرى، دەل
مۇشۇ چوققا، دەل مۇشۇ ئورۇندۇق. ئەمما
مۇنۇ ئېگىز قارا تايغان بىلەن كۆلرەڭ تۆكـ
لۈك پىستە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟
ياق، بۇلار ئېزىپ كېلىپ قالغان بولسا
كېرەك. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ياش يورـ
گىن تايغاننىڭ يېپىنى قويۇۋەتمەي چىڭ
تۇتۇۋالدۇ؟ يورگىن نېمە ئۈچۈن بىردەمـ
دىلا ئىككى بولۇپ قالدى؟ مومايغا ئايلانغان
ئېلزاۋېتا قېنى؟ بۇلارنىڭ قايسىسى روھ،
قايسىسى تەن؟... ئەلۋەتتە پروفېسسور
يورگىن روھ بولۇشى كېرەك - تە. ئادەم
قېرىيدۇ، ئۆلىدۇ، بۇ قانۇنىيەت! ياشلارچۇ؟
ئۇلارمۇ قېرىيدۇ، ئۆلىدۇ، روھقا ئايلىنىدۇ.
ھەي، مۇنۇ پىستە كۆچۈك ئۇنىڭ خىيالـ
لىرىنى نېمىشقا چېچىۋېتىدۇ؟ نېمىشقا پروـ
فېسسورنىڭ ئاياغلىرىغا ئېسىلىپ غىڭشىيدۇ؟
نالە قىلىدۇ؟ ياكى بۇمۇ دەردىنى
ئېيتىدىغان بىرەرسىنى ئىزدەۋاتامدىغاندۇ؟
ئاھ، خۇدا، مەن راستىنلا روھقا ئايلىنىپ
قالدىممۇ؟ ئەمىسە ئېلزاۋېتانىڭ روھى
نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ئاھ، ئېلزاۋېتا! ئېلـ
زاۋېتا!...

پروفېسسور ئىختىيارسىز ئورنىدىن

تۇرۇپ كەتتى. بۇ خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ناھايىتى تېز ئۆتتى.

«ياش يۈرگەن» نىڭ لەۋلىرىنى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى بىلەن كۆيدۈرۈۋاتقان «ياش ئېلىزاۋېتا» دېگىنىزدەك تىنىق كۆزلىرىنى ئۇدۇلىغا تىكتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان مۇنۇ ئادەم نېمىشقا ئورنىدىن تۇرۇۋالدى؟ بۇ كىشىنىڭ تۇرقى نېمىشقا مۇنچە سۇرلۇك ۋە قورقۇنچلۇق؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىشقا بۇلارغا نەشتەردەك قادىلىپلا تۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى نېمىشقا مىدىرلىمايدۇ؟ يۈزىدىكى قورۇقلارچۇ تېخى، خۇددى ياغاچ ئويمىغىلا ئوخشايدۇ. ياغاق بېشىدىكى شالاڭ ئاق چاچلىرىنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرۇشلىرىنى دېمەيلا قويۇڭ، بېشى خۇددى كاۋىدەكلا، شالاڭ چاچلىرى بولسا كىرپىنىڭ تىكەنلىرىگە ئوخشايدۇ. قاراڭ، بۇ مەخلۇقنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى. بىرەر قېتىم كىرپىك قېقىپ قويسىمىغۇ كاشكى! ياق، بۇ مەخلۇق چوقۇم بىزنى قەستلىمەكچى.

ئالتۇن چاچلىق قىز يىگىتنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇپ لەۋلىرىنى ئاستا قاچۇردى. تەشنا يىگىت قىزنىڭ بەللىرىنى تېخىمۇ چىڭ قىسىپ، ئۇنى ئىشتىياق بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. قىز ئەمدى پۈتۈنلەي ئىپادىسىز، ھېسسىياتسىز تەنگە ئايلاندى. ئۇنىڭ تىنىق، كۆك كۆزلىرى ھەيرانلىق بىلەن يۈرگىنىغا تىكىلىپلا قالغانىدى. يىگىتنىڭ ئوتتەك ھېسسىياتى ھاۋاغا شىلىنغان قىلىچتەك بىكارغا كەتتى. ئۇ قوللىرىنى قىزنىڭ قوينىدىن چىقىرىپ، كەينىگە ئۆرۈلدى. ئەمما پروفېسسور كۆزلىرىنى مىت قىلىپمۇ قويمىدى. شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان شالاڭ ئاق چاچلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ئىپادىسىز چىرايى، قاتقان قەددى خۇددى ئىنچىكە تاراشلانغان ھەيكەلگىلا ئوخشايتتى. كۆزلىرىگە غەلىتە مەخلۇقتەك يىرگىنچلىك كۆرۈنگەن بۇ ئەپتى - بەشىرە قىز - يىگىتنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇلار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە داجىشتى. ئۇلارنى ۋەھىمە باستى. ئۇلار يانلىرىغا بۇرۇلدى - دە، ئالاقزادىلىك بىلەن ئورمانغا قاراپ ماڭدى، كېيىن يۈگۈردى. ئۇلار قاچتى، قورقۇنچ ئىچىدە ئالدى - كەينىگە باقماي قاچتى. ئەمما 20 — 30 قەدەم نېرى بارا - بارمايلا قىز توختاپ قالدى. قېشىدا پىستە كۈچۈكىنىڭ يوقلۇقىنى سەزگەنىدى. ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن «شىلا - شىلا» دەپ چاقىردى. كۈكۈ ئويناقلىغىنىچە قىزغا قاراپ يۈگۈردى. يىگىت كەينىگە ئىككى قەدەم يېنىپ، بىر قولىدا قىزنىڭ قولىنى، يەنە بىر قولىدا تايغاننىڭ تاسمىسىنى تۇتقىنىچە ئورمانلىققا كىرىپ غايىب بولدى.

— ئەقلىدىن ئازغان بولسا كېرەك، — دېدى بالا يېتىلىۋالغان ساقاللىق ئىتالىيان قولىدىكى قەھۋە ئىستاكىنىنى بوتكىنىڭ تەكچىسىگە قويۇۋېتىپ.

— بىر نېمە دېمەك تەس، — پوسما كىيىۋالغان ئېگىز ئايالمۇ ئېچىنىش بىلەن بوۋايغا قاراپ قويدى.

— بىز بېرىپ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقايلى، — دېيىشتى باياتىن بېرى بوۋاينىڭ ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ قاراپ تۇرغان ئىككى ستودېنت.

— كىشىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشماسلىق كېرەك. ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدى؟ دادىڭىزمۇ، تاغىڭىزمۇ؟ ياكى سىز

ئۇ كىشى بىلەن بۇرۇندىن تونۇشمۇ؟ — ئېگىز بويلۇق قاتاڭغۇر كىشى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى.

— سۆزىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى قىسقا قوڭۇر چاچلىق بەستلىك ستۇدېنت دادىللىق بىلەن، — كىشىلەرگە ياردەم كېرەك بولغاندا چوقۇم تونۇشلارنى ئىزدەش شەرتمۇ؟ سىز قايسى زامانلاردىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟

— ئەنە، مەرھەمەت! «دادىڭىز» نىڭ قېشىغا بېرىۋېرىڭ! ئەگەر تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلسە، ئۇ مىليونېر چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بىرەر - ئىككى يۈز ماركىغا ئىگە بولۇپ قېلىشىڭىز ھېچگەپ ئەمەس، تېز بولۇڭ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭ. بۇنداق ئامەت كۈندە كېلىۋەرمەيدۇ. ئاھ، خۇدا! مۇشۇ ياشلار نېمىشقا دائىم باشقىلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا چېپىلىپلا يۈرۈيدىغاندۇ، ئۇنى بىر يەردە كۆرۈپ قالغان بولسىمغۇ كاشكى... — قاتاڭغۇر بوۋاي غوتۇلدىغىنىچە اشىنىسى تەرەپكە كېتىپ قالدى.

— ھۇ، زەھەرخەندە قېرى! — دېدى پاكار بويلۇق قارا چاچ ستۇدېنت. بوتكا ئالدىدىكىلەرمۇ كېتىۋاتقان قاتاڭغۇر بوۋايغا ھومىيىپ قاراشتى.

— تېخىچە قىمىرلىمايدىغۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق ستۇدېنت، — مىخائىل، يۈر، بېرىپ باقايلى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم. ياخشى كۆڭۈللۈكلەرگە رەھمەت! — دېدى ساقاللىق ئىتالىيان مەمنۇنىيەتلىك بىلەن. ئىككى ستۇدېنت ئەمدىلا يورگىن تەرەپكە مېڭىشىغا ئۇ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاۋادا بىر شىلتىدى - دە، ئۆز يېشىغا ماسلاشمىغان تېزلىك بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ماشىنىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئىككى ستۇدېنت يېرىم يولدا توختاپ قېلىشتى. يورگىن ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئەگرى - توقاي تاغ يولىدىن ئۇچقاندەك پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاھ، خۇدا، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئېگىز بويلۇق پوسىملىق ئايال ئەنسىزلىك بىلەن، — بىرەر خەتەرگە يولۇقمىسىلا بولاتتىغۇ!

2

پروفېسسور يورگىن ئۈچ كۈندىن بۇيان دەرسكە چىقمىدى. ھەيدىلىبەگىتە ئۇنىڭغا تومۇ تېگىپ قالغانىدى. پروفېسسور ئېغىر ئاياغلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ، قەھۋە دەملىدى، ئۇ قەھۋە ئىچكەچ ئۆزىنى كرېسلوغا تاشلاپ، يەنە خىيالغا چۆكتى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان قىزىدى. پۈتۈن بەدىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىدى، ئازابلاندى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭغا ئۆيدە ياردەم قىلغۇدەك ئادەم يوق. خوتۇنى، ئوغلى، قىزلىرىچۇ؟ ياق... بۇنداق ئازابلىق خىياللارنى ئويلىغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەت ئۇنىڭدا قالمىدى. ئۇ تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئېلىزاۋېتانىڭ تامغا ئېسىپ قويغان سۈرىتىگە تىكىلىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى.

يورگىن 19 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئاپىسى قازا تاپتى. يورگىن بۇ ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئوغلى ئىدى. شتېپلا خانىم ئامراق ئوغلىنىڭ توي مۇراسىمىنىمۇ كۆرەلمىدى. يورگىننىڭ دادىسى روبېرت بېتكى مەشھۇر بىئولوگىيە ئالىمى ئىدى. يورگىن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش

نىيەتىدە بېرلىندە بىئولوگىيە ئوقۇدى. كېيىن ئامېرىكىدا ئاسپىرانت بولدى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن يىلى دادىسى زىققا كېسىلى بىلەن قازا تاپتى. نىكار دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئەۋرىشكىسى بىلەن تولغان بۇ خىلۋەت باغچىدا ئۈچ قەۋەتلىك بىرلا بىنا بار ئىدى. ياش بېتكى بۇ باغچىنىڭ يالغۇز خوجايىنىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىنى ئۆسۈملۈكلەر ئەۋرىشكىسىنى ئاسرايدىغان فرانسۇز بوۋاي راندىل بىلەن شاھمات ئويناپ ئۆتكۈزىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ھەيدىلبەگىنىڭ ئىستىراھەت چوقىسىغا چىقتى. بۇ دەل روژدېستۋا بايرىمىنىڭ ھارپىسى ئىدى. يورگىن ھەيدىلبەگىنىڭ مەنزىرىسىنى سۈرەتكە تارتىۋاتاتتى. ئاپپاراتنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىشقا ئېكراندا ئالتۇن چاچلىق گۈزەل بىر قىز پەيدا بولۇپ قالدى. يورگىن تېرىككەندەك تەلەپپۇزدا قىزغا ئېتىراز بىلدۈردى:

— باشقىلار مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا دەخلى قىلماسلىقىڭىز كېرەك، چۈشەندىڭىزمۇ؟

قىز دەسلەپتە سەل ھودۇققاندەك قىلسىمۇ، دادىللىق بىلەن رەددىيە قايتۇردى:

— سىلەردەكلەرنى كىم بىلمەيدۇ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن گۈزەل قىزلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تارتىۋالىسىلەر، ئۇلارغا ئازراق ھەق تۆلەشتىن قېچىپلا باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىسىلەر. مېنىڭ سۈرىتىمنىمۇ بەلكى بىرەر ژۇرنال تەھرىراتىغا ياكى بىرەر فوتو سۈرەت سودىگىرىگە ساتماقچى بولغانسىز. ئاۋارە بولماڭ. بىر ھەسسە يۇقىرى ھەق تۆلەيمەن. ئۆزۈمگىلا سېتىپ بېرىڭ!

قىز تەمكىنلىك بىلەن يورگىننىڭ ئالدىغا كەلدى. يورگىن ھودۇقۇپ قالدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز؟ گېپىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم.

— ئەگەر سىز چەت ئەللىك بولسىڭىزمىغۇ كەچۈرۈشكە بولاتتى، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەممۇ بولامدۇ؟ ئېلىشىپ قالمىغانسىز؟

يورگىن ھە دېگەندىلا بۇ قىزغا سۆزدە تاقابىل تۇرماقنىڭ قىيىنلىقىنى پەملىدى.

— كەچۈرۈڭ خانىم، مەن بۇنداق بولۇشىنى ...

— كىشىلەرنىڭ تەققى - تۇرقى، ياش-قۇرامىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان بولسىڭىزمىغۇ كاشكى. مۇشۇ ئەپتىڭىز بىلەن جان باقالايمەن دەپ ئويلامسىز؟ مۇشۇنداق تاقا - تۇقا گەپلىرىڭىز بىلەن بۇ سۈرەتلىرىڭىزنى كىمگە ساتالايسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ بۇنداق ئىشقا يارىمايدىغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىسىڭىز كېرەك.

— توغرا - توغرا...ياق، مەن پەقەت ھەۋەس ئۈچۈنلا مۇنداقلا ئويناپ...

— بولدىلا، چۈشەندۇرمەيلا قويۇڭ!

يورگىننىڭ دەسلەپكى ئاچچىقى خۇددى سوپۇن كۆپۈكىدەك يوقالدى. ئەكسىچە ئۇ پىشلىكتەك يۇمشاپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم جۈرئەت قىلىپ، ئۆزى سۈرەتكە تارتقان ئوبيېكتقا تىكىلىپ قارىدى. توغرا، قىز ئەمدىلا 17، 18 ياشلارغا كىرگەندەك قىلاتتى. يورگىن ئۆزىنىڭ سۆزدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ خانىم، ياق ياق... قىزچاق! ئەگەر سۈرىتىڭىز كېرەك بولسا، سىزگە چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن، — ئۇ ئاپپاراتنى قېپىغا سالماقچى بولدى. ئەمما قانچە ھەپىلەشسىمۇ تەتۈر تۇتۇۋالغاچقا ئاپپارات قېپىغا چۈشمەيتتى.

ئالتۇن چاچلىق قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى چوققىدا ياڭرىدى. قىزنىڭ يورگىنغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئەكىلىڭ، مەن ياردەملىشەي، — قىز قىلچە تارتىنىپ تۇرمايلا يورگىننىڭ قولىدىكى ئاپپاراتنى ئېلىپ ئەپچىللىك بىلەن قېپىغا سېلىپ بەردى. يورگىنمۇ قىزغا قاراپ زورىغا ھىجىيىپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە!

— ئەسلىدە مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. چۈنكى سىز مېنىڭ سۈرىتىمنى تارتقاندىن كېيىن چىقىمدار بولىسىز ئەمەسمۇ، — قىز يورگىننىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك رودىپايلاردىن ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە سەمىمىي، مۇلايىم يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى، — ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىز مېنىڭ سۈرىتىمنى تارتىپ بەرگەن بولۇڭ، مەن سىزنى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلاي. بىراق بىر ھەپتىدىن كېيىن دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ چوققىدا، مۇشۇ ئورۇندا. چۈشەندىڭىزمۇ؟ ئەگەر كەلمىسىڭىز قەيەردىن بولسىمۇ سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن. قايتقاندا گرامماتىكىنى قايتا بىر تەكرارلاپ قويارسىز. خەير خوش! — قىزچاق خوشلىشىپ تېز يۈرۈپ كەتتى.

يورگىن ھوشىنى يىغىپ قىزغا قاراپ توۋلىدى:

— قىزچاق! ئىسمىڭىز نېمە؟ ئادرې-سىڭىزنى ئالغاچ كېتىڭ.

قىز كەينىگىمۇ قايرىلماستىن جاۋاب قايتۇردى:

— ھاجىتى يوق، بىز تېخى كۆرۈشىمىز.

ئۇلار ۋەدە بويىچە بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆرۈشتى. يورگىن قىزنىڭ سۈرىتىنى چوڭايتىپ كۆپەيتىسى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەلدى. قىزچاق ئۇنى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

— تېخنىكىڭىز يامان ئەمەس ئىكەن، — دېدى قىز سۈرەتنى كۆرۈۋېتىپ، — بۇ ئىش بىلەن دائىم شۇغۇللىنامسىز؟

— ياق، سىز خاتالىشىۋاتىسىز، مەن ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىمەن. فوتوگرافىيە مەن ئۈچۈن ئەمەك.

— ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىماقچىمەن دېمەكچىمۇسىز؟ خاتالىشىۋاتىسىز. بىرىنچىدىن، مەن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى ئەمەس، ئىككىنچىدىن، قىش پەسلى ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى سۈرەتكە ئالىدىغان مۇۋاپىق پەيتمۇ ئەمەس.

— شۇنداق، بۇ بىر تاسادىپىيلىق. مەن ئۇ چاغدا كۈن قايرىلغاندىن كېيىنكى قىيپاش نۇردىن پايدىلىنىۋاتاتتىم. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن سىز كۆرۈنۈشكە قىستىلىپ كىرىۋالدىڭىز. بۇمۇ بىر مۆجىزە. قاراڭ بەدىئىي سۈرەتتىن قېلىشقۇچىلىكى يوقتۇ.

يورگىننىڭ سەمىمىي سۆزلىرى قىزغا تەسىر قىلماي قالمىدى. قىز ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا يورگىنغا تىكىلىپ قاردى. يورگىننىڭ كۆزىمۇ قىزدا ئىدى.

— كەچلىك غىزاغا تەكلىپ قىلسام قارشى ئەمەستۇرسىز؟ — دېدى يورگىن قىزنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي.

— رەھمەت سىزگە، — دېيەلىدى

قىزمۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن ئارالىلا. ئۇلار ئىكار دەرياسىنى بويلاپ يۈرۈپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ يورگىن كېچە-كۈندۈز پەقەت بىرلا كىشىنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ — ئېلزاۋېتا ئىدى. ئۇلار پات-پاتلا ئۇچرىشىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلزاۋېتا يورگىننىڭ خىلۋەت باغچىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئېلزاۋېتا ھەيدېلبەگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ستاتىستىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇلار توي قىلىشتى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇنجى ئوغلى يوھانداس تۇغۇلدى. بۇ چاغ ئۇلارنىڭ سېرىقتال ۋاقىتلىرى ئىدى. يورگىن گېزىت — ژۇرناللارغا يازغان ئانچە-مۇنچە ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن بىر ئائىلىنى قامداپ كېتەلمەيتتى. باغۋەن راندىل ئىككى يىل بۇرۇنلا ميونخېنغا كېتىپ قالغانىدى.

— سېنى قىيناپ قويۇۋاتىمەن ئېلزاۋېتا، — دېدى يورگىن ئۆز ھالىدىن زارلىنىپ، ئەگەر مۇشۇنداق تېجەپ ئىشلەتسەك دادامدىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى پۇل 2 ئايغا ئاران يېتىشى مۇمكىن. بۇ ئايدا ھەتتا قەلەم ھەققىدىنمۇ ئۈمىد يوق.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سۆيۈملۈكۈم. ئاللا بىزنى سىيلايدۇ، — ئېلزاۋېتا غەمكىن ئولتۇرغان يورگىنغا لەپپىدە قاراپ قويدى. يورگىننىڭ خىيالىدا بولسا پۇلدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئىشىك قوڭغىرىقىنىڭ جىرىڭلىشى ئۇلارنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. يورگىن خۇش ياقماسلىق بىلەن قورۇ دەرۋازىسىنى ئاچقىلى ماڭدى. ئەمما ئۇ ئۆيگە كىچىك باللاردەك سەكرىگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— خوش خەۋەر، ئېلزاۋېتا، خوش خەۋەر. بىزگە خەت كەپتۇ. راندىلدىن خەت كەپتۇ. ئۇ ماڭا ميونخېندىن خىزمەت تېپىپتۇ. مۇئاشىمۇ يامان ئەمەسكەن. سەن بايا نېمە دېدىڭ؟ ئاللا بىزنى سىيلايدۇ دېدىڭمۇ؟ توغرا، سەن ھەممىنى ئالدىن بىلىسەن. سەن مېنىڭ پەرىشتەم، ھەقىقىي پەرىشتىسەن، — يورگىن يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئېلزاۋېتانى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈز-كۆزىگە توختىماي سۆيۈپ كەتتى. ئۇلار شۇ كېچە مەسلىھەتلىشىپ، قورۇ-جايىنى سېتىپ ميونخېنغا كەتمەكچى بولۇشتى...

پروفېسسور ئاستا قىمىرلاپ كۆزلىرىنى ئاچتى. چۈش ياكى خىيالى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

3

پروفېسسور ئۈچ كۈندىن بۇيان تۇزۇكرەك بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقاندەك قىلدى. ئۇ توڭلاتقۇدىن بولكا، قېيزا، سېرىق ماي ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى. ئەمما گېلىدىن ئۆتمىدى. ئۇ يەنە كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىدى. يان تەرەپتىكى تەكچىدە تۇرغان مارىينىڭ كىچىك رامكىلىق سۈرىتىگە كۆزى چۈشتى. ئۇ مارىينىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئەسلىدى...

يوھانداس بەش ياشقا كىرگەن يىلى مارىي تۇغۇلدى. بۇ دەل يورگىننىڭ كەسپتە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇ ئېلزاۋېتانىڭ ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئالتۇن چاچلىق بىر قىز تۇغۇپ بەرگەنلىكىگە تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ بىكار بولسىلا مارىينى قولىغا ئېلىپ، ئۇزۇنغىچە

ئەركىلىتىپ ئۆينىتاتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن 5 يىل ئۆتۈپ كەتتى. يورگىننى مىيۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىشتى. ئېلىزاۋېتا بولسا مىيۇنخېندىكى ستاتىستىكا ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتى. گۈزەل كۈنلەر ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ئېلىزاۋېتا يورگىننىڭ تۇرمۇشىغا قانداق تاسادىپىي كىرىپ كەلگەن بولسا، شۇنداق تاسادىپىي غايىب بولدى. ئۇ جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا تاپتى. يورگىننىڭ ھەسرىتى مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. بۇ چاغدا مارىي 13 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئىككى بالىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆگىنىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى دەرس ۋە كەسپىي تەتقىقات يورگىننى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئارىدىن ئۆتكەن 3 يىل يورگىنغا 30 يىلدەك ئۇزاق بىلىندى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ژېننى بۆسۈپ كىردى. ئۇلار مېركۈرى رېستورانىدا تونۇشۇپ قالغانىدى. يورگىن ئادەتتە شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ رېستورانىدا تاماقلىناتتى.

— كەچۈرۈڭ، بۇ ئورۇندۇقتا ئادەم بارمۇ؟ — ئايال كىشىنىڭ زىل ۋە يېقىملىق ئاۋازى يورگىننى خىيالدىن ئويغاتتى. شۇ ھامان يورگىنغا ئەتىرنىڭ يېقىملىق ھىدى ئۇرۇلدى. بۇ دەل ئېلىزاۋېتا ئەڭ ياقتۇرىدىغان داڭلىق ئەتىرنىڭ پۇرىقى ئىدى.

— ئادەم يوق، مەرھەمەت! — دېدى يورگىن قولىدىكى كونىياك رومكىسىنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ.

— رەھمەت سىزگە، بىللە ئولتۇرۇپ تاماقلىنىدىغان بولدۇق، — دېدى ئايال خۇشپېئىللىق بىلەن.

— شۇنداق خانىم، رېستورانىدا پاتپاتلا ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بىرگە تاماقلىنىپ قالىسىز.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئايال كۈلۈپ، — مېنىڭ بۇ رېستورانغا تۇنجى كىرىشىم. سىز دائىم كېلىپ تۇرامسىز؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداقتا تاماقلىرىغا كۆنۈپ قاپسىزدە، تەمى قانداقراق؟

— نېمە دېسەم بولار، مەن كۆنۈپ قالغاندەك قىلىمەن. تەممۇ يامان ئەمەس.

— ماڭا تەمى ئەڭ ياخشى تاماقلاردىن تاللىشىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ، خانىم؟ مەن تاماقنىڭ تەمىنى سىزنىڭ تىلىڭىز بىلەن تېتىمايمەن ـ دە.

ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئېلىزاۋېتانىڭ كۈلكىسىگە ئوخشاپ كەتتى.

— ئوھۇي، ئەپەندىم، ئەجەبمۇ قىزىقچى كىشى ئىكەنسىز، ئەمىسە ھازىر مەن سىزگە تىلىمنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇراي، قېنى مەرھەمەت، — ئايال كۈلۈپ ئىككى جەينىكىنى ئۈستەلگە ئالدى ـ دە، ئېڭىكىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن ئىنچىكە تىلىنىڭ ئۇچىنى چىقاردى.

— ھېچ چۈشەنمىدىم خانىم، رېستورانىدا مۇشۇنداق قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

— كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، رەنجىتىپ قويدۇممۇ قانداق؟ بۇ پەقەت سۆزىڭىزگە جاۋابەن قىلىنغان چاقچاق. مەن دائىم ھەممىلا يەردە شۇنداق. چاقچاقنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر سىزنى راستىنلا رەنجىتىپ قويغان بولسام، ئەپۇ سورايمەن.

— ياق، ياق، ھېچ رەنجىتكىنىڭىز يوق. مەن ئۆزۈمچە مۇنداقلا...گاھىدا ئۆزۈممۇ گەپ-سۆزگە تازا دىققەت قىلالماي قالىمەن.

— رەنجىمىگەن بولسىڭىزلا كۆپ خۇشالمەن، ئەمما تاماق تاللاپ بېرىش نىيىتىڭىزدىن يالتىيىپ قالمىغانسىز؟

— ياق...ياق، ئەگەر سىز خالىسىڭىزلا، بىراق سىزگە يارامدۇ يوق، بۇنى بىلمەيمەن.

— رەھمەت سىزگە، ئالدى بىلەن سىز تاللاپ بەرگەن تاماقنى تېتىپ كۆرەي. ئەگەر يارىماي قالغۇدەك بولسا، ئۆزۈمنىڭ تىلىنى ئىشقا سالارمەن.

ئايال يەنە چاقچاق قىلىپ كۈلدى. بۇ قېتىم يورگىنمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بىردەمدىلا ئىجىل بولۇشۇپ قالدى، ئۇزاققىچە پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئايالنىڭ دادىللىقى، سۆزگە ئۇستىلىقى، ئاۋازى، كۈلۈشلىرى، ھەرىكەتلىرى، چاچلىرى، لەۋلىرى، زىننىقى ھەتتا ئەتىر ئىشلىتىشلىرىدىن تارتىپ ئېلىزاۋېتاغا ئوخشاپ كېتەتتى. مۇشۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان يورگىنغا ئەڭ قىزغىن مۇئامىلىدە بولغان تۇنجى ئايال ژېننى ئىدى. ئۇلار كېلەر ھەپتىدە يەنە مۇشۇ رېستورانىدا ئۇچراشماقچى بولۇپ ئايرىلىشتى. ژېننى ياش ۋە گۈزەل ئىدى. ئۇ يورگىنغا ئېلىزاۋېتانىڭ ئورنىنى باسالايدىغاندەكلا بىلىنەتتى. ئەلۋەتتە، ئائىلىدە باللار ئۈچۈن تەربىيىچى كېرەك، يورگىننىڭمۇ مەڭگۈ يالغۇز ئۆتۈپ كېتەلىشى تەس. 3 ئايدىن كېيىن يورگىن ژېننىغا كۆچۈنۈپ كېلىش تەلىپىنى قويغاندا ژېننى رەت قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر تۇل، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىسىمۇ يوق ئىدى. ژېننى كەلگەندىن كېيىن يورگىننىڭ يۈكى كۆپ يېنىكلىدى.

ژېننى كېلىپلا مارىي بىلەن ئىجىل بولۇپ كەتتى. يوھانداسمۇ بۇرۇنقىدىن ئېتىلىشىپ قالدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يورگىن نىكاھ مۇراسىمى ھەققىدە سۆز ئاچمىدى. ئەمما ژېننى يەنە تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. روژدېستۋا بايرىمى كېچىسى يورگىن بىلەن ژېننى ئۇزاققىچە پاراڭلاشتى. كونياكنىڭ تەسىرىدە يورگىن خېلى خۇش كەيىپ بولۇپ قالغان ئىدى. ژېننى ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى. ژېننىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا يورگىننىڭ قۇربى يەتمەيتتى. ئەتىسى ئۇلار چېركوۋغا بېرىپ نىكاھ مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ھەممە پېشكەللىك ئەنە شۇ تويدىن باشلاندى. يورگىننىڭ ھەسرىتى قايتا قوزغالدى. ژېننى تېزلا ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ يورگىننىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان يىغقان-تەرگىنىنى خالىغانچە بۇزۇپ-چېچىشقا باشلىدى. مارىيغا زادىلا كۈن بەرمىدى، يوھانداسنى بولسا كۆرەر كۆزىمۇ يوق ئىدى. مارىي بىلەن يوھانداس بۇ ئۆيدە ئەركىنلىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىندى. ئۇنى ئاز دەپ ژېننى بىر پوچتىكەش گىرىك بىلەن دوست بولۇۋالدى. يورگىن بۇ ئەلەمنىمۇ جىمجىتلا ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

— سىلەر تونۇشمايسىلەرغۇ دەيمەن، قېنى مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ژېننى بىر شەنبە ئاخشىمى پوچتىكەشنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، — فوگېل، پوچتا ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. ئۆزى گىرىك.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى فوگېل قىزغىنلىق بىلەن يورگىنغا قول ئۇزىتىپ، — تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن.

— ھە، ئەلۋەتتە، مەنمۇ شۇنداق... نېمىسچە ئىسىم قويۇۋاپسىز، مۇبارەك بولسۇن!

— رەھمەت، سىزگە ياقامدۇ؟

— سىز نېمىسلارنى ياقتۇرامسىز؟

— بۇ ئىسىمنى ماڭا ژېننى قويغان، ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن.

— ئىسىمنىمۇ ياكى ژېننىنىمۇ؟

— ھەر ئىككىلىسىنى. ژېننى سەمىمىي، خۇش چاقچاق ئايال. سىز ئايالىڭىزدىن پەخىرلىنىشنى بەخت ھېسابلىشىڭىز كېرەك.

— بۇ ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىسىمۇ؟

— بۇ ئارىستوتېلغا قىلىنغان ھاقارەتمۇ ياكى ماڭىمۇ؟

ژېننى ئارىدىكى بىئەپ ھالەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، چاقچاق ئارىلاش دېدى:

— سىلەر تونۇشا - تونۇشمايلا كونا قەدىناسلاردەك قىزىشىپلا كەتتىڭلارغۇ؟ نوگېل، مەن ئېرىمنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ وياي، پروفېسسور يورگىن بېتكى، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئادەم.

ئۇلار كەچلىك تاماقنى جىمجىت يېيىشتى. ژېننى تاماقتىن كېيىن «Risiko»① ئويناشنى ئېيتتى. يورگىننىڭ ھېچ ھەۋەسلىسى قالمىسىمۇ بىرقانچە قول ئويناشقا مەجبۇر بولدى.

— مېنىڭ بىرئاز بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ. يۇقىرىغا چىقىپ ئارام ئالساممىكىن دەيمەن. كەچۈرۈڭ، بىللە بولالمايدىغان بولدۇم، — يورگىن فوگېلدىن ئەپۇ سوراپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمىدى. ئۇلارنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئۇلار تۆۋەندىكى قەۋەتتە ھېچ دەخلىسىز ئەركىن - ئازادە قېلىشتى. يوھانداس بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. مارىي تاماقتىن ئىلگىرىلا بىر دوستىنىڭ تويلۇق كىيىمىنى كۆرۈپ كېلىشكە چىقىپ كەتكەن.

يورگىن كىتابخانىسىغا چىقىپ ئىككى تال ئاسپىرىن ئىچتى - دە، ئۆزىنى كرېسلوغا تاشلاپ مۈگدەشكە باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن شىرىقلىغان بىر ئاۋاز بىلەن كۆزىنى ئاچتى. بۇ نېمە ئىش؟ ئۇنىڭ چىرىغىنى كىم ئۆچۈرۈپ قويىدى؟ ئۆزى ئۆچۈرۈپ ئۇنتۇپ قالدىمۇ - يا؟ چىراغ يانمىسىمۇ دېرىزىدىن بىرخىل كۆكۈچ ئاق نۇر چۈشۈپ، ئۆي ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يورگىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بۇ قانداق ئىش؟ بۇ كۆكۈچ ئاق نۇر نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ قورۇنىڭ چىرىغى ئەسلىدە سارغۇچ ياناتتى. يورگىن كارىدورغا چىقماقچى بولدى. ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قولىنى ئۇزىتىشىغا ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە كۈلۈپ قويدى. كارىدوردا بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلانغاندەك قىلدى. «بۇلار چوقۇم ژېننى بىلەن ھېلىقى ئەبلەخ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — قارا، بۇنىڭ بىشەملىكىنى، تېخى ئەيمەنمەستىن ئۆز ئۆيۈمدە مېنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا پېتىنىۋېتىپتۇ - ھە» يورگىن كارىدورغا چىقىۋىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. كارىدورمۇ شۇنداق يورۇق. كۆكۈچ ئاق نۇر ھەممە بولۇڭ - پۇچقاقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يورگىن ھەيرانلىق بىلەن ئەت-

① «Risiko» — قارا ئامىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەشمەخال ئېتىپ، ئۇرۇق يۆتكەپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن.

راپقا سىنچىلاپ قارىدى. كارىدورنىڭ چىراغلىرىمۇ يانمىغان. بۇ نۇر قەيەردىن كىرىۋاتىدۇ؟ توغرا، توغرا... تاپتىم! مارىينىڭ ھوجرىسىدىن چىقىۋېتىپتۇ. ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولسا كېرەك. ئۇ مارىينىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھېلىقى نۇر مۇشۇ ئۆيدىن چىقىۋېتىپتۇ. يورگىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى. ئاھ، مارىي! بۇ دەردنى ئەمدى سەن تارتىدىغان بوپسەن-دە، بۇ نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق، قىزىم، خوتۇنۇم ... ياق ھېلىقى ژېننى، ھەممىسىلا ئوخشاش بۇزۇق ئىكەن-دە. تېخى ساددا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مېنى ئالداپ يۈرگىنىچۇ بۇ قانجۇقنىڭ.

يورگىن ئۆي ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالماي تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ ئىشلارنى دادىڭىز ئۇقمىسۇن، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنىمۇ ئېيتماڭ. بولمىسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ.

ئەر ياكى ئايالنىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ناتونۇش كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ھۇ ئىپلاسلار! دادىڭىز ئۇقمىسۇن دەۋاتقىنىنى تېخى. مەن بىلمەسمىشمەن. مەندىن نېمىنى يوشۇرماقچىدىڭلار؟ ھەممە ئىش ئاشكارا بولۇۋاتسا. يورگىن شۇنداق دەپ پىچىرلىدى. ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئۆيگە باستۇرۇپلا كىرمەكچى بولدى.

— خەير-خوش، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ھېلىقى ئاۋاز. ئۆيدىن بىر ئايال چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى نۇرلۇق ئىدى. ھە، ئەمدى بىلدىم. بۇ كۆكۈچ نۇرلار مۇشۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن تارقىۋېتىپتۇ-دە. يورگىن سەل ئەيمەنگەن ھالدا ئايالغا قارىدى. ئايال باشتىن ئاياغ ئاق كىيىم كىيىۋالغان. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى يەردە سۆرىلىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئايالنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلدى. لېكىن ئەسلىيەلمىدى. ئايال ئەدەپ بىلەن «خەيرلىك كەچ» دېدى يورگىنغا.

— خەيرلىك كەچ، — دېيەلىدى يورگىنمۇ ئاران.

— كەچۈرۈڭ، كەچتە سىزگە دەخلى قىلىپ قويدۇممۇ قانداق؟

— سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى يورگىن ھودۇقۇپ.

— شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتتىڭىزما؟ تونۇيالمايۋاتامسىز؟ بەزىلەر سىزنى ئېلىشىپ قالدى دېسە زادىلا ئىشەنمەيتتىم. ئۇنتۇپ كەتكىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتۇ. ئۆتمۈشنى ئەسلەش، توغرىسى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلەش كىشىگە بىر ئازاب. قاراڭ، ھازىر مەنمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتسەملا دەيمەن. بەلكى ئۇنتۇپمۇ كەتكەندىمەن. ئۇچاندىكى بۇ كىيىممۇ يېڭى مودا. بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن ئىختىرا قىلىنغان. ئەمما زامانغا لايىق قىلىپ ئۆزگەرتتىم. نۇر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ھازىر ئېلېكترون دەۋرى ئەمەسمۇ، كىشىلەرمۇ شۇنىڭغا ماسلاشمىسا بولمايدۇ-دە. ئۇچىڭىزدىكى مۇنۇ كىيىملەرنىڭ يەڭگۈشلىنىدىغان ۋاقتىمۇ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ كىيىملىرىڭىز خۇددى پادىشاھ لىيودۋىگ زامانىسىدىكى مۇلازىملارنىڭ كىيىملىرىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ. سىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئوخشايدۇ. دوستلىرىڭىزمۇ يوقمۇ؟ كۆپ سۆزلەپ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، كەچۈرۈڭ... خەير خوش! يوھانداسقا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ!

ئايال خوشلىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. يورگىن ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە قېتىپلا قالدى. بۇ ئايال كىم؟ مارىينىڭ ياتىقىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ۋاي، مېنىڭ قاپاق كاللام، ئېسىم قۇرۇسۇن مېنىڭ. بۇ ئېلىزاۋېتا ئەمەسمۇ... نېمىشقا باياتىن تونۇمىدىم، نېمىشقا تۈزۈكرەك گەپمۇ قىلمىدىم. يورگىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپلا كەتتى. ئۇ ئەمدى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىدى. ئاياغلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ پۈكۈلۈپلا قالدى.

ئېلىزاۋېتانى ئاشۇ تويلۇق ئاق كۆڭلىكى بىلەن دەپنە قىلىشقان ئەمەسمىدى؟ ئاھ، ئېلىزاۋېتا، ئېلىزاۋېتا! يورگىن قاتتىق توۋلىۋەتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر خىل سېھرى كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن بىردىنلا تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇ مارىينىڭ ھوجرىسىغا ئېتىلىپ كىردى. مارىي كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن مارىي، مارىي دەپ ۋارقىرىغىنىچە تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ كەتتى. ژېننى بىلەن فوگېل بەھۇزۇر پەيزى قىلىشماقتا ئىدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ نېمانچە ھودۇقىسىز؟ — دېدى ژېننى تەئەددى بىلەن.

— مارىي قېنى؟ ئۇ نەگە كەتتى؟

— كاللىڭىز جايىدىمۇ سىزنىڭ، ئۇ بايىلا دوستىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتىغۇ. ئۇنىڭغا بۇرۇنراق قايتىپ كىرىشنى تاپىلىغانمۇ ئۆزىڭىز. ئەمما ئۇ قايتىپ كىرگىنى يوق. مەن ئېيتتىمغۇ، بۇ ئۆينىڭ باللىرى كىچىكىدىنلا تەربىيىسىز قالغان. ئەمما سىزچۇ؟ سىز ئاتىقى چىققان پروفېسسور. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى بىر ئاز تۇتۇۋېلىشىڭىز كېرەك. دوختۇردا يېتىپ داۋالىنىڭ دەپ قانچە قېتىملاپ ئېيتتىم. بىراق سىز قېتىڭىزغىمۇ ئېلىپ قويمىدىڭىز. سىزنى دەپ مەنمۇ ئېلىشىپ قالايلا دەۋاتىمەن... بىرەر رومكا ئېچىپ ئۇخلىمامسىز؟ — ژېننى بوتۇلكىغا قولىنى ئۇزاتتى.

— ياق، رەھمەت... كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، — يورگىن فوگېلدىن ئەپۇ سوراپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيدىن يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ژېننى فوگېل بىلەن ئاشكارا مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىدى. پوچتىكەش ھەر كۈنى دېگۈدەك «Risiko» ئويناشنى باھانە قىلىپ كېلەتتى. يورگىنمۇ ئامالسىزلىقتىن بىرنەچچە قول ئوينايتتى-دە، ئارام ئېلىشنى باھانە قىلىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتەتتى. فوگېلنىڭ بۇ ئۆيدىن قاچان چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. يورگىن بولسا بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. بىر كۈنى ئۇلار يەنە «Risiko» ئويناشقا ئولتۇرۇشتى.

— يەنە ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان بولدىڭىز، — دېدى فوگېل بىر قولى بىلەن دائىم تاقىۋالىدىغان قارا بانتىكىنى تۈزەشتۈرۈپ.

— يورگىن ئۇتتۇرۇپ كېلىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن زامان بولۇپ قالدى، — دېدى ژېننى مەسخىرە ئارىلاش.

— ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، — دېدى يورگىن شىشىخالنى قولىغا ئېلىۋېتىپ. ئۇ ئۈچ تال شىشىخالنى ئۈستەلگە ئېتىۋىدى، ئۈچىلىسى بىر تال چېكىتنى كۆرسەتتى.

— دېگىنىمدەكلا بولدى، — دېدى ژېننى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئەمەت پەرىش-



تىسىمۇ بۇ ئادەمدىن بىزار بولۇپ قېچىپ
كېتىپتۇ.
ژېنىنى توختاۋسىز كۈلەتتى، فوگېل-
مۇ قوشۇلۇپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئويۇن
بىر چەتكە قايرىلىپ قالدى. يورگىنىنىڭ
ئەسەبلىرى تارتىشىپ تىترەشكە باشلىدى.
ئۇ زادىلا تاقەت قىلالمىدى. ژېنىنى بىلەن
فوگېلنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى تېخىمۇ
ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. يورگىنىنىڭ
قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ ئۆيى پىرقىراۋاتقاندەك
تۇيۇلدى. يورگىن ئالدىدا ئولتۇرغان
ئىككىسىنىڭ چىرايىنى خۇددى ھەجۋىي
ئەينەكتە كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ-
لارنىڭ چىرايلىرى ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىپ
غەلىتە مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.
ئەنە كۈلكىدىن فوگېلنىڭ ئېڭىكى
پەسكە ساڭگىلاپ ئېقىپ چۈشتى. ژېنىنىمۇ
بىردىنلا قورقۇنۇچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ
قالدى.
دەسلەپتە ژېنىنىڭ بېشى كىچىكلەپ
بىر چېكىتكە ئايلاندى. ئۇنىڭ گەۋدىسى
بىلەن ئىككى قولىلا مىدىرلايتتى. ئۇنىڭ
قوللىرى ئۇزاردى. بۇ بىر جۈپ قول گويا
ماھارەتلىك ئۇسسۇلچىنىڭ قوللىرىدەك
نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن يورگىنىنىڭ
ئالدىغا سوزۇلۇپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىماق-
چى بولدى. يورگىن سەسكىنىپ كەينى-
گە چېكىنىپ قالدى. بىر جۈپ قول
پروفېسسورغا شەپقەت قىلغاندەك قىسقى-
راپ كەينىگە قايتتى... ئەمدى ئاستا-
ئاستا ژېنىنىڭ بېشى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.
كۈلكە بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ،
كۈچلۈك ئەكس سادا قايتۇرۇۋاتقاندەك
ئاڭلىناتتى. ژېنىنىڭ ئاغزى چوڭ ئېچىل-
دى. ئۇنىڭ قىپقىزىل تىلى ئۇزىراپ،
تولغىنىپ يورگىنغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.
يورگىن تەشۋىشكە چۈشتى. ئۇزۇن تىل
ئۈستەلدىكى شامنى يالاپ ئۆچۈرۈپ قويدى.
دەل مۇشۇ چاغدا يورگىن ژېنىنىڭ پې-
شانىسىدە بىر تالالا كۆزى بارلىقىنى كۆرۈپ
قالدى. ئۇ كۆزدىن بىر خىل ۋەھىمىلىك
ئوت چاقنايتتى. ئۇزۇن تىل سوزۇلۇپ
كېلىپ يورگىننىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى يا-
لاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا جان
قالمىدى. ئۇ قىمىر قىلىشقىمۇ جۈرئەت
قىلالماي كىرىسلوغا چاپلىشىپلا قالدى،

چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتتى. بىردىنـ
لا ژېنىنىڭ يالغۇز كۆزىدىن بىر ئالىماچ
يىلان بېشىنى چىقاردى. ئۇنىڭ تىلىنىڭ
ئۇچىدا غەلىتە بىرخىل كۆكۈچ ئوت چاقـ
نايتتى. يىلان ۋىشىلداپ تولغانغىنىچە
كېلىپ، تىلىنىڭ ئۇچىدىكى ئوت بىلەن
ئۈستەلدىكى شامنى ياندۇرۇپ قويىدى ھەمـ
دە سۈرلۈك ۋىشىلداپ يورگىنىغا ئېتىلدى.
خۇدىنى يوقاتقان يورگىن ئۆزىنى كەيـ
نىگە قاتتىق تاشلىدى. ئۇ كرېسلو بىلەن
بىللە يىقىلدى. ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئورنىـ
دىن تۇردى ـ دە، دەھشەتلىك ۋارقىراپ
پەلەمپەيگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ پەلەمپەيدە
يىقىلىپ، مۈدۈرۈپ ئۆمىلىگىنىچە ئىككىنـ
چى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. يورگىن شۇنـ
دىن كېيىن ژېنىنغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ
جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.
ژېنىنى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى ـ دە،
فوگېلنىڭ كىچىككىنە ئىككى ئېغىزلىق
ھوجرىسىغا كۆچۈنۈپ كەتتى ...

پروفېسسور مارىينىڭ رەسىمىدىن
كۆزىنى ئېلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ
دە، مارىينىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى. ئۇنىڭ
كۆزى ئۈستەلدىكى خەتكە چۈشتى.

«سۆيۈملۈك دادا!

ھەسرىتىڭىزگە ھەسرەت قوشۇۋاتـ
قانلىقىمنى بىلىمەن. چارىسىز قىزىڭىزنى
كەچۈرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئېنسان
ئۆز ئەركىدىن ئايرىلسا قەپەستىكى قۇشـ
قا ئوخشاپ قالىدۇ. قەپەستە سايرىغان
قۇشنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى چۈشىنىسىز

ئەلۋەتتە. ئاپامدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى
جۇدالىق كۈنلەرنىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر
ئېغىر ئىكەنلىكىنى سىز ھېس قىلىپ باقـ
قانمۇ؟ ئۇ چاغدا سىزمۇ مەندىن پەرقـ
لەنمەيتتىڭىز. يۈرەك يارىڭىزغا تۇز سېـ
پىشنى خالىمىدىم. مېنىڭ مۇڭداشقۇدەك
ئادىمىم يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا يوھانـ
داسمۇ تىلسىز مەخلۇققا ئايلىنىۋالغان
ئىدى ...

سۆيۈملۈك دادا، سىزمۇ بىلىسىز، بىز
بۇرۇن قانداق بەختلىك ئائىلە ئىدۇقـ
ھە... دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئائىلىۋى
ساياھەتلىرىمىز مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.
يوھانداس ئىككىمىز ئۇ چاغلاردا ئەركىن
قۇش ئىدۇق. ھازىرچۇ؟ ئۇ ھازىر خۇددى
بوينى باغلانغان كېيىكتەك پانكىلاردىن①
ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن ئۇنى
ئالدىنقى كۈنى «مارىيام پلاتس»②تا
كۆردۈم، ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن، چىرايىـ
مۇ غەلىتىلا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بەلكى خروـ
ئىن بىلەن زەھەرلەنگەن بولسا كېرەك.
مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالـ
مىدىم. شېرىكلىرىنىڭ ئەلپازىمۇ ناھايىتى
قورقۇنچلۇق ...

مەن بۇرۇن ئىنتايىن جۈرئەتسىز
ئىدىم، ئاپاممۇ مېنىڭ بۇ مىجەزىمنى
ئەيىبلەيتتى. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئىنسان
ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يەتتىم.

سۆيۈملۈك دادا، ئېسىڭىزدىمۇ، بىز
بىر يىلى تۈركىيىگە ساياھەتكە باردۇق.
(ئەلۋەتتە ئاپامنىڭ تەلىپى بويىچە) سەلـ

① پانكىلار — جەمئىيەتكە نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر. ئۇلار جەمئىيەت قانۇن ـ تۈزۈملىرى ۋە بارـ
لىق قائىدە ـ يوسۇنلارغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. چەكسىز ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدۇ، ئەڭ غەلىتە مودىلاردا ياسىنىشىدۇ.

② «مارىيام پىلاتس» — بۈۋى مەريەم مەيدانى. ميۇنخېن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۈۋى مەريەم چېركوۋسىنىڭ ئالدىدىكى ئاۋات مەيدان.

چۇق شەھىرىنىڭ يېنىدىكى چوققىغا چىقىپ بۈزرۈكۋار مەريەم ئانىمىزنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇنىڭ مىستىن ياسالغان نەپىس ھەيكىلىنى كۆرگەن ۋاقتىم زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ چاغلاردا مەن 12 ياشلاردا بولسام كېرەك. مەن شۇ چاغدا ئاپامنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بۇ ھەيكەل سىزگە بەك ئوخشايدىكەن، — دېدىم، ئاپام ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى ۋە شۇ ئانىلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بىز — بارلىق خىرىستىئانلارنىڭ بۈزرۈكۋار ئانىسى، — دېدى.

بىلەمسىز دادا، ئاپامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەريەم ئانا پات - پاتلا چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭ بوش ۋاقتىم بولسىلا «مارىيام پلاتىس» قا بېرىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

سۆيۈملۈك دادا، سىز بىلەمسىز، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇش ئۆلگەنگە باراۋەر ئىكەن. مەن ئۆلگەن بولسام كېرەك. توغرىسى، ئۆلگەن روھىم كېرەكسىز تېنىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ...

ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا پەقەت بىرلا سىما — يەنى سەلچۇق شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چوققىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۈزرۈكۋار مەريەم ئانىنىڭ گۈزەل مىس ھەيكىلىلا بار.

بۈزرۈكۋار مەريەم ئانىمىز پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەققانىيەتنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ بۈيۈك ھامىيسى. ئۇ ئىنسانىي مېھرى - مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلارنىڭ قەلبىگە، مېھرى شەپقەت ۋە دوستلۇق، - مۇھەببەت نۇرۇقىنى چاچقۇچىدۇر.

خەير - خوش، دادا! سىزنى سۆيۈپ:

قىزىڭىز مارىي»

پروفېسسورنىڭ قوللىرى تىترەپ، ئاغزى بىر تەرەپكە قىيسىيىشقا باشلىدى. قولىدىكى خەت ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەندى.

## 4

پروفېسسور يورگىن شۇندىن كېيىن تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ كەتتى. ئىراق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دەرسنى تاشلىمىدى. ئۇ دەرس ئۆتكەندىلا غەمدىن بىرئاز خالاس بولاتتى. ئۇنىڭ دەرد ئېيتىپ ئىچىنى بوشاتقۇدەك بىرەر ئادىمى قالمىدى. يوھانداسنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىدى، ئۇنى ئاز دەپ مارىيمۇ چېركاۋغا كېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ مارىينى بىرقانچە كۈن ئىزدىدى، ئەمما ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئۇ ئاخىرى كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن رېگىنا خانىمنى تاپتى. رېگىنا بېرلىندا پسىخولوگىيە ئوقۇغان بولۇپ، ھازىر ميۇنخېندا ھال ئېيتقۇچىلارغا مەسلىھەت، تەسەللى بېرىدىغان مەخسۇس كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھەمدە ئۇنىڭ نامى خېلىلا چىقىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن دەردمەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. پروفېسسور يورگىنمۇ رېگىنا خانىمنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ھە دېسىلا رېگىنا خانىمغا كۆڭلىدىكى دەرد - ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ ئۇنىڭ تەسەللىلىرىنى ئاڭلاپ، مەسلىھەتلىرىنى ئالاتتى - دە، خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ رېگىنا خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا ھەپتىدە بىر قېتىم، گاھىدا بىرنەچچە قېتىم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن

ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆھبەتلىشەتتى، كۆڭلى يورۇپ قالاتتى. ئۇ بۇگۇنمۇ رېگنا خانىمغا تېلېفون بېرىپ، چۈشتىن كېيىن سۆھبەتكە بارماقچى بولدى.

— ياخشىمۇ سىز خانىم، كەيپىياتىڭىز قانداقراق؟ — دېدى يورگىن ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ.

— ياخشىمۇ سىز پروفېسسور، سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزنى كۆرۈپ، تېخىمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دېدى يورگىن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇپ، — سىز بىلىسىز خانىم، بىر مەزگىل بەزىلەر مېنى «ئېلىشىپ قالدى»، دېيىشتى. بۇ پەقەت ژېنىنىڭلا ئويۇنى. ئۇ ھەتتا مېنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بەرمەكچىمۇ بولدى. ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئۇ ھازىرمۇ مەندىن نەپ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. قانۇنىي جەھەتتىن ئۇنىڭ مەندىن نەپ ئېلىشى يوللۇق. ئەمما ئۇ ماڭا ۋىجدان بىلەن بىرەر ئېغىز گەپ قىلالامدۇ؟... ئۇ مېنى ھەممىدىن ئايرىدى، ئەمما ئۆزى نېمىگە ئېرىشتى؟ ئاشۇ ھەر ئايدا ئالىدىغان بىرقانچە يۈز مارك پۇلغىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، كىشىلەرنىڭ ھەۋەس - ئىشتىياقى ئوخشاش بولمايدۇ، پروفېسسور. ئەر - خوتۇنلارنىڭ كېلىشەلمەسلىكى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ھادىسە. سىز پىكرىڭىزنى بۇ تەرەپكە چاچماڭ. ئەڭ مۇھىمى يوھانداس بىلەن مارىينى ئىزدەپ تېپىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە باش قاتۇرۇشىڭىز كېرەك.

— شۇنداق، مەن يەنە گېزىتكە ئېلان چىقاردىم. ئۇلارنىڭ نەگىلا بارسا ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى ئېنىق. ئەمما قاچانلا بولسۇن بىر كۈنى قايتىپ كېلىشىگە ئىشىنىمەن.

— توغرا ئېيتتىڭىز. ئۇلار بىر كۈنى ھەممىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى پەرزەنتلىك مېھرى - مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ۋە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن.

— بۇ تەقدىرنىڭ ماڭا قىلغان رەھىمسىز چاقچىقى. توغرا، مەن بىر مەزگىل چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك خامۇش ياشىدىم. دەردلىرىمگە نېرۋىلىرىم بەرداشلىق بېرەلمىدى. داڭلىق دوختۇرلارغىمۇ كۆرۈنۈپ باقتىم، پايدىسى بولمىدى. سىزلا، پەقەت سىزلا مېنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزدىڭىز. سىزنىڭ تەسەللى - مەسلىھەتلىرىڭىز، توغرىسى سەمىمىي دوستلۇقىڭىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بىزدە دوستلۇق كەم. راستىنى ئېيتقاندا بارغانسېرى كەملەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئېيتىڭچۇ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

— بۇنىڭ سەۋەبلىرى نۇرغۇن. ئەمما سىز قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلىشىم ناتايىن، — دېدى رېگنا خانىم تەبەسسۇمىي كۈلۈمسىرەپ، — سىز ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىسىز. ھەقىقەتەن بىزدە دوستلۇق ئاز، كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. گەرچە بەزىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ... قىسقىسى مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىشىمنى ھەتتا ئويلاپمۇ باقمىغان. ئەمما تۇرمۇش يولى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىم مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ھازىر گېرمانىيىنىڭ چوڭ شەھەرلىرى ئەمەس، ھەتتا ھەرقانداق بىرەر كىچىك يېزىسىغا بارسىڭىزمۇ مېنىڭ كەسىپداشلىرىم-

نى تاپالايسىز. ئۇلار بارغانسېرى كۆپىيىـ
ۋاتىدۇ، سىزنىڭچە بىز بۇ كەسىپتىن قول
ئۈزۈشىمىز كېرەكمۇ؟

— ياق، رېگىنا. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە.
سىز دوستلۇقتىن مەھرۇم بولغان نۇرغۇن
كىشىلەرگە دوستلۇق ئاتا قىلدىڭىز. ئۇلار-
غا ئىنسانىي مېھرى - مۇھەببەتنىڭ ماھىـ
يىتىنى تونۇتتىڭىز. كىشىلەر سىزگە ۋە
سىزنىڭ كەسىپداشلىرىڭىزغا موھتاج.

— مېنىڭچىمۇ ھازىر شۇنداق. ئەمما
مەڭگۈ شۇنداق بولۇشى ناتايىن. مەن قا-
چانلا بولسۇن بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللى-
نىدىغانلارنىڭ ھازىرقىدىن ئازىيىشىنى،
ئەكسىچە جەمئىيەتنىڭ ھەممە بولۇڭ -
پۇچقاقلىرىدا كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت
ئېيتىپ يۈرمەسلىكىنى خالايمەن. بۇ ھەر-
گىز، جەمئىيەتتە پسىخولوگلار بولمىسىمۇ
بولىدۇ، دېگەنلىكىم ئەمەس. مەن پەقەت
كىشىلەردە ئىنسانىي مېھرى - مۇھەببەت-
نىڭ ئۇلغىيىشىنى، دوستلۇقنىڭ كۈچىيىـ
شىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئاسىيادا نۇر-
غۇن دۆلەتلەرگە باردىم. ئاسىيالىقلار مېھ-
ماندوست خەلق. ئاسىيادىكى بەزى دۆ-
لەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى گېرما-
نىيىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېگۈدەك نەرسىسى قال-
مىسىمۇ مېھمىنىنى ئاچ قويمايدۇ. بىزدىكى
دوستلۇقنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ،
چۈنكى بىزدە ئاچ - توقلۇق مەسىلىسى
مەۋجۇت ئەمەس... مەن نۇرغۇن دۆلەتلەر-
نى كەزدىم. پسىخولوگىيە ساھەسىدىكى
بەزى مەسىلىلەرنى بىرەرسى بىلەن ئور-
تاقلاشقۇممۇ بار.

— مەن ئورتاقلىشالماسمەنمۇ؟

— سىز خالىسىڭىزلا، بىراق ئۇ چاغدا
بىز ئورنىمىزنى ئالماشتۇرىمىز.

— راستىنلا شۇنداق ئويلاۋاتامسىز،
رېگىنا؟— دېدى پروفېسسور ئەجەبلىنىپ.

— تالاش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق،—
دېدى رېگىنا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ،—
كىشىلەر ھامان ئۆزئارا ياردەمگە موھ-
تاج. بولۇپمۇ روھى جەھەتتىن. بۇ ئىنـ
سانلار مۇناسىۋىتىنىڭ نازۇك تەرىپى.
بىز بۇرۇن بۇ نۇقتىغا سەل قارىغان. لېكىن
ھازىر كىشىلەر بۇ مەسىلىنى بارغانسېرى
چوڭقۇر ھېس قىلماقتا... نېمە ئۈچۈن
بىزدە ھازىر دوستلۇق ئازىيىپ كەتتى؟
بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ۋە
مۇرەككەپ. كىشىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بۇ-
يان بايلىق يارىتىش ئۈچۈن جان تىكىپ
ئىشلىدى. موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل
ياشاش يولىنى ئىزدىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن
ۋاقىت مۇھىم ئامىل ئەلۋەتتە. ۋاقىتنىڭ
قىسقىلىقىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى سۇس-
لاشتۇرىدىغانلىقى ئېنىققۇ. بىز ئىشقا كەل-
گەندە ياپونلاردىن قېلىشمايمىز. ئەنە شۇ
تىنىمسىز ئىش ئىزچىللىقى نۇرغۇن كىشى-
لەرنى ماشىنا ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى...
بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە سەۋەبلەرمۇ
بار. سىزگە مۇنداق ئىككى مىسالنى سۆز-
لەپ بېرەي. ماڭا ھال ئېيتىپ كەلگەن
ئىككى موماي بار. ھەر ئىككىلىسىنىڭ يېشى
70 تىن ھالقىغان، ھەر ئىككىلىسى ياشانغانلار
كۈتۈنۈش ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخـ
شايدىغان يېرى شۇكى، ھەر بىرسىنىڭ بىردىن
ئوغلى ۋە بىردىن قىزى بار. ئەمما ئۇلار-
نىڭ تەلەپلىرى بىر-بىرىنىڭكىگە زىت. ئۇ-
لارنىڭ بىرى پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە
تۇرۇشنى، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۇلارنىڭ يېنىـ
دا ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ. ئەمما پەرزەنتلىـ

رى ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇلار ئۇنىڭ مېھ-
رى - مۇھەببىتىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا چۈ-
شىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ
ئاپىسىدىن خەۋەر ئالغۇدەك ۋاقتى يوق.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى پى-
لانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. باشقىلار-
نىڭ دەخلى يەتكۈزۈشىنى خالىمايدۇ. قانۇن
بويىچە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قاراش
مەجبۇرىيىتى يوق - تە، يەنە بىر موماي
ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن ئۆزى
تەلەپ قىلىپ كۆتۈنۈش ئۆيىگە كەتكەن.
ئۇ بىر قېتىم قاتتىق ئاغرىپ قالغاندا ئوغ-
لى ئۇنى ئالغىلى كەپتۇ. ئەمما موماي ئۇنى-
ماپتۇ. ئوغلى ئامالسىز قايتىپ كېتىپتۇ.
موماي باشقىلارنى ئاۋارە قىلىشنى خالىماي-
كەن. ئۇنىڭ نەزەرىدە قېرىغاندا بالىلىرىغا
يۈك بولۇپ قېلىش بىر خىل روھىي ئازاب
ھېسابلىنىدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ پەرزەنتلى-
مۇ جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرگە ئوخ-
شاشلا ئۆز تۇرمۇشىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئو-
رۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە - دە.

— توغرا ئېيتتىڭىز، خانىم. بىز
ئەلۋەتتە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى،
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلىشىمىز، ھەرگىز
ئۇلارغا يۈك بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم، —
پروفېسسور رېگىنا خانىمنىڭ سۆزىنى قۇۋ-
ۋەتلىدى.

— بىرەر ئىستاكان قىزىق قەھۋە ئى-
چەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، تەكلىپىڭىزنى يەردە
قويمايمەن.

رېگىنا كۆتكۈچىسگە قەھۋە بۇيرۇپ
قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھېلىقى موماي ماڭا مۇنداق دې-
دى: «مەن ئوغلۇمنى 18 ياشقىچە تەربى-
يىلىدىم. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇستە-
قىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىنى تېپىش
تەلىپىنى قويدۇم. ئۇ بىر تېخنىكا مەكتىپىگە
ئوقۇشقا كىردى. دەرستىن چۈشكەندە بوا-
لىنخانا ۋە پارۋايخانىلاردا ئىشلەپ قوشۇمچە
كىرىم قىلىدىغان بولدى. ئۇ ئاخىرى ئۆي-
دىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتىمۇ ئو-
قۇيالىدى. ئۇ كېيىن ئۆيگە زادىلا يولى-
مىدى. دادىسى بىلەن ئىككىمىز قاتتىق
ھەسرەت چەكتۇق. بىز ئۇنىڭ ئانچە-
مۇنچە ئۆيگە كېلىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندۇق.
ئۇ يىلدا ئىككى قېتىم، يەنى دادىسىنىڭ
ۋە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئۆيگە كې-
لەتتى. روژدېستۋا ۋە يېڭى يىل بايراملىرى-
دا بولسا تېلېفون بېرىپ بىزدىن ئەھۋال
سورايتتى. بىز ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا رە-
ھىمسىز مۇئامىلە قىلغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ
رىياش قەلبىگە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى
بىلمەيمەن، ئەمما ئۇ چاغدا جەمئىيەت،
ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش
بىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان.
ئوغلۇم ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى.
ئۇ كېيىن دادىسىنىڭ ۋاپاتىدا ئۆيگە كەل-
دى، لېكىن قونمىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن
بىر كېچە بولسىمۇ مۇڭدىشىپ، كۆڭلۈم-
دىكى گەپلىرىمنى ئېيتىۋالغۇم بار ئىدى.
ئەمما ئۇ كەتتى... ھازىر مەن پېنسىيە
پۇلۇمنى ياشانغانلار ئۆيىگە يۆتكىدىم. ئۆم-
رۈمنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ يەردە ياشىماق-
چىمەن. مەن سىزنىڭ ئوغلۇم توماسقا بۇ
ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغانلى-
قىڭىزغا ئىشىنىمەن.» ئەمدى چۈشەنگەنسىز،
پروفېسسور. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىنتايىن
نازۇك ۋە مۇرەككەپ. كىشىلىك مۇناسىۋەت-
مۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە

ماس هالدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ.
— توغرا ئېيتتىڭىز، رېگىنا! مەن
بەزى نەرسىلەرنى، يەنى بىز بۇرۇن نەزە-
رىمىزدىن ساقىت قىلىپ كېلىۋاتقان بەزى
مەسىلىلەرنى ھېس قىلىۋاتىمەن، چۈشىنىۋا-
تىمەن. بىزدە ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا
كېرەكلىك ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، قىسقى-
سى بىز جەمئىيەتتە بېجىرىشكە تېگىشلىك
نۇرغۇن ئىشلىرىمىزنى تېلېفون ئارقىلىق
ئالاقىلىشىپ بېجىرىمىز. تېلېفون، تېلېفا-
كىسلار بىز ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز
قولايلىق شارائىتلارنى ياراتتى. بىز ھەتتا
ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز ۋە ئەڭ يېقىن دوست-
لىرىمىز بىلەنمۇ بىۋاستە كۆرۈشۈشنىڭ
ئورنىغا تېلېفون بىلەن ئالاقىلىشىمىز، ئاي-
لاپ ھەتتا يىللاپمۇ كۆرۈشەلمەيمىز.
— شۇنداق، ھازىر بىر قىسىم ياشلار
بەزى مەسىلىلەرنى بىزدىن بۇرۇنىراق باي-
قىدى. ئۇلار بۇ ھەقتە بەزى ئەمەلىي ئىش-
لارنى كۆرۈۋاتىدۇ. گېزىت-ژۇرناللارغا ما-
قالىلەر ئۈيۈشتۇرۇۋاتىدۇ، دوستلۇق جەمئى-
يەتلىرىنى قۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ياشلارنى
ھازىر گېرمانىيىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن تاپ-
قىلى بولىدۇ.
بۇنداق سۆھبەتلەر يورگېن بىلەن
رېگىنا ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇلمەي داۋاملاشتى.
بارا-بارا رېگىنا خانىممۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي
تۇرمۇش مەسىلىلىرى توغرىسىدا پروفېس-
سور بىلەن ئازادە سۆزلىشىدىغان بولدى.
تۇرمۇشىنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرىدا نۇر-
غۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ 40 ياشقى-
چە توي قىلمىغان رېگىنا خانىم، ئۆزىدىن
17 ياش چوڭ يورگېننى قانداق ياخشى
كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى، ئەمما
بۇ ئىشنى ئۇ ھازىرچە كۆڭلىدە سىر تۇت-
ماقچى بولدى.
بىر كۈنى ئۇ پروفېسسوردىن كەلگەن
تېلېفوننى ئالدى.
— ياخشىمۇ سىز، رېگىنا! كەيپىياتى-
ڭىز قانداق؟
— ياخشىمۇ سىز، ئەھۋال سورىغىنى-
ڭىزغا رەھمەت!
— ئەتىكى پروگراممىڭىز زىچمۇ؟
— مەن تېخى ئورۇنلاشتۇرۇپ بول-
مىدىم.
— دېمەكچىمەنكى، ئەگەر ۋاقتىڭىز
يەتسە ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆت-
كۈزۈشكە قاتنىشىپ بېرەرسىزمۇ؟
— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟
— سۆيۈملۈك رېگىنا، ئاڭلاۋاتامسىز،
ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. مەنغۇ ھېچ-
قانداق مېھمان چاقىرغىنىم يوق. پەقەت
سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئالماقچىمەن.
— بۇ... بۇ، قانداق بولغىنى؟ — رېگىنا
ھەيران بولغىنىدىن قېتىپلا قالدى.
— كەچۈرۈڭ رېگىنا، كەچۈرۈڭ. مەن
مۇنداقلا... پەقەت سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز
بىلەن ئىش كۆرۈشنى ئويلىۋىدىم... سىزنىڭ
راستىنلا باشقا ئىشلىرىڭىز بارمىدى؟ ئە-
گەر شۇنداق بولسا...
— ياق... ياق، پروفېسسور، دېمەكچى-
مەنكى، ئەتە مېنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنۈم.
— شۇنداقمۇ رېگىنا، — ئەمدى يور-
گېنمۇ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، —
بىر كۈندە ھە... بۇ... بۇ كىمنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇشى بولغىيدى؟
— تەقدىرنىڭ، پروفېسسور، تەقدىر-
نىڭ. — رېگىنا ھاياجان ئىچىدە ئارانلا شۇ
سۆزنى ئېيتالىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ خۇددى
تۇنجى مۇھەببەت باغلىغان يىگىتكە سۆزلى-

گەندەك تىترەپ كەتتى. ئۇ تېلېفون تروپ-
كىسىنى قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ تەسۋىرلىگۈسىز
بىر خىل شېرىن خاموشلۇق ئىلكىدە كې-
رېسلوغا چۆكۈپ كەتتى.

5

پىۋا بايرىمىنىڭ يېتىپ كېلىشى بى-
لەن گۈزەل ميۇنخېن شەھىرى تېخىمۇ ئا-
ۋاتلىشىپ كەتتى. ھەر يىلى بۇ چاغدا ميۇن-
خېنغا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتا-
لىيە، ئىسپانىيە، بېلگىيە، بۇلغارىيە،
شۋېتسارىيە، چېخوسلوۋاكىيە، گوللاندىيە،
تۈركىيە، ئاۋستىرىيە، ياپونىيە قاتارلىق
100 گە يېقىن دۆلەتتىن كەلگەن ساياھەت-
چىلەر مىليوندىن ئېشىپ كېتەتتى.
شەھەر ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇ-
رىدىغان گۈزەل ئىزار دەرياسى خۇددى
كۆمۈش بەلباغدەك شەھەرنى ئىككىگە بۆ-
لۈپ تۇرىدۇ. دەريا بويىدىكى كوچىلارغا
تىكلەنگەن خىلمۇخىل ھەيكەللەر، قەدىم-
كى ئۇسلۇبتا سېلىنغان ھەشەمەتلىك بىنا-
ر، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چىملىق-
بۆكىدە سايە تاشلاپ تۇرغان دەل-
دەرەخلەر ۋە دەريا بويىدا ئەركىن پەرۋاز
قىلىشىپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ تىنىمسىز ساي-
راشلىرى بۇ شەھەرنى تېخىمۇ ساماۋى بىر
تۈسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ.
پروفېسسور يۈرگىن بۈگۈن باشقا
كۈنلەردىكىدىن بۇرۇنراق ئورنىدىن تۇردى.
ئۇ ئۆزىنى بۇرۇنقىدىن تېتىكلىشىپ، ياش-
رىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بۈگۈن
ھۇنداق خۇش چاغ ئىدىكى، ھەتتا ساقلىنى
ئېلىۋېتىپ قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپمۇ
قويدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن رېگ-
نا خانىم ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى:
— ياخشىمۇ سىز، پروفېسسور. تۇغۇل-
غان كۈنىڭىزنى قۇتلۇقلايمەن!
— رەھمەت سىزگە، رېگنا، سىزنىڭمۇ
تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى چىن دىلىمدىن تەب-
رىكلەيمەن! سىزگە خۇش خەۋەر، رېگنا، تۈ-
نۈگۈن كەچتە مارىينىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى
تەبرىكلىگەن كارتىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.
ئۇ بۈگۈن ئۆيگە كېلىپ قالىدىغاندەكلا تۇ-
رىدۇ. ئەگەر مارىي كەلسە قانداق ياخشى
بولاتتى - ھە ...
— ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خۇ-
شاللىق بولاتتى. مارىي بىلەن كۆرۈشۈش
ئارزۇيۇمۇ ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. مې-
نىڭچە، پروفېسسور، مېھمان چاقىرىشىڭىزمۇ
ھاجىتى يوقتەك تۇرىدۇ. ھازىر ۋاقتى
ئەمەس.
— تۇغۇلغان كۈنىمىزنى مېنىڭ ئې-
رىپ خانەمدە ئۆتكۈزسەك قارشى ئەمەس-
تۇرسىز؟
— دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى چۈشەن-
دىم. كەچ سائەت 7 دە مېنى كۈتۈڭ،
خەير - خوش!
— خەير - خوش، رېگنا، — پروفېسسور
تروپكىنى قويۇۋېتىپ بىر خىل تەسۋىرلى-
گۈسىز شېرىن ھېسقا چۆمدى.
ئۇ چۈشكە يېقىن ئۆيىدىن چىقتى.
كوچىدىكى مىغىلدىغان ئادەملەر بىر دەم-
دىلا ئۇنى قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭغا كۆل - گى-
ياھلار، دەرەخلەر، بىنالار، ئادەملەر، كۆك
ئاسمان ۋە قۇياش ... ھەممىسىلا تەبەسسۇم
قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ كوچا ئايلىنىپ
رېستورانلاردا تاماقلاندى ۋە قانغۇچە پىۋا
ئىچتى. ئۇ خۇددى دۇنياغا يېڭىدىن كۆز
ئاچقان بوۋاقتەك ئەتراپتىكى ھەممە نەر-

سىگە زوق بىلەن تىكىلمەكتە، ھەممىلا نەرسە ئۇلىنىڭغا يېڭى بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ كوچا ئايلىنىپ ئاخىرى «Olimpiasenturm»① غا كېلىپ قالدى.

— ياخشىمۇ سىز، بېتكى ئەپەندى؟

پروفېسسور ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.

— تونۇيالمايۋاتامسىز؟ مەن راندىل ئەمەسمۇ؟

— ئوھوي، سىزمىدىڭىز، ياخشىمۇ سىز؟ قانداق قىلىپ ميۇنخېنغا كېلىپ قالدىڭىز؟ كەچۈرۈڭ، چاچ - ساقاللىرىڭىز پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىپتىغۇ، ئەمما ئۆزىڭىز ناھايىتى تېتىك، مەڭزىڭىزمۇ قىپقىزىللا تۇرۇپتۇ، — يورگىن كونا ياردەمچىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— رەھمەت، سىزدىمۇ ئاز - تولا ئۆزگىرىش بوپتۇ، ئەمما كۆزىڭىزدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، سىز بۈگۈن ناھايىتى خۇشال.

— شۇنداق، ئۆزگىرىشلەر ئاز ئەمەس. ۋاقىت ناھايىتى رەھىمسىز، ئۇ ئىنسانغا شەپقەت قىلمايدۇ.

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. بۈگۈن بىر پەيزى قىلساق قانداق؟

— شاھمات ئوينايمىزمۇ ياكى باشقىچە... — يورگىن فرانسۇز بوۋاينىڭ مەقسىتىنى ئاڭقىرالمىدى.

— نېدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز، بۈگۈن پىۋا بايرىمى ئەمەسمۇ؟ قانغۇدەك ئىچەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن... بۇ كۈنلەردە مۇڭداشقۇدەك ئادەم تاپماقمۇ تەس بولۇپ قالدى، ھەممىلا ئادەم ئالدىراش. 30 يىلدىن ئاشتى، بويىتاق ئۆتۈۋاتىمەن. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز، ئۆگىنىپمۇ قالدىم. ئەمما

گاھىدا ئىچىم سىقىلىدۇ. سىزنىڭمۇ بويتاق ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم.

— بىزمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

— بەلكى شۇنداقتۇر. مەن ميۇنخېندىن كېتىپ فرانكفورتتا بىرقانچە يىل تۇردۇم. كېيىن ھامبۇرگدىن خىزمەت تاپتىم. يېقىندا ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ھامبۇرگقا دەرس ئۆتكىلى بارغان بىر پروفېسسوردىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلىدىم. مەن بۈگۈن ميۇنخېنغا پىۋا بايرىمىنى قۇتلۇقلىغاچ، ئوسسۇلۇقلەر تەتقىقات مەركىزىدىكى بىر بۇرادىرىم بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدىم، تاساددىپىي سىزگە يولۇقۇپ قالدىم. سىز بىلىسىز، مەن بۇ شەھەردە توپتوغرا 18 يىل ياشىغان ئەمەسمۇ؟ يۈرۈڭ، «شىمالىي قۇتۇپ رېستورانى»غا بارايلى.

— سوغۇق يېمەكلىكلەر بىلەن پىۋا ئىچىمىزمۇ؟

— ئەمىسە سىز تاللاڭ، دۇنيادا ئۈچلا ئەلنىڭ تامىقى ئەڭ مەشھۇر، فرانسۇز يېمەكلىرى، تۈرك يېمەكلىرى ۋە جۇڭگو قورۇمىلىرى... قايسىسىنى خالايسىز.

— سىز بىلەن بىللە تاماقلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولسىلا فرانسۇز يېمەكلىرىنى تېتىپ كۆرگۈم كېلىپ قالىدۇ.

— ماڭا ھۆرمەت قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، ئەمىسە كەتتۇق، — راندىل پروفېسسورنىڭ قولتۇقىدىن ئالغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار رېستوراننىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىپ دېرىزىدىن ميۇنخېننىڭ مەنزىرىسىگە كۆز تىكىپ ئولتۇرۇشتى. تاماقتىن كېيىن بىرنەچچە بوتۇلكا پىۋىنى

① «Olimpiasenturm» — ميۇنخېندىكى مەشھۇر ئولىمپىك كەنتەربىيە مەركىزى.

بىكارلاپ خىيلىلا قىزىپ قېلىشتى. بولۇپمۇ راندىل توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى گېرمانىيە تۇپرىقىدا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ فرانسۇز ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايتتى.

— ئىنسان دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ... ياق، جانابىي پروفېسسور. بۇ پەقەت ئىشنىڭ بىر تەرىپى. بايلىقىم يېتىپ ئاشىدۇ، بىراق مىراسخورۇم يوق. بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. ئەپسۇس، زاكىسىدىلا ئۆلدى. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسىز؟ ... دادامدىن ماڭا نۇرغۇن مىراس قالغانىدى، ئايالىم تۇغۇتتا ئۆلۈپ قالدى. مەن قايتا ئۆيلەندىم. كېيىنكى خوتۇنۇم مىراسخورۇم بارلىقىغا ھەسەت قىلدى. توغرىسى ئۇ ئاشنىسىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مېنى ئالداپ يۈرگەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ «ئۆزۈم تۇغمىغاندىكىن» دەپ ئويلىدى بولغاي، ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئەمما ئاقىۋەت ئۆزى ساراڭ بولۇپ قالدى. ئۆزىڭىزمۇ، ماڭىمۇ قىلدى. ئۇ خوتۇننى سىزمۇ كۆرگەن. ھېلىقى ئانچە-مۇنچە كېلىمىدىغان ساراڭ خوتۇن شۇ. — راندىل سۆزلەۋېتىپ بىردىن جىمىپ قالدى.

— شۇندىن كېيىنچۇ؟ — پروفېسسور سۆز قىستۇردى، — كېيىن قانداق بولدى؟

راندىل ئالدىدىكى ئىستاكاننى بىكارلىۋېتىپ سۆز باشلىدى:

— كېيىن ... كېيىن نىكار دەرياسىغا ئۆزىنى ئاتلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. ئۇ قۇتۇلدى، بارلىق قايغۇ-ھەسرەتتىن بىر يولىلا قۇتۇلدى. ئەمما مەن تولۇق 43 يىل ھەسرەت چەكتىم. گۈل-گىياھلار مېنىڭ دوستلىرىم ئىدى. ھەسرىتىمنى شۇلارغا ئېيتتىم. گاھىدا، «ئىنسان بۇ دۇنياغا غەم-ھەسرەت ئۈچۈنلا تۇغۇلامدىغاندۇ» دەپ قالىمەن. ئەمما ئۇنداق ئەمەسلىكىگە سىزمۇ ئىشىنىسىزغۇ؟ ...

— توغرا، ئىنسان شادلىققا ئىنتىلىدۇ، شادلىق ئىزدەيدۇ. باشقىلارنىڭمۇ شادلىقىغا ئېرىشىشىنى خالايدۇ. چۈنكى ئىنسان دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىمايدۇ-دە.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەمما سىزگە ۋە ماڭا قالغىنى نېمە؟ ئاشۇ بانكىدىكى پۇلمۇ؟ قورۇ-جايمۇ؟ ياق، جانابىي پروفېسسور. ئەگەر مۆرىتى كەلسە ئاشۇ پۇلغا دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى سېتىپ ئالالامسىز؟ باشقا ھەرقانداق ماددىي نەرسىنى سېتىپ ئالالىشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئىنسان روھىنى سېتىپ ئالالمايسىز. مۆرىتى كەلسە پۇل دېگەن بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز ياكى مېتال پارچىسى. مەن بۇنىمۇ كۆرگەن. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دەل شۇنداق بولغان... سىزگە ئۈچۈقنى ئېيتسام، ھايات بىر كومېدىيە، ياق، توغرىسى بىر تراگېدىيە. ئەمما بىز شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزىمىزنى ئالداپ كەپتىمىز. ئىنسان دۇنيادا ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇلار بىلەن ياشايدىكەن. ئەمما ئاقىۋەتتىچۇ؟ ئەنە شۇ گۈزەل ئارزۇلىرىنىڭ بەھۇدە قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. قىسقىسى ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەنغۇ...— راندىل ئالدىدىكى ئىستاكانغا پىۋا تولدۇرۇپ، بىرلا كۆتۈرۈۋېتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى دېرىزە ئەينىكىدىن يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. نېپىز قاپاقلىرى ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مەجھۇل چىرايىدىن يىغلامسىراۋاتقانلىقىنى ياكى كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى بايقىغىلى بولمايتتى. يورگىننىڭ فرانسۇز بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئىنسانغا يەنىلا خۇشاللىق كېرەك،

ئۇ ئۆز كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان بىرەر ئەمەك تېپىشى كېرەك. سىزدە بۇ بار. سىز گۈلگىياھلارنى سۆيىسىز. تەبىئەت دۇنياسىنى سۆيىسىز. مەنمۇ شۇنداق. بىز بۇ جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. سىز ئاسرايسىز، مەن تەتقىق قىلىمەن. سىز ئەينى چاغلاردا دادامنى، ماڭىمۇ ياخشى ياردەمچى ئىدىڭىز. ئۇ چاغلار سىزنىڭ تازا تولغان نۇۋەر چاغلىرىڭىز، مېنىڭ گۈدەك، ياش چاغلىرىم ئىدى. قانداق كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى ـ ھە؟...

ــ ياق، جانابىي پروفېسسور، ــ راندىلنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرى خۇددى يېڭىلا قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغانغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ كەتتى، ــ ئۇ چاغلار مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئازابلىق چاغلار. ئىنسان ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىكى ئازابلىق خاتىرىلەرنى ئەسلەشتىنمۇ كۆڭۈلسىز ئىش بولماس. ئەلۋەتتە، مەنمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشلا ھاياتتىن خۇشاللىق ئىزدەيمەن. سىز بېتخوۋېننىڭ «شادلىق قەسىدىسى» سىمپونىيىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئېسىل مۇزىكا ... ئەمما ئاقىۋەتتە ئۇمۇ ئالدانىدى. ئۇ ناپالىئونغا ئالداندى. بىز بولساق ھاياتقا ... مېنىڭ تۇرمۇشتىن شادلىق ئىزدىشىم كىشىلەرنىڭ دەھشەتلىك كەلكۈندە يىتتۈرۈپ قويغان قىممەتباھا گۆھىرىنى كېيىن لاتقىدىن ئىزدىگىنىگە ئوخشاشلا ئىش. ئىنسان ئۈچۈن شادلىق بىردەملىك، ئەمما قايغۇ ئۇزاق مۇددەتلىك. ئىنساننىڭ شادلىقى خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدىن ھاسىل بولغان كۆپۈككە ئوخشايدۇ. ئۇ كۈن نۇرىدا ۋاللىدە بىر چاقنايدۇ ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

پروفېسسور ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ بىز سەل قىزىپ قېلىۋاتىمىزمۇ ـ قانداق؟ قانچە بوتۇلكا ئىچتۇق؟

ــ ساناشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ تېخى ئىچىمىز، قانغىچە ئىچىمىز ... سىز ئېيتىڭا، بەخت دېگەن نېمە؟ بايلىقمۇ؟ راھەت ـ پاراغەتمۇ؟ ياكى شادلىقمۇ؟... ئوھ ـ ۋۇي، نېمە دېگەن پۇراقلىق ئەتىر بۇ؟ ئارىستوكرات خېنىم كېلىپ قالدىمۇ ـ قانداق؟ ــ راندىل يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ياش ئايالغا سىڭايان بولغىنىچە قاراپ قويۇپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ سىز بالزاكنىڭ «گورىيۇ بوۋاي» ناملىق رومانىنى ئوقۇغانمۇ؟ ... ئېسىل كىتاب ... ئادەمدىن ئامەت قاچسا ئۇنىڭغا ھېچ چارە قىلالمايسىز، ئەمما تەقدىر ... ئوھوي ... قاراڭا، مۇنۇ ئىستاكان مايماق ئىكەنغۇ ...

ــ پىكرىڭىز چېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەپەندىم ... ئىنسانلار بەخت ياراتقۇچىلار، بۇنى ھەممە بىلىدۇ، ھەتتا بالىلارمۇ بىلىدۇ.

ــ شۇنداق ... شۇنداق، مېنىڭ پىكرىم چېچىلىۋاتقىنى يوق، ــ راندىل ياغاق بېشىنى سىيلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئىنسانلار، ئەلۋەتتە، ياراتقۇچىلار، قۇرغۇچىلار، ئەمما تەقدىر تەتۈر كەلسە نېمە چارىڭىز بار؟ گاھىدا نەچچە يۈز مىليون ئادەمنىڭ تەقدىرى بىر ئادەمنىڭ قولىدا چۆرگىلەپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا يەر ـ زېمىن قىمارۋازنىڭ تاۋۇكاسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىشەنمەمسىز؟... 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بىرلا گېتلىرنىڭ سەۋەبى بىلەن 50 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتمىدىمۇ؟ ئىنسانلار قانچە يۈز يىللار مابەينىدە قان تەرى بىلەن قۇرغان قانچىلىغان گۈزەل شەھەرلەر بىرلا گېتلىرنىڭ سەۋەبى بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتمىدىمۇ؟...

ــ بىز بۈگۈن تېمىدىن بەك چەتنەپ كەتتۇق، كۆڭۈللۈكرەك ئىشلار ھەققىدە

سۆزلەشكىنىمىز تۇزۇك ئىدى.

— نېمە ئۇچۇن؟ مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم. ھاياتىمىزنى خۇلاسىلەشنىڭ نەرى يامان؟

— كەچۈرۈڭ، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم.

— ھە، نېمە؟ — راندىل چۆچۈپ كەتتى، — بۇرۇنراق ئېيتسىڭىز بولماسمىدى؟ مېنىڭمۇ پۈتۈنلەيلا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ... كەچۈرۈڭ، ئەيىب مەندە ئەمەس. ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى... شۇنداقتىمۇ سىزنى مۇبارەكلىمىسەم بولماس، ھېچ بولمىسا بىر دەستە گۈل بىلەن. گۈل-گىياھلار بىزنىڭ دوستىمىز، — راندىل كۈتكۈچىنى چاقىردى، — ماڭا بىر دەستە گۈل ئەكىرىپ بېرەلەمسىز؟

— مۇمكىن ئەپەندىم، — كۈتكۈچى سىپايىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى ۋە راندىل بەرگەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— تۇغۇلغان كۈنىڭىز قۇتلۇق بولسۇن! — راندىل گۈلدەستىنى پروفېسسورغا سۇندى. پروفېسسور قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇ 70 تىن ھالقىغان بۇ فرانسۇز بوۋاينىڭ سەمىمىي دوستلۇقىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئۇلار بىر-بىرىنى قولتۇقلاپ، دەلدەڭشىگىنىچە رېستۇراندىن چىقىشتى. ئۇلار تاكسى تۇسۇپ «ئېنگىلىشىن گارتىن» باغچىسىغا كېلىشتى.

— مەن يەنە بىر دەستە گۈل سېتىۋېلىشىم كېرەك، — دېدى يورگىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ.

— نېمە ئۇچۇن؟ يەنە گۈل سېتىۋالامسىز؟ بۇ... بۇ زادى نېمە ئۇچۇن؟...

— بۈگۈن مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنى. چۈشىنەۋاتامسىز؟ ئىككىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىر، بۇ ئاجايىپ مۆجىزە... بىزنىڭ ئۆيدە تۇغۇلغان كۈن زىياپىتى بولىدۇ. ئاددىي بولسا نېمە بوپتۇ. بۇ رېگنانىڭ پىكرى.

— رېگنا، دېگىنىڭىز كىم؟

— كىم بولاتتى، ھېلىلا ئېيتتىمغۇ، مەن بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان قىز. مېنىڭ دوستۇم.

— قىز دېگىنىڭىز نېمىسى، خانىم دېسىڭىزچۇ.

— ئۇ تېخى توي قىلمىغان.

— شۇنداقمۇ؟ ... كەچۈرۈڭ. ئاياللارنىڭ يېشىنى سوراش بىر ئەيىب ئىش بولسىمۇ، ئۆزى بولمىغاندىن كېيىن ھېچ ئىش بولماس. يېشىنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— 40 ياشلاردا بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن، — دېدى يورگىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— راست، ھەقىقەتەن مۆجىزە ئىكەن... ئەمما سىز «قىز» بىلەن «خانىم» نىڭ جىنسى بىر ئىكەنلىكىگە سەل گۇمان بىلەن قاراۋاتقاندەك قىلىسىز. ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسىز، بىلمىدىم، بۇغۇ كىچىك ئىش... قاراڭ بۇ ئاۋاتچىلىقنى ... ئوھوي، بۇ ئادەملەر نېمانچە غەلىتە ياسىنىشىۋالغان. ئاۋۇ ئىككى ئايالنى قاراڭ، قىپيالىڭاچلا كوچىغا چىقىۋاپتىغۇ...

— كىملەرنى دەۋاتىسىز؟...

پېۋىنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۈگۈن بۇ باغچە ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. يورگىن راندىلنى كىشىلەر توپى ئارىسىدا يوقىتىپ قويىدى. ئۇ بىر دەستە گۈلنى قۇچاقلاپ

ئىزار دەرياسى بويىغا كەتتى. كۆۋرۈك بېشىدا تۇرغان بىرلەچچە يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى:

— بىر مەرد يىگىت ماڭا گۈل تەقدىم قىلغىلى كېلىۋاتامدۇ - نېمە؟

— ئاھ، تايچىقىم، بىرنى سۆيۈپ قويۇڭا... ها، ها، ها...

يورگىن ئاياللارنىڭ تېتىقسىز چاقچاقلىرىغا قىلچە رەنجىمەستىن ئۇلارغا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئىززىگە بويسۇنمايتتى. ئىزار كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدىكى كونا ئېقىن ئىزىدا ئادەم شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، پروفېسسور بۇ قاينام - تاشقىنلىق ئىچىگە قانداق شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ تونۇشقان - تونۇشمىغانلىقىغا قارىماي كىشىلەر بىلەن سالاملىشىپ يۈرۈپ بىر ئىچەرمەنلەر توپىغا قېتىلىپ قالدى. ئۇ يەنە پىۋا ئىچتى. بىرنەچچە رۇمكا كونياكمۇ ئىچىپ قويدى. سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنىمۇ، ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئۇنۇتتى، ھەممىنى ئۇنۇتتى. ئەمما بىر دەستە گۈلنى چىڭ قامالليۋالغانىدى. دەريا بويىدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ھەرخىل قۇشلار ۋە مىغىلدىشىپ يۈرگەن سەيلىچىلەر بايرام تەنتەنىسىنى نامايان قىلاتتى. كەچكى شەپەق ئىزار دەرياسىدا جىلۋە قىلدى.

يورگىن بىردىنلا رېگىنانى، مارىيىنى ئويلاپ، ئۆيگە قايتماقچى بولدى. ئەمما ماڭغۇدەك مادارى قالمىدى. ئۇ كىشىلەر توپىدىن سەل چەترەكتىكى بوش قالغان كىچىككىنە چىملىقنى تاپتى - دە، ئۆزىنى ئاتتى.

دەسلەپتە يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئۇردى، كېيىن ئۇ پۈتۈنلەي بوشىشىپ كەتتى.

## 6

رېگىنا سەھەردىلا يۇيۇنۇپ - تارىنىپ يېڭى مودىدا تىكتۈرگەن كۆڭلىكىنى كىيدى. ئۇ چېچىنى ياسىتىشقا ئالاھىدە ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلدى. چايدىن كېيىن دوستلىرىدىن كەلگەن تەبرىكنامىلەرنى بىرقۇر كۆرۈپ چىقتى. زادىلا سىرتقا چىققۇسى كەلمىدى. ئەلبۇم كۆرۈپ بىر مەھەل ئەسلىمىلەر قاينىمىغا چۆكتى... ئۇ كەچقۇرۇن سائەت 6 دە يورگىنغا تېلېفون بەردى. ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى. رېگىنا سائەت 7 گە قەدەر 5 – 6 قېتىم تېلېفون بەردى، ئاقىۋىتى ئوخشاشلا بولدى. ئاخىرى ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ پروفېسسورنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى. رېگىنا ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدى. ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى، ئەمما ھېچقايسىسىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ئىشىك ئالدىدا بىرەر سائەتتەك ئايلاندى. يورگىندىن ھېچ خەۋەر يوق. ئۇ ئامالسىز گۈلدەستىنى ئىشىككە يۆلەپ قويۇپ قايتماقچى بولدى. لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ ئاخىرى كۆڭلىدىكى گېپىنى قىسقىلا قىلىپ، كارتىنىڭ ئارقىسىغا يېزىپ قويدى - دە، ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم تېلېفون بېرىپ تۇردى. يەنىلا جاۋاب بولمىدى. ئۇ كېچىچە ئۇخلىمىدى، پەقەت

تاڭغا يېقىن بىر چاغدىلا ئاچلىق ۋە ئۇيقۇ-
سىزلىق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى.
رېگىنا تېلېفوننى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە
كرېسلودا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

*  *

مارىي كۆلىن ئىبادەتخانىسىغا ئورۇن-
لاشقىلى بىرقانچە ئاي بولۇپ قالدى. چۈنكى
ئۇ مېيۇنخېندا تۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇ
كەلگەندىن بۇيان دىنىي ئەقىدىلەرنى بېرى-
لىپ ئۆگەندى. ۋۇجۇدىنى بىرخىل ئۇلۇلۇق
سېزىم قاپلاشقا باشلىدى. ئۇ گاھىدا دىن
تارقاتقۇچى ئاياللار بىلەن يەر ئاستى پو-
مز يولى تۇگۈنلىرىدە، ئاۋات ئۆتۈشمى-
ەردە ۋە ۋوگزاللاردا دىنىي كىتابلارنى
ئۆتۈرۈۋېلىپ، دىن تارقىتىپ يۈردى. تو-
نۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ گاھىدا كەيمە چاچ كىيىپ، كۆ-
زەينەك تاقاپ، مۇناخ ئاياللارنىڭ كىيىمىنى
كىيىۋالاتتى. ئۇ بىر كۈنى كۆلىن ۋوگزالىدا
يوھانداسنى كۆردى. يوھانداس ئۇنى تو-
نۇمىدى. مارىي بۇرۇنقى كۆڭۈللۈك چاغلى-
رىنى ئەسلىدى ۋە يوھانداسقا قاراپ يىغ-
لىۋەتتى، ئەمما ئاۋازىنى چىقارمىدى. يو-
ھانداس ئىككى يېنىدىكى چېچىنى چۈشۈ-
رۈۋېتىپ، خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك
غەلىتە چاچ قويۇۋالغان، يۈز ـ كۆزىنىمۇ
غەلىتە رەڭلەر بىلەن بوياۋالغانىدى. يو-
ھانداس بىر توپ قىز ـ ئوغۇل دوستلىرى
بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىر
قىز يوھانداسقا چىڭ چاپلىشىپ كېتىپ
باراتتى. قىز چېچىنىڭ يېرىمىنى يېشىل،
يېرىمىنى بىنەپشە رەڭدە بوياپ، قىسقا
ۋە غەلىتە پاسوندا ياساتقۇالغانىدى. ئۇ يو-
زىگە خۇنۇك ئاق سېرىق رەڭدە گىرىم
قىلىپ، بىر مەڭزىگە قارا سىياھ سۈرتۈۋالغان
بولسىمۇ، ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى-
دىن تەبىئىي گۈزەللىكىنى بايقىۋالغىلى بو-
لاتتى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن
مارىي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ پىچىرلىدى:
«ئاھ، ھەممىگە قادىر بۇزرۇكۋار بىۋۋى
مەريەم ئانا! يوھانداسنى بالا ـ قازادىن،
خەتەردىن ساقلىغايسەن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئى-
مان ئاتا قىلغايسەن ...»
مارىي شۇنىڭدىن كېيىن يوھانداسنى
قايتا كۆرمىدى. ئۇ كېچىسى پات ـ پاتلا
چۈش كۆرەتتى. ئىبلىزاۋىتا ئۇنىڭ چۈشىدە
ئايان بولاتتى. ئۇ ئاپىسىنى جەننەتتە پە-
رىشتىلەر ئارىسىدا كۆرەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل
پىكىر ـ خىيالى، بۈۋى مەريەم ئانا، ئىبلىزا-
ۋىتا، جەننەت ـ پەرىشتىلەر، دوزاخ ۋە دىۋە-
مەلئۇنلار توغرىسىدىكى ساماۋى كۆرۈنۈشلەر
بىلەن باغلانغانىدى.

مارىي بەختىگە يارىشا مۇناستىردا يې-
ڭى دوستلارنى تاپتى. مۇناخ ئاياللارنىڭ
كۆيۈمچانلىقى ۋە يېڭى دوستلىرىنىڭ قىز-
غىن مۇناسىۋىتى ئۇنى مېھرى ـ مۇھەببەت
ۋە دوستلۇق لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.
مارىي بىردىن دادىسىنىڭ تۇغۇلغان
كۈنىنى ئەسلەپ قالدى ۋە دەررۇ بىر پار-
چە تەبرىك كارتىسى يېزىپ ئەۋەتتى.
بۈگۈن يورگىننىڭ تۇغۇلغان كۈنى.
مارىي ئەتىگەندە باش راھىبەدىن رۇخسەت
سورىماقچى بولدى. كېيىن بۇ نىيىتىدىنمۇ
ياندى. ئۇ كۈنبويى پۇرسەت كۈتۈپ يۈردى.
كۈن ئولتۇراي دېگەن چاغدىلا مۇناستىردىن
چىقىپ ۋوگزال تەرەپكە ماڭدى. مارىي مېيۇن-

خىنغا يېتىپ كەلگەندە ئالا-قاچان كەچ كىرىپ كەتكەندى. ئەمما كوچىدا كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۆيگە يېقىنلاشقانسىرى يۈرىكى سىيلىشقا باشلىدى. ئۇ بارغانسىرى ھاياجانلانماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىرى ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئىچى ئۆرۈلۈپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۆيگە كىرىپلا دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ قانغۇچە يىغلىۋالماقچى بولدى. ئەمما ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. ئىشىك ئېتىكلىك ئىدى. ئىشىككە بىر دەستە گۈل يۆلەگلىك تۇراتتى. مارىي گۈلدەستىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان كارتىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. بۇ ناتونۇش بىر ئايالنىڭ يازغان كارتىسى ئىدى. كارتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان بىرنەچچە قۇر خەت ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«ھۆرمەتلىك پروفېسسور!

سىزنى يەنە ساقلاشقا تاقىتىم قالمىدى، كۈتۈشتىن ئارتۇق ئازاب يوق... سىزنى بۈگۈن قەۋەتلا سېغىندىم. سىزگە بۈگۈن ھەممىنى ئوچۇق ئېيتماقچى ئىدىم. سىزنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن... كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىزغا يېڭىچە مەزمۇن بېغىشلىيالماسمەنمۇ؟...

جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ: رېگىنا»

خەتنى ئوقۇۋېتىپ مارىي لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىشىككە يۆلەپ قويۇلغان گۈلدەستىگە غەمكىن نەزەر سالدى-دە، ئاستا كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇ ئەمدى بۇ ئۆيگە ئەبەدىي كەلمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى.

7

— توختا! توختىمساڭ ئاتىمەن.

يوھانداس ئەمدى قېچىشنىڭ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى، چۈنكى ئۇ خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانىدى. روكى باشلىق بەش - ئالتەيلەن يوھانداسنى ئېلىپ كېتىشتى...

يوھانداس ئۆيدىن چىقىپلا روكىنىڭ گۇرۇھىغا قوشۇلۇپ قالدى. بۇلارنىڭ تولىسى ئەمدىلا 20 دىن ھالقىغان ياشلار ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە يوھانداسنى قىزغىن قارشى ئېلىشتى. يوھانداس ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۆي- سايمانلىرى ياساش شىركىتىدىكى ئىشىنى تاشلىدى. بۇنىڭغىمۇ روكى سەۋەبچى بولدى.

— ئىش ئورنۇڭ يىراق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاملاشمىغان ئىش. مەن ساڭا ياخشى خىزمەت تېپىپ بېرىمەن، — دېدى روكى بىر كۈنى يوھانداسقا.

— نېمە ئىش، — دېدى يوھانداس ئېرەڭسىزلىك بىلەن.

— سەن ئەمدى ئاپتوموبىل شىركىتىدە ئىشلەيسەن. بۇ شىركەت داڭلىق شىركەتلەرنىڭ بىرى. ئەمما مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقماسلىقىڭ كېرەك، چۈشەندىڭمۇ؟

— قېنى كۆرەرمىز، — دېدى يوھانداس خوشياقمىغاندەك.

دېگەندەكلا روكى يوھانداسنى شىركەتتە كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. يوھانداسمۇ روكىغا رەھمەت ئېيتتى. كۈنلەر تېز ئۆتمەكتە ئىدى. يوھانداس ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن روكى پەيدا بولاتتى-دە، يەنە بىرنەچچە ھەمراھلىرى بىلەن يوھانداسنى

ئېلىپ بىللە چىقىپ كېتىشەتتى. شەھەرنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەيدانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. روكىنىڭ مېھماندوستلۇقى، مەردلىكى يوھانداسنى قايىل قىلماي قالمىدى.

بىر كۈنى روكى يوھانداسقا بۈگۈن بىزنى سەن مېھمان قىل، دېدى. ئەمما يوھانداسنىڭ ئۇنچىلىك كۆپ پۇلى يوق ئىدى. ئۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

— ئەمىسە ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېدى روكى بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار تاكسى بىلەن شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشتى. روكى ھەمراھلىرىنى ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ئۆزى بىناغا كىرىپ كەتتى. 10 مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ قولىغا بىر كىچىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى.

— يوھانداس، قېنى سەن، — دېدى روكى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — ھازىرلا بېرلىنغا ماڭىسەن. بىز ئايرودرومغىچە ئۇزىتىپ قويىمىز. بۇ چامادانىنى مۇشۇ كىشىگە تاپشۇرۇسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — روكى يوھانداسقا بىر پارچە سۈرەتنى بەردى.

— بۇ... بۇ، قانداق بولار؟ — دېيەلىدى يوھانداس ئارانلا.

— ئەزمەڭنى ئەزمە، لامزەللە، توغۇلغىنىڭغىمۇ پۇشايمان قىلىپ قالمىغىن يەنە.

ئەمدى يوھانداسقا يۇۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇقنى بېجىرمەكتىن باشقا چارە قالمىدى. روكىنىڭ مۇنچە تېز ئۆزگىرىشى يوھانداسنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن يوھانداس روكىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى باش تارتماي ئورۇندايدىغان بولدى. روكى ئۇنى ئىشتىنىمۇ توختاتتى. ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي روكىنىڭ خىزمەتكارىغا ئايلاندى. روكى بولسا بىر پانكلار گۇرۇھىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ئەتكەسچى ئىدى. يوھانداس ئەمدى نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

— سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتسەڭ بولاتتى، — دېدى يولىئۇس يوھانداسقا كۆيۈنۈپ، — بۇ يەردە سەن تۈگىشىپ كېتىدىغان بولدۇڭ.

يولىئۇس دائىم يوھانداسقا ئۇنى-بۇنى ئۆگىتىپ تۇراتتى. ئۇ بەستلىك، كۈچتىنگىر بولسىمۇ، كۆڭلى يۇمشاق ئىدى.

— مۇمكىنمۇ؟ — دېدى يوھانداس ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— ئەلۋەتتە مۇمكىن. روكىنىڭ سېنىڭدە پۇلۇم بار، دېگىنى يالغان، ئەمما سەن بەرمەي قۇتۇلالمايسەن. ئۆيگە بېرىپلا داداڭغا ئېيتقىن. ئۇ سېنى كەچۈرىدۇ ۋە ساڭا ياردەم بېرىدۇ.

— قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن. مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىچە دادامغا ئېيتىپمۇ قويمىغان.

— كېرەك يوق، يوھانداس. گېپىمنى

ئاڭلىغىن. سەن تېخى خىروئىننىڭ «تەمـى»
نى تېتىپ كۆرمىدىڭ. ۋاقـتىدا كەتـكىنىڭ
تۈزۈك.

يوھانداس يولىئوسنىڭ مەسلىھـتىگە
كۆندى. ئەمما چاندۇرۇپ قويـدى. روكـى
ئۇنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ قويدى. ئاخىـ
رى يوھانداس قاچىمەن دەپ خالـتا كو-
چىغا كىرىپ قالدى.

ئۇ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن روكـى
تېخىمۇ غالجىرلاشتى.

ــ پۇلنى تۆلىۋەتمەيلا كېتىپ قالاي دەپ
ئويلىغانمىدىڭ؟ ئىككى ئاي بولمايلا يەتتە،
سەككىز مىڭ ماركنى خەجلىۋەتتىڭ. ئور-
نىغا ئالتۇن بېرەي دەپ ئويلىغانمىدىڭ-يا؟

ــ قانداقلارچە يەتتە، سەككىز مىڭ بولـ
ـسۇن؟ ــ دېـدى يـوھـانـداس نارازى
قىياپەتتە.

ــ كۆپ ھاياجانلانما، بۇ ساڭا زىيانـ
لىق. مېنىڭ ساڭا دوستلارچە مۇئامىلە قىـ
لىۋاتقانلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ بىرلا شەر-
تىمگە ماقۇل دېسەڭ پۇل دېگەنـگە سېـنى
كۆمۈپ تاشلايمەن.

ــ قانداق شەرت ئۇ؟ ــ دېـدى يو-
ھانداس روكىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ.

ــ مەن ساڭا ھاياجانلانما، دەپ ئېيتـ
مىمغۇ؟... چەت ئەلگە چىقىسەن، شۇ چاغدا
بىلىسەن.

ــ ياق، مەن بارمايـمـەن. بۇرۇنـقى
ئىش ئورنىمغا بېرىپ دىرېكتورغا قايتا ئىلـ
تىماس قىلىمەن. مەن ئەركىنلىك ئىزدەپ
ئۆيدىن چىققان، قۇل بـولۇش ئۈچۈن ئە-
مەس، بىلدىڭمۇ؟ ــ يـوھانداس كۆزلىرىـنى
غەزەپ بىلەن روكىغا تىكتى.

ــ ئىززىتىنى بىلمىگەن هايۋان!ــ
روكـى مۇشـتى بىلەن يوھانداسنىڭ قۇ-
لاق تۈۋىگە بىرنى سالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىـ
دىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل
بېسىۋېلىپ روكىغا ئوقتەك ئېتىلـدى. ئىكـ
كىسى خېلىغىچە ئېلىشـتى. يوھانـداس بىر
چاغدا ئوڭ پۇتىدا ماغدۇر قالمايۋاتقانلىقىنى
سەزدى. ئۇنىڭ يوتىسـىدىن ئىسـسىق بىر
نەرسە ھوشۇقىغا سىرغىشقا باشلىدى. روكـى
ئۇنىڭ ئوڭ يوتىسىغا پىچـاق سېلىـۋەتكەـ
نـىدى.

يوھانداس بىر ئايدىن كېيىن ساقايـ
دى. لېكىن ئۇ ئۆيىگە قايتالمىدى. ئۆيىگە
نېمە دەپ قايتىپ بېرىشنىمـۇ بىلمەيتـتى.
ئۇ ئىچكۆلۈككە بېرىلىپ كەتتى.

يوھانداس بۈگۈنمۇ تازا شىر كەيىپ
بولـغان ھـالـدا قايتتى. ياتاققا كىرىپـلا
ئۇنىڭ كۆزى كىرېسلودا پۇتلىرىنى ئالماشـ
تۇرۇپ ئولتۇرغان روكىغا چۈشتى. يوھانـ
داسنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

ــنېمىگە كەلدىڭ؟ ــ دېـدى يوھانـ
داس ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ.

ــ سېـنى يوقلاپ كېلىشىم، ــ پەر-
ۋاسىز جاۋاب بەردى روكى.

ــ ئۆيگە قانداق كىردىڭ؟

ــ ئۇستازىڭدىن مۇشۇنـداق سوئالـنى
سوراشقا ئۇيالمامسەن؟ مېنىڭ قانداق ئىش
بىلەن شۇغۇللىنىـدىغانلىقىمـنى شۇنچە تېـز
ئۇنتۇپ كەتتىڭما؟ ــ روكى يالتىراپ تۇرغان
«ۋالتېر» تاپانچىسىنى پىرقىرىتىپ ئويناشقا
باشلىدى. يوھانداس بوششىپ كەتتى.

ــ نېمه قىل دېمەكچىسەن؟
ــ «ئوۋ» غا چىقىمىز. كەيپىڭدىن قارىـ
غاندا بۈگۈن پىـۋا بايرىمـى ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭ كېرەك. 20 مىـ
نۇت ۋاقىت بېرىمەن، تېز يۇيۇنغىن.

يوھانـداس يۇيۇنۇپ بولۇپ گەپ ـ
سۆز قىلماي روكىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.
ئۇلارنى تۆۋەندە يولىئوس قاتارلىق يەتتە ـ
سەككىز ئادەم ئىككى بېنزىس ماشىنا بىلەن
ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ھەش ـ پەش دېگۈ ـ
چە ئىزار دەرياسى بويىغا كېلىشتى.

ــ بۈگۈن ساقچىلار پىتراپلا كېتىپـ
تۇ، ــ دېدى يوھانداس روكىغا كۆزىنىڭ
قۇيرۇقىدا قاراپ.

ــ ئەقىل ئۆگەتمەكچى بولۇۋېتىپسەن ـ
دە، ساڭا تېخى بالدۇر، ــ دېدى روكى سو ـ
غۇق ھىجىيىپ، ــ تارقىلىڭلار، بەلگىلەنگەن
ۋاقىتتا ماشىنىغا چىقىمىز.

ئۇلار دەريانىڭ كونا ئېقىن ئىزىـغا
چۈشۈپ، ئاندا ـ ساندا دەلدەڭشىپ يۈرگەن
مەستلەرگە ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ، يېتىپ قالغانـ
لىرىنى نىشان قىلىپ ئىزدەشكە باشلىدى.
نېمە ئۈچۈندۇر يوھانداسنىڭ يۈرىكى باشـ
قىچىلا قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

يوھانداس ئارىلاپ يۈرۈپ كۆۋرۈكـ
نىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى، بىر نەرسىگە پۇتـ
لىشىپ كېتىپ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ
قالدى. ئۇ دەررۇ يېنىدا بىر مەست ئادەمـ
نىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. ھودۇققىنىدىن
جايىدا قېتىپلا قالدى ۋە بىرئازدىن كېيىـ
ن ئاستا كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپ
ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى.
ئۇنىڭدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا بىر
جۈپ قىز ـ يىگىت قولتۇقلاشقىنىچە كۆۋرۈك
بېشى تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى. يوھانداس
ئەمدى ئېسىنى يىغىشىغا ئۇنىڭ كۆز ئالدىـ
دىلا ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ قالدى.

ــ خەيرلىك كەچ! ــ دېدى ئۇلارـ
نىڭ بىرسى يىراقتىنلا.

ــ خە... خەيرلىك كەچ، ــ دېدى
يوھانداسمۇ دۇدۇقلاپ.

ــ كەچ قاپسىزغۇ، ئاۋۇ ياتقان كىم؟
ئىككى ساقچى تېخىمۇ يېقىنلاپ
كەلدى. يوھانـداسنىڭ پۇت ـ قولىدا جان
قالمىدى.

ــ پىۋا بايرىمى ئەمەسمۇ، ــ دېدى
يوھانداس دەررۇ گېپىنى ئۇلىشاپ، ــ بۇ ـ
رادەرلەر بىلەن ئازراق ئىچىشكەن ئىدۇق،
تېخى ھېلىلا ساپساق ئىدى. پاراڭلىشىپ
كېلىۋاتاتتۇق، بىئارام بولۇپ قالدى بولغاي،
بىرئاز ئولتۇرۇۋالسۇن دەپ ساقلاپ تۇرۇپـ
تىمەن... چىكەمسىز ئەپەندىم؟ ــ يوھانـ
داس يېنىدىن تاماكا چىقاردى.

ــ ياق، رەھمەت سىزگە. بىز ياردەمـ
لىشەيلىمۇ؟

ــ ھاجىتى يوق، ئەپەندىم. رەھمەت!..
بىز ئۈچ كىشى ئىدۇق، ــ دېدى يوھانداس
يىراقتا كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى
كۆرسىتىپ، ــ ئۇ بۇرادىرىمىز يېتىپ كەلسـ
لا ئىككىمىز بىرلىكتە ئېلىپ كېتىمىز. ماشىـ
نىمىز كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىلا.

ساقچىلار خوشلىشىپ تېز ـ تېز قەدەمـ
لەر بىلەن كۆۋرۈك بېشى تەرەپكە كېتىپ
قېلىشتى. يوھانـداس خۇددى يەلكىسىدىن
ئېغىر بىر تاغنى ئېلىۋېتـكەندەك ئۇھ دەپ
ئۇلۇغ بىر تىندى ـ دە، ئاياغلىرى پۈكۈلۈپ
چىمىدا ئولتۇرۇپ قالـدى. بىرھازادىـن
كېيىن ئەتراپىغا تىمىسقىلاپ قارىـدى ۋە
جۈرئەت بىلەن مەستنىڭ يېنىغا سۈرۈلـۈپ
باردى. بۇ چاغدا ئىككى ساقچى كۆۋرۈكـ

نىڭ ئۈستىدە كېتىپ باراتتى. شۇندىلا
يوھانداسنىڭ كۆڭلى تىندى ـ دە، ئالمان ـ
تالمان مەستنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا كىرىش ـ
تى. يوھانداس بىردەمدىلا ئۇنىڭ يانچۇ ـ
قىدىن ھەميانىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى مالتىلاپ
ئىچىدىن بىر تۇتام پۇلنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ
يانچۇقىغا تىقتى، ئۇ ھەميانىنىڭ كىچىك
يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋىدى، قولىغا قېلىنراق
بىر نەرسە ئۇرۇندى. يوھانداس ئۇنىمۇ
چىقىرىۋالدى ـ دە، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بۇ
دەل ئۇنىڭ ئىزدىگەن نەرسىسى ـ بانكىنىڭ ـ
«Amerikanxpires» كارتىسى ئىدى. «ئۇ
ھېچنەرسىنى سەزمىدى، بەلكى قاتتىق مەست
بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، بۇ قانداق
مەستۇر؟» دەپ ئويلىدى يوھانداس. چۈنكى
يوھانداس ئۇنىڭ ھەميانىنى يانچۇقىغا
سېلىپ قويماقچى بولۇپ قولىنى تارتىۋىدى،
يۈزىگە غەلىتە بىر نەرسە تەگدى، يوھانداس
چۆچۈپ كەتتى. مەست ئادەم بىر دەستە
گۈلنى چىڭ قاماللىۋالغانىدى. يوھانداس
يېنىدىن كىچىك قول چىرىغىنى چىقىرىپ
مەستنىڭ يۈزىگە يورۇتتى، يورۇتتى ـ دە،
دەھشەت بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا
دادىسى ياتاتتى. ئەمما كۆزلىرى ئوچۇق،
قارىچۇقلىرى ئۈستىگە تارتىلىپ كەتكەن
ئىدى.

ـ ئاھ، دادا! بۇ سىزمىدىڭىز.....
يوھانداس ياۋايى ھايۋانلاردەك ھۆركىرەپ
يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى دادى ـ
سىنىڭ مۇزدەك يۈزىگە تامچىماقتا. ئۇ ئەم ـ
دى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن
بۇقۇلداپ يىغلىدى. كۆۋرۈك ئۈستىدىكى
چىراغلار كۆۋرۈكتە كېتىۋاتقان كىشىلەرنى
غۇۋا يورۇتماقتا. بىردىن ساقچى ماشىنىسى ـ
نىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر ـ ئىك ـ
كى پاي ئوق ئېتىلغاندەكمۇ قىلدى. كېيىن
يوھانداسنىڭ قۇلىقىغا ھېچنەرسە كىرمىدى.
ئۇ دادىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆۋرۈك بې ـ
شىغا قاراپ ماڭدى. «ئۆيگە كېتىش كېرەك»
دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. كۆۋرۈك ئاستىدا
ئىزار دەرياسى شاۋقۇنلاپ ئاقاتتى. كۆۋرۈك
ئۈستىدىكى چىراغ نۇرى پروفېسسورنىڭ
ئاقىرىپ كەتكەن يۈز ـ كۆزلىرى ۋە ئۇنىڭ
قولىدىكى بىر دەستە گۈلنى يوھانداسقا
ئېنىق كۆرسەتتى. مېڭىسى تورمۇزلىنىپ
قالغان يوھانداس شۇ چاغدىلا بۈگۈن
دادىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى
ئېسىگە ئالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

قۇربان ئىمىن

## چاقچاق توغرىسىدا غەزەل

ياخشى دوستلار سورۇنىدا ئۆزئارا چاقچاق زۆرۈر،
كۆلكىنى قوزغايدىغان ئاچچىق-چۈچۈك تاپماق زۆرۈر.

ئولتۇرۇش بولسا كۆڭۈللۈك قەلبى ياشنار ھەممىنىڭ،
ئىتتىپاقلىق ئۇرۇقىنى شۇ سەۋەب چاچماق زۆرۈر.

مەن دېگەننى سەن دېسەڭ، ئۇمۇ دېسە بولماس قىزىق،
كەشپىياتۇ مۆجىزە بۇ ساھەدە ئۇچماق زۆرۈر.

خەلقىمىز ئەمگەك سۆيەر، چاقچاقتا خۇشتار ياخشى خەلق،
ھەرقاچان بىزگە ئېسىل-خىسلەت، ئەدەپ-ئەخلاق زۆرۈر.

ياقىدۇ ھەركىمگە دوستىنىڭ ياخشى چىققان چاقچىقى،
بولسا ئىلمىي، ئەمەلىي، گەپ-سۆزلىرى قايماق، زۆرۈر.

نەچچە ئۆلچەپ كەس، دېگەن ھېكمەتنى سەن يادىڭدا تۇت،
قالمىغاي رەنجىپ سېنىڭدىن، ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر.

بىر قېتىم كۈلسەڭ ياشايسەن، ئون باھار ئارتۇق دېمەك،
كۈلكىدىن ئالتۇن بېشىڭغا ئۈنچىلەر چاچماق زۆرۈر.

زور تالانتنىڭ ئىگىسىدۇر شۇ قىزىق چاقچاقچىلار،
بىر بۈيۈك فونتان — بۇلاق ئۇ، توختىماس قايناق، زۆرۈر.

ھاگىزىننى ئىزدىسەم يوق، مەن خېرىدارى ئۇنىڭ،
بىر كۈلۈش تىللاغا تەڭ، قۇربانىمۇ يول قويماق زۆرۈر.

مۇھەممەت روزى

## ئالتۇن رەڭ ئۇپۇققا پۈركۈنەر زېمىن

### مېنىڭ ئاخشام

كېلىچەكنىڭ ئۆتكۈر كۆزىگە،
ئاخشام بىلەن كىرىمەن سىڭىپ.
كۆي سېپىمەن قىرانلىقىمغا،
لىرىكىلىق مىسرالار تىزىپ.

يۇلتۇزلارنىڭ چاقناشلىرىغا،
قىرانلىقىم سىن بەرگەن چېقىپ.
ئەگەر يوللار بولسا تۇمانلىق،
يورۇتىمەن نۇرۇمنى سېپىپ.

### مەرسىيە

تۇغۇلدۇم ئۆزگىگە ئوخشىماي زىنھار،
ئەقىدە - سۆيگۈنى بىلىپ مۇقەددەس.
رەزىلنى گۈلبىلدىم، گۈلنى گۈل دېدىم،
چىمى جان سۆيگۈگە تولدى دەپ پەۋەس.

ئەقىدە گۈللىرىم سولدى بىمەزگىل،
سۆيگۈمنىڭ ئوتلىرى كەتتى تارقىلىپ،
قەلبىمنى پارچىلاپ نەچچە - نەچچىگە،
بارچە زېمىنغا تاشلىدىم چېچىپ.

### سەن قەلبىمدە ئىلاھ كەبى كۈلەرسەن

يۈگەپ زېمىن سۈكۈتىگە ئاخشامنى،
مەن تۇرىمەن بەك يىراقتا يېگانە.
خىياللىرىم ئەپۇ تىلەپ روھىڭدىن،
سەن دەسسىگەن يەرنى سۆيەر سىپايە.

قەلبىمدە بار بىر ئازابىنىڭ كۆيۈكى،
ۋاراقلاپ باق ئۆتمۈشۈمنى بىلەرسەن...
بىلسەڭ قەلبىم شۇ چاقماقنىڭ بۆلىكى،
سەن قەلبىمدە ئىلاھ كەبى كۈلەرسەن.

### دالىدا ئاداققى بىر جۈپ قىزىلگۈل

دالىدا ئاداققى بىر جۈپ قىزىلگۈل،
ياپرىقى بىر - بىرلەپ تۆكۈلەر ئاستا.
تىترەڭگۈ شامالدا تىترىشەر ئۈنسىز،
ئۇندەيدۇ تەبىئەت ئۇنى ئۇيقۇغا.

دالىدا ئاداققى بىر جۈپ قىزىلگۈل،
ئاخىرقى ھىدىنى تارقىتار مۇڭلۇق.
ئالتۇن رەڭ ئۇپۇققا پۈركۈنەر زېمىن،
قىزىلگۈل مۇڭلىنار دىلى ئاھ، سۇنۇق.

دالىدا ئاداققى بىر جۈپ قىزىلگۈل،
مۈگدەك ئۇيقۇدا تەۋرىنەر ئۇ لال.
چۈشىدە كۆرۈنگەن ئاشۇ باھارنى،
ئەپكەلدى ئاخشامقى لەرزان شوخ شامال.

### تۇيغۇ

قەلبىمنىڭ تىنىقلىرىدىن،
شېئىر بولۇپ تۆكۈلدى دۇنيا.
ئۇۋۇلاپ كەتتى قىرانلىقىمنى،
ئاھ، رەھىمسىز يىل بوۋاي ئەمما.

تىكىپ كۆككە ھارغىن كۆزۈمنى،
قويۇپ بەردىم خىيال قۇشۇمنى.
ھېلىغىچە يورۇيمەن ئىزدەپ،
ياشلىقتىكى سەبىي چۈشۈمنى.

راھىلە كامال

## كۆل سۈيى تارتقان سۈرەت

كۆل بويى پىنھان جاي، خىيالچان قىزنىڭ،
كۆزىدەك مۇلايىم، سۆزىدەك مىسكىن.
كۆكگۈمدا مۇڭ ئېيتىپ، پۈتسەم خىيالدا،
ئەسلىمە ئىچىدىن تاپسمەن تەسكىن.

يانمۇيان ئولتۇرۇپ، كۆلگە بېقىشقان،
مىڭ تىلەپ شۇ ئاخشام، بىز ۋىسال تاپقان.
ئاي شولا تاشلىغان كۆل سۈيى بىزنى
ئاي بىلەن بىر قىلىپ، سۈرەتكە تارتقان.

ئاھ، قېنى شۇ دەقىق، قېنى شۇ سۈرەت؟
تۇرىدۇ ئاي يالغۇز، سوغۇق نۇرلىرى.
سوغ شامال يەلپۈتەر چېچىمنى مەيۇس،
ۋە لېكىن ساقلانغان تونۇش بىر ھىدى.

ئېيتقىنا كۆل سۈيى تۇراتتىڭ پارلاپ،
نە ئىشىڭ بۇ ئاخشام سوغۇق باققىنىڭ.
ئاگاھ بول دېسەڭچۇ پېقىرنى شۇ چاغ،
ئەمەسكەن ھەقىقەت، سۆزۈڭ ئاققىنىڭ.

ئەنۋەر ئابلىز

## شەبنەملەردەك جۇلالىق سەھەر

### كەچ كۈز

سارغايغاندا زەڭگەر رەڭ ياپراق،
سۆيۈپ قاچار ئۈششۈك شامىلى.
داڭگاللارغا ئەسىردۇر تۇپراق،
شۇركەندۇرەر قىشنىڭ سالىمى.

سوغنى چىللار شاق-شاق سېغىزخان،
ئۇچۇپ كەتكەن ئاق قۇلار نەكەم.
تولا يىغلاپ شەپەق كۆزى قان،
ئوت-چۆپلەرنىڭ كىرپىكىدە نەم.

چوپان نېيى تىترەڭگۈ بىر كۈي،
ئۇزاتماقتا دالىنى ئاستا.
قاياقلارغا يوقالغان خۇش بۇي،
قۇش ناۋاسى ئاڭلانماس قايتا.

### ئۇنتالمايمەن ئېھ دالام سېنى

شەبنەملەردەك جۇلالىق سەھەر،
ھىجران كۈيى ھۆكۈمران پەقەت.
مەن كېتىمەن يىراق-يىراققا،
ئۇنتۇپ قالما ئېھ دالام ئەبەت.

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
مەن ماڭغان شۇ ئىپار ھىد يوللار.
كېچىلەرگە رەڭ بەرگەن يۇلتۇز،
يېنىككىنە سۆيگەن شوخ شامال،
مۇڭغا چۆككەن قەدىمىي دەريا.

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
ئۇجمىلەرگە قونغان ئاق قۇچقاچ.
قىر بېشىدا سايرىغان تورغاي،
ئاچلىق دەردى تارتقان لالما ئىت،
تۈز بېسىلغان ناخشىچى ھارۋا.

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
يالاڭغىداق توپىغا دەسسەپ،
توپىلاردىن ئوغۇز سۈت ئەمگەن،
قۇم ئارىلاش دۇغ سۇلار ئىچىپ،
پادىلارغا چۆچەكلەر ئېيتىپ
ئويناپ يۈرگەن غەمسىز باللار.

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
ھەر قېتىملىق خىمىر ئەتكەندە.

كىچىك - كىچىك «ئاي» توقاچ يېقىپ،
مېھرى بىلەن بىزلەرگە بەرگەن،
ناخشىلاردەك مۆڭلۈق موماىلار،
تونۇر بېشىدا،
ئاڭغا ئۇلاپ چۆچەكلەر ئېيتقان،
ھىزىر سۆپەت يىللىق بوۋايلار،

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ،
گەۋدىسىنى تاشلاپ ئېتىزغا،
ئورما ئورغان ھارماس ئورمىچى،
پىژ - پىژ ئاپتاپ كۆيدۈرگەن چۆشتە،
ئېيتىپ مۆڭلۈق خامان ناخشىسى،
چېكىسىدىن كۆمۈش تەر تۆكۈپ،
بايلىق بەرگەن ساپ نىيەت دېھقان،

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
كېچىلەرنى كېچە قىپ تۇرغان،
راۋاپ، تەمبۇر، دۇتار كۈيلىرى،
غۇلاچ تاشلاپ ئۇسسۇل ئوينىغان،
يۈرىكى ئوت، تىلىكى قۇت،
ھايات گۈللىرى.

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
ھەر سەھەردە بۇلاق بېشىدا،
كۆزلىرىنى ئۈمىدلىك تىكىپ،
يۈرىكىدىن دەرد - مۇڭلار تۆكۈپ،
ناخشا توۋلاپ،
ئۇخلاتمىغان دۇنيانى،
ئاشىقىغا ئىخلاسمەن يىگىت.
جالدىنىنى كۆتۈرۈپ ئەپچىلە
شوخ كىيىكتەك ئەگىتىپ،
ئوت چىقارغان كۆزلەردىن،
ئوتقا ئوخشاش ئوتلۇق گۈزەل قىز.

سىڭىپ كەتكەن سەبىي دىلىمغا،
سېنىڭدىكى بىر ئوچۇم تۇپراق،
سېنىڭدىكى ھەربىر گۈل گىياھ.

ئونتالمايمەن ئېھ دالام سېنى،
ئونتىمىغىن ھەممە سەن مېنى.

شەبنەملەردەك جۇلالىق سەھەر،
ھىجران كۈيى ھۆكۈمران پەقەت.
مەن كېتىمەن يىراق - يىراقتا،
ئونتۇپ قالما ئېھ دالام ئەبەت.

مەنگۈ سېنى سۆيىمەن، لېكىن...

مەنگۈ سېنى سۆيىمەن، لېكىن،
سەن سۆيەمسەن، سۆيىمەمسەن مېنى؟
مۇھەببەتكەن نازۇك بىر غۇنچە،
ئىشەنچ ئىكەن ئۇنىڭكى جېنى.

مەنگۈ سېنى سۆيىمەن، لېكىن،
سەن سۆيەمسەن، سۆيىمەمسەن مېنى؟
كۆزلىرىڭگە يوشۇرۇپ سېھىر،
ئالدىمىغىن ھېلىدىن - ھېلى.

مەنگۈ سېنى سۆيىمەن، لېكىن،
سەن سۆيەمسەن، سۆيىمەمسەن مېنى؟
دىلىكەش تېپىش تەسكەن دۇنيادا،
ئەركىم بوغۇپ قىينىما مېنى.

مەنگۈ سېنى سۆيىمەن، لېكىن،
سەن سۆيەمسەن، سۆيىمەمسەن مېنى؟
ھاياتلىقىم مەنسۇپتۇر ساڭا،
ئويۇنچۇق قىپ ئوينىما مېنى.

تاڭ لەرزىكىسى

ئاينى قوغلاپ چىقتى ئوت شارىي
قىزىللىققا پۈركەندى ئۇپۇق.
ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىدە قەترە،
زۇمرەت كەبى نۇر چاچتى يورۇق.

تاڭ شامىلى ئۇرسا، گۈل يېشى،
قىز كۆكسىدەك لىغىلدار تاتلىق.
ئاھ، دومىلاپ چۈشتى زېمىنگە،
يىغلىغاندەك بىر گۈزەل ئاچچىق.
جىملىۋىلەندى زەڭگەر رەڭ ياپراق،
قۇچۇۋالدى زېمىننى شادلىق.

مۇسا ئەھەد

# ئۆلۈكلەر قىسسىسى

بۈگۈن يەنە شۇ ئاغىنەم
شاد كەيپىمنى بۇزۇپ بىر يولى،
يازدىم شېئىر دېدى گەپ باشلاپ،
بۇ شېئىرىمنىڭ ئېسىل سەرخىلى.
گىيوتىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ
بولالمايدۇ ئۇنىڭ تەڭ خىلى.
ئوقۇدى ئۇ بىرنەچچە سائەت
تۈگىمىدى تېخى ئاخىرى،
بەلكى يېزىپ كەلگەندۇ داستان.
داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم جىم،
ھېسلىرىممۇ شۇنچە گادىرماچ
تاڭدەك سۈزۈك ئوي - خىياللىرىم،
گاڭگىراشتىن بوپ قالدى ئوماچ.
ئۆلۈكلەرگە تولغان مىسرالار،
گۆرگۈملارغا بۆلۈنگەن چۈش ھەم.
سەرسان كېزىپ يۈرگەن ئەرۋاھلار،
سالار ئىدى جانغا ۋەھىمە،
كۆڭۈللەردە قوزغاپ غۇسسە - غەم.
بارخانلارغا كۆمۈلگەن سۆڭەك،
چېچەكلەرمىش قۇياش نۇرىدا.
ۋە ئېچىرقاپ كەتكەن قارىچۇقلار
شەلپەر تۆكەر، ئىمىش ئۇپۇقتا.
تۇنجىقىشتىن شېھىت ئارمانلار
يول - يوللارغا تۆكەرمىش كۆيلەر.
شۇ كۆيلەرنىڭ ئىزگۈ ساداسى
ئاچار ئىمىش ساماۋا گۈللەر.
شاياتۇنلار ئوينارمىش ئۇسۇل،
مىنىۋېلىپ يۇلغۇن شېخىغا.
زەيتۇن چىشلەپ كېلەرمىش كەپتەر
گۇمىدلەرنىڭ ئۆلگەن روھىغا،
كۆز ئالدىمدىن ئۆلتى دەمۇدەم
ئۆلۈكلەرنىڭ سۈرلۈك سىماسى.
قەنلىرىمگە ئولاشتى تىترەك
بوغقان كەبى كېلىمىدىن شۇئان.
ئۆلۈكلەرنىڭ كېلەپ ئەرۋاھى.
توختاپ بىر چاغ ئوقۇشتىن دوستۇم
دېدى: «ئۇندا بارمىكىن ئېۋەن؟
بۇ ئۆلۈكلەر قىسسىسى بوپتۇ
دەپمۇ زاڭلىق قىلىشتى بەزەن»
توغرا ئۆلۈك قىسسىسى بوپتۇ،
تىرىكلەردىن يوق ئۇندا نىشان.
مەنغۇ تىرىك تېخى ئۆلمىگەن
مۇستەسنا مەن ئۆلۈك سىرىدىن.
ھايات گۈزەل ھەم گۈزەل دۇنيا
قانداق كېچەي ئۇنىڭ مېھرىدىن.
كۆرستەي يول ساڭا ئەزىزىم،
گۆرۈستانغا بار شۇتاپ ئۇدۇل،
ئوقۇپ بەرگىن مۇردىلارغا سەن،
ئۇلار خۇشال قىلىشسۇن غۇل - غۇل.
دېسەم دوستۇم كەتتى چالۋاقاپ:
«ئەتە ئۇچۇن يازدىم شېئىرىمنى،
چۈشەنمىسە بۇنى تىرىكلەر
ئۆتۈپ ئەسىر چۈشىنەر ئەۋلاد
بەلكى نوبېل قوپۇپ قەبرىدىن،
تەقدىم قىلار شۆھرەت تاجىنى»
دېدىم مەنمۇ مۇقەددەس بۈگۈن
ھامىلدارى پارلاق ئەتىنىڭ.
بىلمەي تېخى ئۆلۈك سىرىنى
بولاي قانداق رەنجىگە شىپا
ھالىن بىلىپ ئۆلۈك دەردىنىڭ.
يېتىپ ئەجەل كۆز يۇمسام ئەگەر
شۇندا بېرىپ قەبرەم بېشىغا
ئوقۇپ قويغىن دۇئا ئورنىدا.
مەندىن بۇرۇن كەتسەڭ باقىيغا
كىرگەن چېغى مۇنكىر، نەكىرلەر،
گەر يېنىمغا مېنى سوراقلاپ.
شۇ چاغ كىرىپ ئۇلارغا ئۆزۈڭ
شېئىرىڭ بىلەن بېرەرسەن جاۋاب.

ئەنۋەر ھاشىم

# شېئىرلار

### ئالدامچى

قوياش
تۈندە سۆيەر ئۇ يېرىم شارنى،
كۈندۈزىدە بۇ يېرىم شارنى.
ئىككى يېرىم شار
بىلمەيدۇ ئۇ ئىشلارنى.

### سۇنغان كۆڭۈل

ئاي جامالىنى كۆرسەتسە
مەشۇقى يۇلتۇز
قىن قىنىغا پاتمايدۇ.
غايىب بولسا ئۇن بەش تۈن
چىمچىقلىتىپ كۆزىنى
يىغلامسىرايدۇ.

### ئارزۇ

ئاتا - ئانام
قايتسا ئەگەر بوۋاقلىقىغا،
يەرگە قويماي بېقىۋالاتتىم.
ئۆگەنگەندە تەم تەم مېڭىشنى
قولتۇقىدىن يۆلىۋالاتتىم.
تارتىپ قالسا كېسەل ئازابى
بىر ئۆلۈشنى بۆلۈۋالاتتىم.
ئەزرائىل تىككەن چاغدا يامان كۆزىنى،
ئۇلارنىڭ نۆۋىتىدە ئۆلۈۋالاتتىم.
ھاسىل بولسا ئاشۇ مۇرادىم،
ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىر كۈلۈۋالاتتىم.

### مىسكىن تەشنالىق

خىياللىرىم ئۇچار ھەر ئاخشام،
سېنى ئىزدەپ روھلۇق سەن تامان.
بوسوغاڭدىن ئۆتەلمەي ئاتلاپ،
خېلى ئۇزاق بولدۇ سەرسان.
روھى چۈشۈپ ئاقىۋەت، غەمكىن،
قايتار سوئال يۈدۈپ بىر پاتمان.


### كۆز ياش

بولغانىدى ئۇلۇغ كۈن
ئۇن سەككىز يىل بۇرۇنقى بۈگۈن؛
ئۆي ئىچىنى كۈلدۈرۈپ،
دىللارنى سۆيۈندۈرۈپ
دۇنياغا كۆز ئاچقىنىڭ ئۈچۈن،
ئاتا - ئاناڭ
تۆكۈۋاتسا شادلىق يېشىنى،
سەن يىغلىغان چىرقىراپ
تۆكۈپ
ئۆكۈنۈشنىڭ ئاچچىق يېشىنى.
بىلگەنمىدىڭ
پاك كەلسىمۇ دۇنياغا ئىنسان
خام سۈت ئەمگەچ بۇلغىنىشىنى؟

### ياۋۇزلۇق

ئەسەبىي بوران
يۇگۇرۇپ چىقىپ ئۇۋىسىدىن
تۇزۇتۇپ قۇملارنى،
ئەنسىرىتىپ كونا تاملارنى،
زەخىملەندۈرۈپ گۈل، نىھاللارنى
ئاخىر بېرىپ ئۇستى چوڭ تاغقا.
توسۇۋالدى، — دەپ، — يولۇمنى
كۆڭلى قاتتىق رەنجىدى،
ئەمما ئويلاپ باقمىدى
باشقىلارنى
قويغىنىنى چىدىغۇسىز ئازابقا.

# ئۇيۇقتا قېتىپ قالغان كۈن



**ئابدۇللا ساۋۇت**

(پوۋېست) *

نىجات يېرىم سائەتتىن كېيىن يولغا چىقتى، ئۇ دەرۋازىدىن كىرگەندە پېشايـۋان ئاستىدا ئېڭىلاپ يۈرگەن سېمىز ئايالغا ــ رەنانىڭ ئاپىسىغا دۇچ كەلدى.

ــ كەل ئوغلۇم، ــ رەنانىڭ ئاپىسى بېشىنى بۇراپ يۇقىرىغا قارىـدى، ــ رەنا، هـاي رەنا ...

ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر هۇجرىنىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ رەنانىڭ يۈزى كۆرۈنـدى. نىجات تەكەللۇپسىزلا دالانغا كىرىپ كەتتى. رەنا ئۇنى قولتۇقلاپ پەلەمپەي باسقۇچلىرىـدىن ئېلىپ چىقىپ كارىدور ئوتتۇرىسىدىكى زالغا باشلاپ كىردى. زالنىڭ غەرب تەرىپىگە يالغۇز كىشىلىك دىۋان، ئىشىك تەرەپكە نىجات ئۈچۈن ئۈستەل تەييارلاپ قويـغانىدى. رەنا دىۋاندا ئولتۇردى. نىجات خالاتنى كىيىپ، بوياق تەڭشىـدى، پۈتـكۈل پىـكىر ـ خىيالىنى يىغىپ رەسىمنى سىزىشقا كىرىشتى. ئۇ هەر قېتىم قىل قەلەمنى ياكى پەلكۈچنى بوياققا مىلەۋېتىپ رەناغا بىر قاراپ قوياتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ دىققـەت نەزەرى رەنانىڭ رەڭگى ـ رۇخسارىدىلا ئەمەس ئىدى، بەلكى ياخشى تەربىيىلەنگەن ئاپشاركا دېلو رازۋېت قىلغاندا، كىشىلەر دىققەت قىلمىغان ئۇششاق، پارچە ـ پۇرات نەرسە ۋە ئىزلارنى پۇراپ ئۆتكۈر سەزگۈسى ئارقىلىق جىنايەت ئىزلىرىـنى تاپىقاندەك ئۇمۇ كـۆز ئۇقىـنى رەنانىڭ بوينىدىكى ئالتۇن زەنـجىرلىـك، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن مېدالىـئونـغا، ئالـتۇن زىـرە، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە ئاتاتتى.

چۈشلۈك تاماق رەنانىڭ هۇجرىسىدا يېيىلدى. نىجات تاماق ئۈستىـدىمۇ رەنانىڭ قىممەتباهالىق، ئېسىل زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە زەن سېلىپ تۈرلۈك گۇمانىي ئوي ـ پىكىرلەرگە چۆمدى. ئۇلار زالغا قايتىپ چىقتى. نىجات ئالتۇن قازان، تىللا، زىخچە ئالتۇن تـوغ ـ

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

رىسىدىكى خىياللىرىدىن بارا - بارا ئازاد بولۇپ رەنانىڭ گۈزەل قىياپىتىنى ئاجايىپ قىزغىن ئىشتىياق بىلەن سىزىشقا باشلىدى. رەنا ئاسما چىراغنىڭ يورۇقى ئاستىدا گويا ساماۋى چېچەكلەردىكى گۈزەل پەرىلەردەك لاتاپەت بىلەن خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. زالنى يېقىملىق، جىمجىتلىق باسقانىدى. شېرىن ھېسسىياتلار دولقۇنى ئۆركەشلىك ئېقىن ياسايتتى. ئاق سۈرۈپ ئۈستىدە رەنانىڭ جامالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سېھىرلىك كۆرۈنۈشلەر مىنۇتسېرى ۋايىغا يېتىمەكتە ئىدى. رەسىم پۈتۈشكە ئاز قالغانسېرى نىجات رەسىمنى يەنە بىر نۇسخا سىزىپ ژۇرنالغا ئەۋەتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى، چۈنكى رەسىم رەنانىڭمۇ، نىجاتنىڭمۇ كۈتكىنىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ماھارەت بىلەن ئىنتايىن ياخشى سىزىلغانىدى. رېئاللىق بىلەن غايىۋىلىك، تاشقى قىياپەتتىكى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى ھېسسىيات ھەقىقىي يوسۇندا بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، رەسىمنىڭ مەخسۇس رەنا ئۈچۈنلا سىزىلمىغانلىقى بەلكى زور ئىجتىھات ۋە قىزغىن ھېسسىيات، قايناق مۇھەببەت، مول تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق يارىتىلغان ھەقىقىي بىر بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— تۈگىدى، — نىجات ئېغىر تىن ئالدى.

— ئۇھ ... ۋېيەي، — رەنا ئورنىدىن تۇردى، — مودېل بولۇشمۇ بىر جاپاكەن، قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ ئەجەبمۇ سىقىلدىم.

رەنا چىقىپ كېتىپ داستا سۇ، سوپۇن، لۆڭگە ئەكىردى. نىجات خالاتنى سېلىۋېتىپ قوللىرىنى يۇدى. رەنا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ رەسىمگە ئۇزاققىچە تىكىلدى.

— سىز مېنى ئەمەس، ۋېناسنى سىزىپسىز، نىجات بۇ قانداقسىگە ... ئىلھامىڭىز ھەقىقەتەن ...

— تاپتىڭىز، ۋېناسنى سىزدىم.

— ھەيكەلتىراش ئۇنىڭ بىر قولىنى ياسىمىغانىكەن.

— ئىنساندا مەلۇم بىر ئەزانىڭ كەم بولۇشى مېيىپلىق سانىلىدۇ ۋە ئۇ خىل مېيىپلىق ئىنسانغا بىر ئۆمۈر روھىي ئازاب كەلتۈرىدۇ، ئەگەر سەنئەتتە مېيىپلىقمۇ ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى، جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي ئورنىنى ئوبرازلاشتۇرۇشتا رول ئوينىسا بۇمۇ بىر خىل گۈزەللىك ھېسابلىنىدىكەن، ۋېناسنى بىر قولى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم ئەيىبلىيەلمەيدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن يىرگەنمەيدۇ، بەلكى مېيىپلىق ئۇنىڭغا تېخىمۇ چەكسىز گۈزەللىك، مۇھەببەت ئاتا قىلغان، شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىلاھى، گۈزەللىك ئىلاھى سۈپىتىدە چوقۇنىدۇ، مەن سىزنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭىزنى تولۇق سىزدىم، چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلمىسام بولمايدۇ-دە.

رەنانىڭ ھاياجانلىنىشى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى، ھېسسىياتىنى باسالماي بىر قولىنى نىجاتنىڭ يەلكىسىگە قويدى.

— ۋېناسنىڭ گۈزەل ئوبرازىغا ئاياللارنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن، سىزمۇ خۇددى ۋېناستەك سۈرلۈك، مېھرىبان، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىسىز، مەن ۋېناسنىڭ ئوبرازىنى سىزگە ياكى بولمىسا سىزنىڭ ئوبرازىڭىزنى ۋېناسقا سىڭدۈرۈۋەتتىم.

رەسىمنى سىزىۋاتقانلىقىمۇ ئۆزۈمنى سىزنىڭ دەرگاھىڭىزدا ئەمەس، بەلكى يۇنانلىق قەدىمىي سەنئەت سارايلىرىدا يۈرگەندەك، دانىشمەن سەنئەتكارلار ئالدىدا ئىمتىھان بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم،— دېدى ھاياجانلانغان نىجات.

— سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، مەن سىزگە ئۆمۈر بويى قەرزدارمەن.

— ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ھېساب يوق، رەنا.

— ياق، مەن سىزگە...— رەنا سەل ئوياڭغاندەك سۆزىنى بۆرۈۋەتتى،— بۇ رەسىم ماڭىلا ئەمەس، كۆرگەنلىكى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ سەنئەتتىن، گۈزەللىكتىن زوقلىنىشنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىدۇ.

— ئىلھام بېغىشلايدۇ،— دېدى نىجات قوشۇمچە قىلىپ.

— نىجات، جېنىم نىجات!...— رەنا چەكسىز شادلىق، ئىپتىخارلىق ھېسلىرىغا چۆمۈلگەن ھالدا نىجاتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى،— سىزنىڭ ئەقلىڭىز، تالانتىڭىز... ھەممىسى ماڭا مەنسۇپ، ئەمدى مەن ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئىنسانلارنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىسام بولامدۇ؟

— خاتالاشتىڭىز، رەنا،— نىجات ئۆزىنى قاچۇرۇشنى بىلەپ كۆرۈپ بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى، ھودۇقۇشىدىن پۈتكۈل ۋۇجۇدى تىترەيتتى، رەنا بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشقاندى،— مەنمۇ، ئەقلىممۇ، تالانتىممۇ ئالدى بىلەن خەلقنىڭ سەنئىتىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. لېكىن سىز...

— سىز ماڭا مەنسۇپ!— رەنا توپلىيىنىڭ پاشنىسىنى سەل كۆتۈردى. لەۋلىرىنى نىجاتقا ئۇزاتتى،— رەت قىلماڭ نىجات، ئەمدى رۇقىيەم كۆرۈپ قالمايدۇ.

نىجاتنىڭ بەدەنلىرى چىمىلداپ ئېچىشىپ كۆيۈشكە باشلىدى. كۆز ئالدى تۇمانلىشىپ زاللا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيا تۇمان ئىچىگە شۇڭغۇغان قۇيۇندەك پىرقىراۋاتاتتى، يۈرىكى بولسا باشقىچە ھېسسىياتلارغا ئەسىر ئىدى. رەنانىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئالەمچە زور، يۈكسەك مۇھەببەتنىڭ ئەڭ شېرىن، ئەڭ تاتلىق كەۋسىرىنى قۇيۇۋاتاتتى. ئوتلۇق، خۇش بۇي تىنىقلار ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا، ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ يېڭىچە قۇدرەتلىك بىر ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، ئۇ تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان ئاجايىپ ھۇزۇرلىنىش ئىلكىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىم تۇراتتى.

— مۇشۇنداق چاغدا رۇقىيەم كىرىپ قالسا-ھە؟

— مۇمكىن ئەمەس، بۈگۈن...ئۆتكەن كۈنى ئاخشام ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆردىڭىزغۇ، ماڭا دېگەن گەپلىرى... رەنا، مەن رۇقىيەمنىڭ دېگىنىدەك قىز-ئاياللارنى يولدىن چىقارغان، ئازدۇرغان بولسام...رۇقىيەمنىڭ كۈندەشلىكى ئوتقا ئايلىنىپ مېنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرسا ھەق بولاتتى، سىز بىلىسىز...رەنا مەن...ياق، ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى ئاقلاش ھاجەتسىزغۇ؟

— مېنى ئازدۇردىڭىزغۇ؟

— قانداق قىلىپ رەنا؟

— ئىشقىڭىزدا كۆيدۈرۈپ...
— شۇ كۈنى سىز، ھېچكىم سىزنى مەنچىلىك چۈشەنمەيدۇ، دېگەنىدىڭىز. يۈرىكىمـ
ىنىڭ قانداقلىقىنى سىزلا كۆرۈپ تۇرىسىز.
ىنجات رەنانىڭ قويۇق بـۇدۇر چاچـلىرىنى مېھرىبانلارچە سىيلاپ قويدى، رەنا تېـ
ىخىچە ىنجاتنىڭ كۆكسىدىن بېشىنى ئالماي تۇراتتى. شۇئان كارىدوردىن رەنانى چاقىرغان
ئاۋاز ئاڭلاندى، رەنا چىقىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى شـەلپەردەك
قىزارغانىدى.
رەنانىڭ ھۇجرىسى ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. ىنجات ئەينەكلىك ئىشكاپىنىڭ ئۇدۇـ
لىدىكى ئۇزۇن دىۋاندا ئولتۇراتتى. ئىشكاپ ئەينىكىدىن ئۆزىنىڭ قىياپىتىـگە نەزەر سالـ
دى، قويۇق، قاپـقارا بۇدۇر چاچلىرى ئۆسۈپ قۇلاقلىرىنى، گەدىنىنى ياپقانىدى، ھەمىشە
چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى، قىرلىق بۇرنى ئۈستىدىكى ئۇچى ئەگمـەچ بۇرۇتـى
ئۇنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ياشلىرىغا خاس تۇرمۇش ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.
ئايىغى بوغما، ئالدى سېرتمىلىق قارا كەمزۇلى گەۋدىسىگە جىپسا كەلگەنـدى، سەل ئۇـ
رۇقلاشقا باشلىغان يۈزلىرىدە دائىم تۇرگۈنلۇك، جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى.
— ئاپام سىزگە ئاتاپ...— رەنا كۈمۈش ھەل بېرىلـگەن پەتنۇستا ئىككى چىنە
شورپا كۆتۈرۈپ كىردى، — كۆڭلۈمدىكىنى تاپىدۇ، بەخىرامان ئولتۇرۇڭ.
رەنا چىقىپ كېتىپ لىگەندە لىق گۆش ئەكىردى، كاستيۇمنى سېلىۋېتىپ ىنجاتنىڭ
يېنىدا ئولتۇردى. ىنجاتنىڭ چىنىسىگە نان چىلاپ قويدى. ئىككىيلەن بىر-بىرىنى تەكلىپ
قىلىشـىپ ئولتۇرۇپ كۆڭۈللۈك ھالدا غىزالاندى، رەنا ئىشكىنى ھىم يېپىپ قويغاندىن
كېيىن يەنە ىنـجاتنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ دولىسى، بېلىكى، يانپېشى ... ىنجاتنىڭ
كىيىملىرىگە تېگىپلا تۇراتتى.
— جېنىم ىنجات، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — ئەسلىدە مېنىڭ ئىدىڭىز، بۇنى
مەن داشۆدە ئوقۇۋېتىپلا ھېس قىلغانىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمىزدا كەلگۈسى تەقـ
دىرىمىز ھەققىدە بىر نېمە دېيىشمىگەن ئىكەنمىز، شۇ چاغدىمـۇ مەن سـىزنى ئـۆزۈمـگە
ھەممىدىن يېقىن ھېسابلايتتىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىچـە سىز توي قىلىـۋاپسىز. ئەپـ
سۇسلاندىم، ھەسرەت چەكتىم، يىغلىدىم، يوشۇرۇن كۆيۈش بەكمۇ ئازابلىق ئىكەن، ئەسـ
لىدە سىز مېنى خېلى بۇرۇنلا ئازدۇرغان، ئەقلىمنى ئالغان ئىكەنسـىز. كېيىـن مېـنىڭ
تەقدىرىمدىكى نومۇسلۇق پاجىئە مېنى ھەممىدىن بەزدۈردى. بىراق، مەن سـىزنى ھاياـ
تىمنىڭ مەنىۋى يۆلەنچۈكى دەپ قارىغاچقا يەنىلا ئۈمىدۋار بولۇشـقا تىرىشـتىم، بولۇپمۇ
سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىكى جېدەل- ماجىرا بىلەن تولغان مۇھەببەتنى، ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزـ
لىكلەردىن چېكىنىۋاتقان ئازابلىرىڭىزنى كۆرۈپ سىزگە تېخىمۇ زور ئۈمىد باغـلىدىم. رۇـ
قىيەمدىن پاتراق ئاجرىشىشىڭىزنى تىلەيدىغان بولدۇم، چۈنكى شۇنداق بولغاندىلا مېـنىڭ
مۇھەببىتىم چىقىش يولى تاپالايتتى، سىزگە تەگسەم مۇرادىمغا يېتەتتىـم. لېـكىن...سىز
بۇ مەسىلىدە ناھايىتى سوغۇققان بولۇۋالدىڭىز، ئازابتىن قۇتۇلۇشـنى خالـىمىدىڭـىز، مەن
سىزنى بەختلىك قىلالماسمەنمۇ ىنجات؟ سىز مېنى بەختلىك قىلالايسىز، مەنمۇ سـىزنى

بەختلىك قىلالايمەن. مانا ئەمدى مەن سىزنى رۇقىيەمدىن كۈنلىيەلەيمەن، راستىنلا كۈللەيمەن، رۇقىيەمنىڭ سىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا ئۆزۈمنى بۇ جاھاندا مەۋجۇت ئەمەستەك، يوقتەك، ئەزەلدىن تۇغۇلمىغاندەك، پەقەت كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان روھىملا مۇشۇ دۇنيادا كېزىپ ـ تېنەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن. نىجات، نەزەرىڭىزدە مەن بەلكىم بىر ئەخمەق، ھاماقەت ئايالدۇرمەن، ئويلاپ بېقىڭ، ھەرقانچە ئۇچۇق ـ يورۇق، جۈرئەتلىك ئايالمۇ يۈرىكىدىكى گەپلەرنى مەندەك ئاشكارا دېيەلەمدۇ، يەنە كېلىپ بىر ئەركىشىنىڭ ئالدىدا...بىراق مۇھەببەت ئاجايىپ نەرسە ئىكەن، ئۇ مېنى ئايالى، بالىسى بار بىر ئادەمگە ئۆمۈرلۈك باغلاپ قويدى، نىجات مېنى قىيىنىماڭ، ئەمدى ئارتۇق چىدالمايمەن.

— ئاھ خۇدا! ...ــ نىجات بوغۇق ئاۋازدا نالە قىلدى ۋە ئېغىر خورسىندى، ئۇ بىر سېكۇنتقا قاتتىق ھاسىردى، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەكلا قىلىۋاتاتتى. رەنا ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتەتتى. ــ ھايات ماڭا تولىمۇ سىرلىق، مۇرەككەپ سېزىلىۋاتىدۇ، مەن ...

— ماڭىمۇ ھايات سىرلىق، مۇھەببەت گۈزەل سېزىلىدۇ، ئەگەر شائىر بولغان بولسام مۇھەببەت، ۋىسال ھەققىدە لىرىك داستانلارنى يازغان بولاتتىم، لېكىن...

— مېنىڭ قاراشلىرىم، ھېسسىياتىم ناھايىتى يۈزە، ساددا بولسا كېرەك.

— ياق، سىز مېنى سىناۋاتىسىز.

— ئۆزۈمنى سىناۋاتىمەن. رەنا ئۆزۈمنى سىنىماقچى، كۆز ئالدىمدا دۇچ كېلىدىغان مۇرەككەپ سىناقلارغا، تەھدىت، خىرىسلارغا بەرداشلىق بېرەلەيمەنمۇ ـ يوق، شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

— ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا رۇقىيەمدىن باشقا يەنە قانداق توسالغۇ، تەھدىت بولۇشى مۇمكىن؟

— رۇقىيەم توسالغۇ ئەمەس، رەنا، بۇ جەھەتتىكى ئوي ـ پىكرىمنى سىزگە ئېنىق چۈشەندۈرەلمەيمەن، راستىنى ئېيتسام قولۇمدا بىر ئايال تۇرۇپ، باشقا بىر ئايالنىڭ مۇھەببىتى توغرىسىدا ئويلاش تازا ئاقلانىلىق بولماسمىكىن، رەنا...مەن نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمەن، بولدى بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى ...

— نىجات! ...ــ رەنا ئىككى بېلىكىنى كېرىپ نىجاتنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى، كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى، ــ نىجات نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن مۇھەببەتنىڭ نىكاھنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، بىراق، مەن رۇقىيەمنى ...

نىجات سۆزىنى توختىتىۋالدى. كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغانىدى، رەنا قوللىرىنى تارتىۋالدى، مىنۇت ئۆتمەي ئاياغ تىۋىشى غايىب بولدى، نىجات، ھېلىمۇ ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈزمىگەنىدى، ھېلى بىرسى ئۇشتۇپ كىرىپ قالىدىغاندەك قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنىدى. رەنا ئىشىككە يېقىنلىشىپ سىرتنى تىڭشاپ بېقىپ قايتىپ كەلدى، ئاڭغىچە نىجات ئورنىدىن تۇردى.

— كەچ بوپتۇ، كېتەي.
— ياق، — رەنا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، — كەتمەيسىز، مېنىڭ گەپلىرىم تۈگىمىدى.
— كېيىن يەنە پۇرسەت چىقار.
— ياق، راستىنى ئېيتسام، نىجات، بۈگۈن كەتمەڭ.
— بۇ گېپىڭىز سەل ئېشىپ كەتتى، ئۆزىڭىزنى بېسۋېلىڭ، — نىجات ئادەتتىن تاشقىرى تەمكىنلىك بىلەن رەنانىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — قەلبىڭىزنى چۈشىنىمەن، لېكىن... يەنە ئولتۇرۇۋەرسەم بولماس، دادىڭىز، ئاپىڭىز، ئاكا - سىڭىللىرىڭىز بار... سەت تۇرىدۇ.
— ھېچكىمدىن قورقمايمەن، پەقەت سىزگە ئېرىشەلمەسلىكىمدىن قورقىمەن، شۇڭا نېمە ئويلىسىڭىز مەيلى، مەن سىزنى كەتكۈزمەيمەن.
— ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزنى ئاياپلى، خەير!
رەنا پاگىگىدە يىغلىۋەتتى. نىجات ئالدىراپ كارىدورغا چىقتى، زالغا كىرىپ خالاتقا ئورالغان قەلەم، بوياق، رەسىم تاختىلىرىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئاي، يۇلتۇزسىز قاراڭغۇ كېچىدە ھويلىدا ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى، ياق، ھويلا ئادەمسىز ئىدى. نىجات دەرۋازىدىن چىقىپ تۈن قوينىدا غايىب بولدى.
فېۋرال ئېيىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، نىجات ئۈچۈن نەۋ باھارنىڭ بۇ خاسىيەتلىك كۈنلىرى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك ئۆتتى. ھەمراخانىم ھويلىدا، ئىشىك ئالدىدا باھار مەنزىرىسىدىن بەھرى ئالغاچ رىشاتنى ئوينىتاتتى، نىجاتنى ئىزدەپ كەلگەنلەر ئۇنىڭ «يوق» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ قايتىشاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئالدىن پىلانلاپ قويغان ئەمما ئوقۇشقا ۋاقىت يار بەرمىگەن كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتتى، خاتىرە يازدى، بەزى مۇھىم ئابزاسلارنى شۇ پېتى كۆچۈرۈۋالدى. بىرنەچچە ماقالىنى يېزىپ پۈتكۈزدى. «ئارسلانخان شەھىرى» دىن قېزىۋېلىنغان جەسەتنىڭ دەۋرى، جىنسى، مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا، مىس پۇللار توغرىسىدا ئىزدەندى، ھەمدە ئۆزى قايتا باھالاپ بېكىتىش كېرەك، دەپ قارىغان بۇيۇملار ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى ئالىم، ئارخېئولوگ، تەتقىقاتچىلارغا ئەۋەتتى.
كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى، ئەمدى ماقالە، خەت... لەرگە جاۋاب ئېلىشى كېرەك ئىدى، ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن مارتنىڭ ئالتىنچى، يەتتىنچى كۈنلىرى كونا بازارلىق ھۆكۈمەتكە باردى، ئەھۋالنى ئېيتتى.
— بۇ، ھەسەن ماموت شۇجى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتىكى ئىش ئىكەن، — دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى، — ئارخىپلارنى، ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى، چىقماي قالسا مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئۆزىدىن سورۇشتۇرەرسىز.
ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقىمۇ ئوخشاشلا:
— ئۇ چاغدىكى باشلىق ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كەتكەن، مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، ئارخىپلارنى ئاختۇرايلى، — دېدى.
ھەر ئىككى ئورۇننىڭ 1967 — 1982 - يىللاردىكى ئارخىپلىرىدىن ئالتۇن قازان ۋە

ئۇنىڭ ئىچىدىكى تىللالارغا دائىر ھۆججەت، رەسمىيەت قەغەزلىرى تېپىلمىدى. ئىككى كۈنلۈك ئاۋارىچىلىقتىن كېيىن نىجات ئىنتايىن مەيۈس، غەمكىن ھالدا ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئالتۇن قازاننىڭ بانكىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكىگە ئائىت بىرەر ھۆججەتنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، چۈنكى مال - دۇنيا، يادىكارلىق دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكەن بولۇپ، نىجات پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئالتۇن قازاننى ئارىيەتكە ئالاتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇ ھەقىقەتەن ئاسار ئەتىقە دەپ بېكىتىلسە، يەنە باشقىدىن رەسمىيەت بېجىرىپ ئالتۇن قازاننى بانكىدىن بىراقلا ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن رەنا ئۈچۈنمۇ بولسا ھەسەن ماموتنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالماسلىقى كېرەك - تە، مانا ئەمدى ئالتۇن قازان، تىللا، زىخچە ئالتۇنلارنىڭ جەزمەن ھەسەن ماموتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئاساسەن ئايدىڭ بولۇپ قالدى. نىجات قايغۇغا چۈشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، رەنا، مۇھەببەت، رەنا، يەنە مۇھەببەت، نىجات ئويلايتتى، رەنانىڭ يىللاردىن بۇيان نىجاتقا قىلغان ياردەملىرى، ھېسداشلىقى، ئەقىدە، ئىخلاسى، نىجاتنىڭ كەسكىن پوزىتسىيىسى ۋە ھەرقانداق توسالغۇغا پىسەنت قىلمايدىغان مۇستەھكەم ئىرادىسى ئالدىدا بەربات بولارمۇ؟!

— نېمە بولدۇڭ، خېلىدىن بۇيان ماشىنا ئادەمدەك تىنىم تاپماي ئىشلىدىڭ، تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمىدىڭ، جۇدىدىڭ، ئورۇقلىدىڭ، لېكىن... بۇرۇن تېتىك، روھلۇق يۈرەتتىڭ، ئىككى كۈندىن بېرى تېخىمۇ سولىشىپ كەتتىڭ، — ھەمراخانىم ئوغلىغا ئېچىنىش نەزىرىدە قاراپ قويدى، — مانا ئەمدى دەسسىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك ئېزىلىپ ئولتۇرىسەن.

— ئالتۇن قازان ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتىكەن ئاپا ...

— نېمە؟ — ھەمراخانىم توۋلىۋەتتى، — سەن يەنىلا شۇ كويدىمۇ؟ مېنىڭ ئوغلۇم بولىدىغان بولساڭ ئىككىنچى بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالما، بولدى قىل، مەنمۇ قېرىدىم، كۆرىدىغان كۈنۈم ئاز قالدى، ساڭا ھايات، تۇرمۇش، ئىستىقبال لازىم. كونىلاردا «ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەرباب بىلەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، بېشىدىن ئۆتكەن ئادەم دېگەن بولغىيدى بۇ گەپنى ...

نىجات ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە تۇيۇقسىز دېدى:

— ئاپا، دادامنىڭ قازاغا ئۇچرىشى ئاشۇ ئالتۇن قازان بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەپ ئويلايمەن، بۇ مېنىڭ گۇمانىم، لېكىن ئۇنى ئېنىقلىغىلى بولۇشى مۇمكىن.

ھەمراخانىم تامدەك تاتىرىپ كەتتى ۋە نىجاتقا كەينىنى قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— بەڭگىنىڭ خىيالى... بەڭگىنىڭ ... — ھەمراخانىم كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى سۈرتكەندە نىجات ئاپىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ھەمراخانىم ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەجەل شۇنداق كەلگەن بولغىيدى، ئوغلۇم، ئالتۇن قازان، ئالتۇن قازانلا دەيسەن، ساڭا ئالتۇن قازان ئاتىلىق جىن چاپلاشقان چېغى، ئاخىرى سەن يۈرەك باغرىمنى خۇن قىلىۋېتىدىغان بولدۇڭ. داداڭدىن ياش قېلىپ تۇللۇقنىڭ ئازابىنى تارتتىم، يېشىمدىن بالدۇر قېرىدىم. ئەمدى سەن ئوتقا تىققاي

دەمسەن؟ ئۆزۈڭنى ئابۇت قىلىدىغان ئىشقا تۇتۇنۇۋاتىسەن، خۇدا! ئاھ خۇدا!... نېمىلەرنى
دەۋاتىمەن؟ مېنى، نىجاتنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن خۇدايىم!
نىجات ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى، ھەمراخانىم كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە كەينىگە
ئۆرۈلۈپ نىجاتنى باغرىغا باستى.
— گېپىمنى ئاڭلا ئوغلۇم، سەن چۈمۈلە، ئۇلار چوڭ سېدە، ئۇنى لىكشىتالمايسەن،
ئاخىرى ئۆزۈڭ يېقىلىسەن، بىز خانىۋەيران بولىمىز. ئالتۇن قازاننى يادىڭدىن چىقىرى-
ۋەت، رەسىمىڭنى سىزىۋەر، تىنچ، غەلۋە-غەۋغاسى يوق كەسىپ، شۇ ئىشىڭمۇ ساڭا ھۇ-
زۇر-ھالاۋەت، شان-شەرەپ بەخش ئېتىدۇ.
نىجات ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۈندىمەستىن جىم تۇرۇۋەردى، ھەمراخانىمنىڭ
ئۆكسۈپ-تېپىقىپ يىغلاشلىرى ئۆي ئىچىنى يۈرەكنى سىيرىلدۇرۇۋېتىدىغان ئاجايىپ ئېچىنىشلىق
مۇڭغا، ھەسرەتكە تولدۇرماقتا ئىدى.
نىجات كېچىدە ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ زادى ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ يۈ-
رىكى قاتتىق ھەسرەت، ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. ئۇ ئويلايتتى. ئەگەر ئىستىقبال قۇيا-
شى نىجاتتىن يۈز ئۆرۈپ تەقدىرنىڭ رەھىمسىز قارا بۇلۇتلىرىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالسا
ئۇنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىمۇ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىگە چۆكەتتى، ھەممە نەرسە، بارلىق
ئۈمىد-ئارمان، غايە — بۇرۇنقى جاپالىق ئەمگەكلەر، مۇۋەپپەقىيەتلەر، مۇھەببەت... پۈتۈن-
لەي بەربات بولاتتى. بۇ ھەمراخانىمنىڭ ئوغلىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە غەم قىلىپ تۆكۈ-
ۋاتقان ياشلىرىنىڭ ھەربىر تامچىلىرىدا نامايان بولۇۋاتقان دەھشەتلىك مەنزىرە ئىدى. بى-
راق، نىجات بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ ناھايىتى مول، قىممەت-
لىك پاكىتلارنى يىغىپ توپلىدى، ئەنە شۇ پاكىتلار ئۇنىڭ ئۆزى باشلىغان ئىشتا قازانغان
ئۇتۇقلارنى كەڭ جامائەتكە تەقدىم قىلالايدۇ. تارىخ چاقى كەينىگە يانمايدۇ، تارىخ ۋاقىت
بىلەن ماس قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىجاتقا خىرىس قىلىۋاتقان ھەر-
قانداق بىر كۈچ تارىخ چاقىنىڭ ئاستىدا پايمال بولىدۇ. ئىشەنچ، ئەقىدە، ئىرادە، غايە
ئاجايىپ بىر يۈكسەك تۇيغۇ، ئەگەر ئۇ ئىنسان قەلبىگە مۇستەھكەم ئورنىشىدىكەن، ئۇ-
نى ھەرقانداق زورلۇق كۈچمۇ يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ، نىجاتتا ئەنە شۇنداق
يۈكسەك تۇيغۇ بار. ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق، ئازابلىق ئەمگەك، ئىزدىنىش،
تەتقىقات، ئىجادىيەت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانىدى، پېشانىسىدىن تۆكۈلگەن تامچە-
تامچە تەرلەرنىڭ، سەرپ قىلىنغان يۈرەك قانلىرىنىڭ جەۋھىرى ئاشۇ ئىشەنچ، ئەقىدە،
ئىرادە، غايىگە مەڭگۈلۈككە سىڭىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۇغما مىجەزى
بويىچە جىددىيلىشىپ، كەيپىياتى ئۆزگىرىپ ئۆزىنى تۇتالماسلىق دەرىجىسىگە يەتكەندىمۇ
يەنە ئاشۇ خىل تۇيغۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھايات ۋە مېھنەتنىڭ نۇرغۇن ئەگرى-توقاي، ئېگىز-
پەس، خەتەرلىك ئۆتكەللىرىدىن ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كۆزلىگەن پەللىگە يېتەلىگەن،
ئۇ يەنە شۇنىڭغا ئىشىنەتتى، قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى، ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى چوقۇم
ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ كەسپىتىكى ئاز-تولا بى-

لىم - ئىقتىدارىدىن باشقا، مۇھىمى تايانچىلىرى، ئۇستازلىرى سۈپىتىدە نۇرغۇن ئالىملار،
ئارخېئولوگلار، تارىخشۇناسلار بار، ئۇ ھەر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ
يەنە شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي، پارلاق مە-
دەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى يېڭى زامان مەدەنىيە-
تى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەريانىدا ئىلغار مىللەتلەرگە ئايلانغان، پارلاق ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي ئىزنالىرىنى قېزىش، تەتقىق قىلىشمۇ بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتى-
نىڭ مەدەنىيىتىنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، تارىختىكى بوش-
لۇقنى تولدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ناھايىتى ئۇزۇن، ئۈزۈلمەس بىر لىنىيە بارغانسېرى
ئۇزىراپ، كېڭىيىپ ھاياتنى ھاياتقا، تارىخنى تارىخقا ئۇلايدۇ.
نىجات تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى، تاڭ ئاتتى، كۈن چىقتى. ھەمراخانىمنىڭ ئۆ-
يىدىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازلار، كۈلكىلەر ئاڭلانغاندەك بولدى. نىجات ئويغىنىپ كەتتى.
شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشىدىن ئەندىكىپ يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلى-
غان بولۇپ يېتىۋالدى. رەنا كىردى، ئۆي ئىچى قالايمىقان ئىدى. شىرەدە، سۇپىدا، كى-
گىز ئۈستىدە، دېرىزە تەكچىسىدە، ياستۇق ئەتراپىدا... كىتاب، گېزىت، قول يازمىلار چېچ-
ىلىپ ياتاتتى. رەنا بىر ھازا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا كېلىپ نىجات-
نىڭ بېشىنى نوقىدى، نىجات تېخىمۇ تۇگۈلۈۋالدى.
— نىجات! ھوي نىجات!
رەنا قىزغۇچ، ئىنچىكە، نەپىس بارماقلىرى بىلەن نىجاتنىڭ پېشانىسىنى بوش سىيلى-
دى، قۇلىقىنى تارتىپ قويدى. بۇرنىنى چىمدىدى، ئۇنىڭ ئاشۇ ھەرىكەتلىرىدە بىر خىل
شوخلۇق، نازۇكلۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. نىجات ئويغانمىدى. رەنا چەينەكتىن ئوچۇمىغا
سۇ ئېلىپ كېلىپ نىجاتنىڭ يۈزىگە تېمىتتى، مۇزدەك سوغۇق سۇ نىجاتنى قاتتىق شۈر-
كەندۈرۈۋەتتى، ئۇ ئىلاجسىز كۆزلىرىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.
— ئۇخلاۋېرەمسىز ياش ئالىم؟
— ھە...سىز...!
— ھە مەن، قانداق؟... — رەنا كۈلدى، لەۋلىرى غۇنچىدەك تۈگۈلدى، زىناقلىرى
تەبەسسۇم ئىلكىدە تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالدى، — يادىڭىزدىن چىقتىمۇ؟ بۈگۈن «8 - مارت
خەلقئارا ئاياللار بايرىمى»، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، ھەمراخانىمنى يوقلاپ كەلدىم. ئەم-
دى سىز مېنى يوقلاپ بارارسىز؟
— ئاۋۋال سوۋغا تەييارلىسام بولاتتى.
— ئەخمەق! — رەنا ئەركىلەپ تۇرۇپ ئېگىشتى - دە، نىجاتنىڭ پېشانىسىگە چوكقىدە
بىرنى سۆيدى، — سوۋغىڭىز ئاللىقاچان ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.
نىجات كۈلدى، ئۇنىڭ كۆلكىسىدە كىچىككى خىياللىرىنىڭ كاللىسىغا سىڭىپ قالغان
غۇۋا سايىسىنى كۆرگەندىكى شادلىق ئىپادىلەندىمۇ، ياكى رەنانىڭ سۆيۈشىدىن سۆيۈنگەنى-
دىكى ئىپتىخارلىق ھېسى ئەكس ئەتتىمۇ... ئىشقىلىپ بىر خىل خۇشاللىق، بەخت تۇيغۇ-
سى جىلۋە قىلاتتى. نىجات رەنانى ئەقىللىق دەپ قارايتتى. ھېلىقى كۈنى ھۇجرىدا

رەسىم پۈتكەلىدىن كېيىن بىر - بىرىگە ئېسىلىپ سۆيۈشۈپ تۇرۇپ قىلىشقان گەپلەردە ئىككى قەلبىنىڭ ھېسسىياتىدا تۈپتىن پەرق بارلىقى بىلىنىدى. ھېچكىم سىزنى ھەنچىلىك چۈشەنمەيدۇ، رەنانىڭ بۇ سۆزى ئۆزىنىڭ ئابستراكت ھېسسىياتىنى ۋە نىجاتقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن فورمۇلىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. شۇندىن كېيىن نىجات رەنانىڭ مۇھەببەتكە بولغان قارىشىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغانىدى. مۇھەببەتنى چۈشىنىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسانلاردىكى بىر خىل يۈكسەك ئىقتىدار، رەناغا ئوخشاش ياش، ھېسسىياتى قايناپ تۇرغان شوخ چوكانلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتنى شەخسىي مۇھەببەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان نىكاھنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. تۇرمۇشتىكى شەخسىي، ئالاھىدە بەخت - سائادەتنى ئاساسىي نۇقتا قىلىدۇ، لېكىن. بۇنىڭلىق بىلەن رەنانى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللارنى ئەيىبلىگىلى بولامدۇ؟ نىجات رەنانىڭ تۇرمۇش ۋە دۇنيا قارىشىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ پاك، سەممىي، غەرەزسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىغا قارىماي يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى، ئۇنى ئويلايتتى، سېغىناتتى. رەنادىكى يۈكسەك جەلپكارلىققا ئىگە كۈچ - قۇدرەت ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن!

— ئۇيقۇغا قانمىدىم، رەنا.

— بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. ماڭا كۆرۈنمەي ئۇخلىدىڭىز. يەنە قانداق تۈگىمىگەن ئۇيقۇ بۇ؟ كەلسەملا ھەمراخانىم «يوق» دەيدۇ. بايا ھەممىنى ئۇقتۇم، سىز 40 كۈن ئېھتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىپسىز.

— بۇ دۇنيانىڭ غەلۋە - غەۋغالىرىدىن، تەشۋىشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 40 كۈن مۆكۈنۈۋالدىم، ئۇخلىدىم.

— ھازىر يەنە ئۇخلامسىز؟

— ھەئە.

— ئاپىڭىز بولمىغان بولسا قوينىڭىزغا كىرىۋالاتتىم، — رەنا شۇ سۆزنى دەۋېتىپ قىپقىزىل قىزاردى. قولىنى ئۇزىتىپ يوتقاننىڭ بىر بۇرجىكىنى تۇتۇپ تارتتى، — قوپۇڭ، بولمىسا يوتقاننى ئېچىۋېتىمەن.

— قىزىم، نىجات يەنە بىردەم ئۇخلىۋالسۇن، — رەنا ئىشىك سىرتىدىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك قولىنى تارتىۋالدى، — يېنىپ چىقىڭ.

— ئاھ خۇدا!... — رەنا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، پەگادىكى ئۇستەلگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئىشىككە ۋەھىمە ئارىلاش قاراپ قويىدى، — خانىم بايىقى گېپىمنى ئاڭلاپ قالغاندىمۇ؟

— ئاڭلىمىغاندۇ، — دېدى نىجات، — رەنا سىز كېتىۋېرىڭ، مېھمانلىرىڭىز قاراپ قالمىسۇن، مەن كېيىنرەك باراي.

نىجاتنىڭ كۆز ئالدىدا رۇقىيەمنىڭ كۈندەشلىك ئوتىدا يانغان غەزەپلىك كۆزلىرى پەيدا بولغاندەك ۋە بۇ كۆزلەر نىجات بىلەن رەنانىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرۇ-

ۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. رۇقىيەم بۇنى ھەرگىز كەچۇرمەيتتى. ئۇ ئەسلىدىن پاك، غۇبارسىز
قەلب ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن رەنانى بىسىپ چۈشەتتى، چۈنكى، رۇقىيەم بارلىق
مۇھەببىتىنى بىرلا نىجاتقا بەخش ئەتكەن، ھەمدە ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ، نى-
جاتتىن باشقا ھىچقانداق بىر ئەركەك زاتىغا تىكىلىپ قاراپ باقمىغانىدى. رەناچۇ؟ بۇرۇن
بىر ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغان، ھازىر بولسا... تىخى جاۋاب بىرىلمىگەن مۇھەببەت ئىز-
ھارى ئۈچۈن ھەۋىسىنى، قىزغىنلىقلىرىنى، ھىسسىياتىنى، بارلىقىنى قۇربان قىلىۋاتاتتى. بۇ
خىل قۇربانلىق ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى، مۇھەببەتتىكى ئورنىنى تۆۋەنلەشتۈرەتتى، ئوبرازى-
نى خۇنۇكلەشتۈرەتتى. نىجاتنىڭ ئالدىدىكى ئىززەت - ھۆرمىتىنى، قەدىر - قىممىتىنى
يوقىتاتتى. مۇھەببەت ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن مەڭگۇ مەۋجۇت ۋە ئۇلۇغ، قىز - ئايال-لار
ئۆز مۇھەببىتىنى قانچە پىنھان تۇتسا، يوشۇرسا ئۆز ئاشىقلىرىنىڭ قەلبى ئۇلارغا شۇنچە
ئىنتىزارلىق بىلەن تەلپۈنىدۇ، بۇ تەلپۈنۈش — ئاشىقلارنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىنى كۈچەي-
تىدۇ. رەنانىڭ مۇھەببىتى ئاشكارا ھالدا ئۆزىنى ئۇرۇش، ھىيىقماستىن ئەركىلەش، ناز-
لىنىش، قەلبىدىكىنى پۈتۈنلەي تۆكۈپ تاشلاش نەتىجىسىدە كۈچ - قۇدرىتىنى ئاجىزلاشتۇ-
رۇۋاتاتتى. مۇھەببەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق ھەرگىزمۇ مەردانىلىق ھىسابلانمايدۇ. رۇ-
قىيەمنىڭ مۇھەببىتىمۇ ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆندەشلىكى تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ
قالمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتى، گۈزەل جامال، ۋاپادار قەلبى بىلەن نىجاتنىڭ
كۆڭۈل ئالىمىنى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرغان بولسا، يەنە شۇنداقلا چىكىدىن ئاشقان
كۆندەشلىكى بىلەن بۇ باغۇ - بوستانلارغا دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلارنى باشلاپ كىلىدۇ،
نەتىجىدە گۈللەر سۇنىدۇ، چەيلىنىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن باغۇ - بوستان پۈتۈنلەي خارابلە-
شىپ كەتمەيدۇ، بۇ ھال بىر خىل سىناق تەرىقىسىدە پات - پات تەكرارلىنىدۇ، باغۇ - بوستان
قۇياش نۇرى، ھاۋا ۋە جۇت - بوران ئىچىدە جاپالىق، ئازابلىق ھاياتنى داۋاملاشتۇرىدۇ.
بۇنى تاۋلىنىش دىسە بولارمىكىن. ئەمدىلىكتە رەناچۇ؟ ئۇ ھاياتلىق سەپىرىنى پاتىراق ئا-
خىرلاشتۇرۇشقا ئالدىرىغان تەركىي دۇنياچىلارغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ مۇھەببىتىنى ئاسان-
لا ۋايىغا يەتكۈزۈشكە، ۋىسال گۈلشەنىدە گۈل بىلەن بۇلبۇلدەك كىچە - كۈندۈز خەندە
ئۇرۇپ سايراشقا ئالدىرىماقتا، بۇ خىل ئالدىراڭغۇلۇق نىجاتنىڭ كۆڭلىگە تۈرلۈك تەش-
ۋىشلەرنى سالماقتا، «ئەمدى مەن سىزنى رۇقىيەمدىن گۈنلەيمەن» مانا بۇ ئۆز سەپىرىنى
پاتىراق تۈگىتىشكە ئالدىرىغان بىر ھايات ئىگىسىنىڭ مۇھەببەت مەنتىقىسى. ئەمەسمۇ؟ بۇ
بىر نامايىش، ئىسيان...مۇھەببەتنىڭ مۇھەببەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشى، مۇھەببەت-
نىڭ مۇھەببەتكە تاجاۋۇز قىلىشى، بۇ خۇددى ئىستەك، غايىسى ئوپمۇ ئوخشاش ئىككى
ۋەتەنپەرۋەرنىڭ شەخسىي ئاداۋەت تۈپەيلىدىن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي تە-
ۋەككۇلچىلىك قىلىپ دۇئىلغا چىققىنىغا ئوخشاش بىر ئىش، قىزىق ...
كوچىلار قۇياش نۇرىغا چۆمگەن، كوچىلار بىھىساب گۈزەللىكنىڭ خىلمۇ خىل
رەڭدار چىچەكلىرى بىلەن بىزەلگەن، ھەر بىر چىچەكنىڭ ئۆزىدىلا مىڭ قۇياشلىق نۇر
پارلايدۇ، نىجاتنىڭ قەلبى ئاجايىپ سىرلىق ئىزگۇ ھىسلار تەسىرىدە لال ئىدى، يىلدا
بىر كىلىدىغان خاسىيەتلىك بايرىمنى تەبرىكلەۋاتقان قىزلار، ئايال-لار ئەڭ ئىچرايلىق،

يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ ياسىنىشىپ چىقىشقانىدى. ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ۋە قىزغىن ئىدى. كوچىلار ئەنە شۇلار بىلەن نۇرلانغان. دۇنيا ۋە هايات ئەنە شۇلار بىلەن گۈزەللەشكەن. ئەگەر قىز - ئاياللار مەۋجۇت بولمىغان بولسا بۇ دۇنيا خۇددى دوزاختىلا ئوخشاپ قالغان بولاتتى. نىجات بۇگۈنكى مەنزىرىدىن تەسىرلەندى، زوقلاندى، سۆيۈندى. ئەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە نىجاتنى تونۇيدىغانلار كۈلۈپ، قىزىرىپ، ھېجىيىپ، تەبەسسۇم قىلىپ، نىگاھ تاشلاپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ دوستلۇق سالىمىنى يوللىماقتا. سالىمى ئارقىلىق ئۆتكەن كۈنلەردىكى ئۇچرىشىشلارنى، سۆرەتكە چۈشكەن مىنۇتلارنى، زىياپەت سورۇنلىرىنى، تانسامەيدانلىرىنى ئەسكە سالماقتا. ئۇلارنىڭ قەلبىدە هۆرمەت، ياخشى كۆرۈش. تەلپۈنۈش، ھەسەت ... تۇيغۇسى ئەكس ئېتىدۇ. نىجاتنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەن، جۈدىگەن، مەڭزىلىرى ئاقارغان، لېكىن ... كېلىشكەن بوي - قامىتى، مەغرۇرلۇقى، تۈرگۈنلۈكى ئەسلى قىياپىتىنى، مىجەزىنى ساقلاپ قالغان.

نىجات ئار بىر كوچىغا بۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىنى يانداپ ئۆتىدىغان چوڭقۇر ئۆستەڭنىڭ بويىغا سېلىنغان ئەتراپى قويۇق دەرەخلىك ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يەتتە مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىنغان بىر يېرىم مو يەرگە 100 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ سېلىنغان بۇ ھەشمەتلىك، ھەيۋەتلىك بىنا ھەممە كىشىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىپ تۇراتتى. ئۇ تۆمۈر دەرۋازا بوسۇغىسىدىن گويا مەسچىتكە كىرىۋاتقان نامازخاندەك ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاتلىدى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى زال دېرىزىسىدىن تۇچ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق، زىل كۈلكىلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. هويلا چېتىدە ئاشپەز يىگىتكە كۆرسەتمە بېرىۋاتقان ئايال نىجات تەرەپكە بۇرۇلدى:

— كېلىڭ نىجات!

سېمىزلىكىدىن تەستە ھەرىكەتلىنىدىغان، سەل - پەل مىدىرلىسا پۈتۈن بەدىنى لىغىلداپ تىترەيدىغان بۇ ئايال تەستە مېڭىپ ئۇچاق يېنىدىن يىراقلاشتى. نىجات رەنانىڭ ئاپىسىنىڭ قۇلاقلىرىدىكى بەش مىسقاللىق ئالتۇن زىرىگە، توم - توم بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكلەرگە، بېغىشىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈكلەرگە قارىۋېلىشقا ئۈلگۈردى، شۇ ھامان كۆڭلىدە ئاچچىق بىر سېزىم پەيدا بولۇپ كۆز ئالدىنى تۇسۇۋالغان قاتمۇقات گۇمان بۇلۇتلىرى تېخىمۇ قويۇقلاشقاندەك بولدى.

— رەنا، ھاي قىزىم رەنا! ...

نىجات ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان كەڭ دالانغا قارىدى، دالان چېتىدىكى قىزىل سىرلانغان پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان رەنانىڭ ئايىغىدىن تاراق - تۇرۇق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئەمدى كەلگىنىنى؟ — ئەيىبلەش نەزەرىدە تىكىلگەن كۆزلەردە يەنە شادلىق ئۇچقۇنلىرىمۇ جىلۋە قىلاتتى، — يۈرۈڭ!

رەنا نىجاتنى باشلاپ پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلدى، تار كارىدور ئارقىلىق ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى.

— كېچىككەن گۇناھىڭىز ئۈچۈن سىزنى قاماپ قويىمەن.

رەنا تاتلىقىنە كۈلۈپ قويۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، ئىچكەن بولسا كېرەك،

قەدەملىرى ئەسلىدىكى رىتىمىنى يوقاتقانىدى. شىرىق قىلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك
سىرتىدىن ئېتىلدى. نىجات بۇ بىناغا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن، ئۇ چاغلاردا رۇقىيەم ھەمى-
شە بىللە ئىدى. رەسىم سىزغان كۈنى ۋە بۈگۈنلا ئۇ يالغۇز كەلدى. بۈگۈن ئۇنى نىب-
مىدۇر بىر نەرسە، ئۆزىمۇ تېخىچە ئېنىق ھېس قىلالمايۋاتقان غەلىتە، غەلىتە، دېگەندىمۇ ۋۇجۇدى-
دا ھەم پەسسىيىپ ھەم دولقۇن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بىر خىل گادىرماش، مۇرەككەپ
تۇيغۇ بۇ بىناغا سۆرەپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ھۇجرىنىڭ ھەممە يېرىگە نەزەر سېلىشقا
باشلىدى، دېۋان كارىۋات، بۇلۇڭ ئىشكاپى، گىرىم ئۈستىلى، كىيىم ئىشكاپى، تاق كىشى-
لىك دېۋان، تامدىكى، يەردىكى گىلەم ... دېرىزىگە بېكىتىلگەن شامالدۇرغۇچ ... ھۇجرا
ئىگىسىنىڭ ئالىي تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشايدىغان، موھتاجلىققا يات، مەدەنىيەتلىك بىر ئا-
يال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ بىنا جەمئىي 11 ئېغىز چوڭ ـ كىچىك ئۆيلەر-
دىن تەركىب تاپقانىدى. ئوتتۇرىدىكى زال مېھمانخانا ئورنىدا خىزمەت قىلاتتى، تۈرلۈك
چوڭ ـ كىچىك ئولتۇرۇشلار، تانسا كېچىلىكلىرى، توي ... ئاشۇ زالدا ئۆتكۈزۈلەتتى. ھا-
زىرمۇ قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان شوخ كۈلكىلىرى، رومكىلارنىڭ جىرىڭ-
لاشلىرى ئاشۇ زالدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى، بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئېغىز ئۆينى ھەسەن ما-
مۇت ئەر ـ خوتۇن، بىر ئېغىزىنى رەنانىڭ ئىككى سىڭلىسى، ئىككى ئېغىزىنى رەنانىڭ
ئىككى بالىلىق بولغان ئاكىسى ئەر ـ خوتۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، رەنانىڭ ھۇجرىسى بىلەن
زالدىن باشقا قالغان ئۈچ ئېغىز ئۆي ھېلىمۇ بوش ئىدى. ئاشخانا، ئوتۇن ـ كۆمۈر ئام-
بىرى، ئېغىل، كاتەكلەر ھويلىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ پىششىق خىشتا ياسالغان بىنا-
نىڭ كەينى تەرىپى باغ ئىدى. نىجات بۇ كاتتا بىنانىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرگەندە ئۆزىنىڭ كونا بازاردىكى دېھقانچە، ئاددىي قورۇسىنى ئەسلەپ قالدى. «ئەس-
لىدە سىز مېنىڭ ئىدىڭىز، داشۆنى پۈتتۈرۈپ كەلگىچە توي قىلىۋاپسىز، خەير، ھامان
مېنىڭ بولىسىز»، ئەگەر نىجات دەسلەپ رەنا بىلەن توي قىلغان بولسا رەنا ئۇنىڭ ئاشۇ
ئاددىي، كۆرۈمسىز ئۆيىدە تۇرۇشقا كۆنەلەرمىدىكىن، رۇقىيەمچۇ؟ رۇقىيەمنىڭ نەزەرىدە ئۆ-
زى ياشاۋاتقان ئۆي ـ ماكانىنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنىڭغا پەـ
قەت نىجاتنىڭ ئۆزى، پۈتكۈل ھاياتى، مۇھەببىتى مەڭگۈلۈك نېسىپ بولسىلا كۇپايە،
ئۇ كېلىن بولۇپ كەلگەندىن بۇيان ئۇ ئۆي جاھاز توغرىسىدا خىيالىغا قىلىچىلىك باشقىچە
ئۆي ـ پىكىرلەرنى كەلتۈرمىدى، ئۆزىنى مۇھەببەتنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا كۆلدۈرگەن ئاشۇ
كونا، ئاددىي بىساتلىق ئۆيگە مېھرىنى، قان ـ تەرىنى تۆكۈپ ياشاۋەردى. لېكىن ئۇ نىجات-
نىڭ باشقا ھەرقانداق قىز ـ ئاياللار بىلەن بولغان دوستلۇق، خىزمەت، ھەمكارلىق مۇنا-
سىۋەتلىرىدىن تاشقىرى ئادەتتىكى سالام ـ سائەتلىرىنىمۇ قاتتىق چەكلەيتتى، نىجاتتىن
ئىبارەت بۇ قۇشنىڭ تۇيۇقسىز قەپەس شادىلىرىنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. ئەمما
قورقۇنچ ئىچىدە قەپەس شادىلىرىنى ئۆزى بۇزاتتى، بۇ ھەرىكىتىنىڭ قۇشنىڭ ئۇچۇپ چىقىپ
كېتىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بولسا ئۆزى سەزمەيتتى. بۇمۇ
رۇقىيەمنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر خىل غەيرىي مەنتىقە بولسا كېرەك.

نىجات پەردىنى قايرىپ دېرىزە قانىتىنى ئاچتى، ھويلىغا قارىدى. رۇجەك تام ئۈس-

ئىدە ئىككى قەپەس تۇراتتى، بىرى بوش، بىردە كىچىككىنە بوز رەڭلىك قۇش تۇمۇچۇق چەرخ ئۇرۇپ سايراۋاتاتتى، قەپەسنىڭ بامبۇك شادىلىرى باھار ئاپتىپىنىڭ ئىللىق نۇرىدا سارغىيىپ كۆرۈنەتتى، تۇمۇچۇق سايراپ - سايراپ توختىدى، نازۇك قاناتلىرىنى سىلكىپ كېرىپ گەۋدىسىنى ئىنچىكە شادىلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ ئەركىنلىككە تەشنا، قاناتلىرى بولسا بىپايان بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىشنى خالايدۇ، پۇپۇك، مونچاق ئېسىلغان چىرايلىق قەپەس، تەييار، پاكىز دان، سۈپسۈزۈك سۇ... ئۇنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

ئىشىك ئېچىلىپ بىر قىز — رەنانىڭ دوستلىرىدىن بىرى پەتنۇستا چىنە، تەخسە كۆتۈرۈپ كىردى، چىنىدە چۆچۈرە، تەخسىدە پىشۇرۇلغان تۇخۇم بار ئىدى. نىجات قىز بىلەن ئىللىققىنا سالاملاشتى، قىز نىجاتنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

نىجات زالغا كىرگەندە قىز - ئوغۇللارنىڭ بىر قىسمى تانسا ئويناۋاتاتتى، يەنە بىر - نەچچە يىگىت بىر شىرەنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتاتتى. ھەممەيلەن ھەرىكىتىنى توختىتىپ نىجاتقا سالام بېرىشتى، رەنا ئۇنى ھاراق ئىچىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

— موللا - ئالىم ھاراق ئىچسۇن، قۇلىقىنى قىزىتىڭلار، — دېدى رەنا جىلمىيىپ قاراپ، — بولمىسا تانسىغا چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ.

رۇمكىلار ئارقا - ئارقىدىن كەلدى، نىجات ئىچىۋەردى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ چاقناشقا باشلىغاندىلا زالنىڭ جەنۇبىي تېمىغا تاقاپ قويۇلغان جازىنى كۆردى، جازا ئۇزۇن پۇتلۇق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، تورۇستىكى ئاسما چىراغنىڭ ئاپئاق نۇرىدا ئەينەك ئاستىدىكى رەسىم ئاجايىپ ئۇلۇغۋار قىياپەتتە جۇلالاپ تۇراتتى. رەسىم سۆزلىمەيتتى، ھەرىكەت قىلمايتتى، بىراق ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سىزىق، ھەر بىر رەڭ ۋە نۇرلاردىن ھاسىل بولغان ئوبراز گويا كىشىلەرگە ھامان مۇھەببەت - سۆيگۈ، گۈزەللىك ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كۆزلەردىكى جانلىق قاراشلاردىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق سەزگىلى بولمايتتى، رەسىم گويا كىشىلەرگە يوشۇرۇن، سىرلىق بىر مۆجىزىدەك كۆرۈنەتتى. مۇنداقلا قارىغاندا پېرسوناژنىڭ يىراقلارغا غەيۇرانە بىر رەۋىشتە نەزەر تاشلاپ تۇرۇشىدىن بىرخىل سىرلىق ھېسسىيات ئالىمىنىڭ ئىنسان قەلبىنى مەڭگۈگە ھەيرەتكە سالىدىغان خورىماس كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. سىنچىلاپ قارىغانسېرى ئادەم شېرىن خىياللارغا غەرق بولاتتى، شوخلۇق، نازۇكلۇق، ئاياللىق لەتاپەت ۋە ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، مەغرۇرلۇق شۇنچىلىك روشەن گەۋدىلەنگەن بۇ رەسىم رەنانىلا ئەمەس، ئۇنىڭ دوستلىرىنىمۇ تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز زور خۇشاللىققا چۆمدۈرگەنىدى. شۇڭا ھەممەيلەن بۈگۈن نىجاتقا ئادەتتىن تاشقىرى ھۆرمەت، تەكەللۇپ بىلدۈردى، قىزلار ئۇنىڭغا مەنىلىك كۆز تاشلايتتى، شەھلا كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر مەنالارنى ئىپادىلەيتتى، ئۇنىڭ ئالغۇدىن مۇزىكا - ناخشا ياڭرىدى، كۆزلىرى ئوتتەك يانغان، شادلىقى ئىچىگە پاتماي قالغان رەنا نىجاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ نازلىق بىر ھەرىكەت بىلەن ئېگىلدى، ئىككىيلەن تانسىغا چۈشتى، رەنانىڭ شۇ ئاپتىكى ھالىتى چۆچەكلەردىكى گۈزەل پەرىزاتلارنىڭ يېقىملىق، تەۋەززۇلۇق ھەرىكىتىگە ئوخشايتتى.

كىچىكىمدىن يۇلتۇزۇمنى ئىزدەيتتىم،
ھەر ئاخشىمى تەلمۈرۈپ كۆك ئاسمانغا.

ئاخشىنىڭ ياڭراق ئەۋجى نىجات بىلەن رەنانىڭ ۋۇجۇدىغا بۆسۈپ كىرىپ قايناق مۇھەببەتنىڭ بىر - بىرىگە بولغان سېغىنىش سەزگۈلىرىنى ئاختۇرماقتا ئىدى، قاشلار يا، كىرپىكلەر ئوق ئىدى، ئوقلار ئېتىلاتتى، ئۇلار بىر - بىرىنى زەخىملەندۈرۈشكە، ياردار قىلىشقا، بويسۇندۇرۇشقا تىرىشاتتى، ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ بارا - بارا ئېرىلىپ نىمجان ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى تەن ئالمايتتى.

— ئەتىگەن ھەمراخانىمغا بىر كىيىملىك دۇخاۋا سوۋغا قىلدىم.

— رەھمەت.

— ئاپىڭىز بەك خۇش بولدى.

— ئاپام دىلكەش، ئاق كۆڭۈل ئايال.

— مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— شۇنداق.

— كېلىن قىلىۋالغۇسى باردەك...

— ئانىلار ياخشى، مۇلايىم، ئەخلاقلىق قىزلارنى كۆرسە شۇنداق ئارزۇدا بولىدۇ، بۇ ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال.

— سىز بەك بوش جۇمۇ.

— توغرا، مەن بوش.

— ئېيى... ي... چاقچاق قىلىۋاتىمەن.

— بىلدىم.

كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق مەيدانلاردىمۇ رەنا نىجات بىلەنلا ئوينىدى. قىز - ئوغۇللار ئۇسسۇلغا چۈشكەن چاغدا نىجات زالدىن چىقتى، ئۇ ھاجەتخانىدا ئولتۇرۇپ سول تەرەپتىكى بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان قەغەز پارچىلىرىغا دىققەت قىلدى، قەغەزلەرنىڭ كۆپىنچىسى شاپىگرافتا بېسىلغان ھۆججەت، ئوقتۇرۇش، ئالاقىلەر بولۇپ، بەزىلىرىگە تامغا بېسىلغانىدى، گېزىت، كىتاب پارچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. نىجاتنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشتى، ئۇ قەغەزلەرنى ماتىلىدى، قولىغا ساپلا باش ياكى ئاخىرقى بەتلىرى يوق ھۆججەتلەر چىقاتتى، ئۇ تېخىمۇ قىزىقتى، يەنە بىر پارچە قەغەزنى ئېلىۋىدى، نىجاتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ يۈرىكى قارتىندە قىلىپ قالدى، دوكلات! ھېلىقى دوكلاتنىڭ 3 - بېتى...

كەچنىڭ ئىزغىرىن سوغۇقىدا تىترىگەن تۇمۇچۇق تىنماي نالە قىلاتتى، نىجاتنى ئىزدەپ تاپالمىغان رەنا زالغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن بىر بوتۇلكىنى ئاچتى، ئۇنىڭ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى، قىزلار ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ جىددىي كەيپىياتىغا دىققەت قىلىشتى، رەنا ئۆزۈم ھارىقى تولدۇرۇلغان ئىستاكاننى ئېگىز كۆتۈردى.

— دوستلار، تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن خۇش! — رەنا ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىپ تۈگەتتى، — رەھمەت سىلەرگە!

رەنالىڭ ئاخىرقى سۆزى زەردىلىك ئاھاڭدا چىقتى، بۇ ئۇنىڭ مېھمانلارغا ئىجازەت بەرگىنى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى. ھەممەيلەن كۆڭۈللۈك داۋام قىلىۋاتقان تاماشىنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قالغىنىغا قاردىماستىن خۇش خۇي ھالدا زالدىن چىقىشتى.

سۇس تۇمان كەچكى قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرىنى توسۇپ تۇراتتى. نىجات مەدەنىيەت يۇرتىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ھەي جۇغدا باش، توختىغىنا …

نىجات يول چېتىدە قوللىرىنى ئۇزۇن يەڭلىرىگە تىقىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سەمى قارىمنى كۆردى، ئۇ يەنە ئىككى موللا سۇپەت كىشى بىلەن بىللە ئىدى.

— ھە، گەپ بارمىتى؟ — نىجاتمۇ جايىدا توختىدى.

— مايەرگە كەلگىنە! — سەمى قارىم كۆزلىرىنى پىر - پىر ئوينىتىپ ئاچچىقلىغان ھالدا دېدى، — چوڭ ئادەم گەپ قىلغاندىكىن …

— گەپ بارمىتى؟ — سوئالىنى تەكرارلىدى نىجات.

— بار.

— گېپى بار ئادەم قېشىمغا كەلسىلە.

— ۋاي كۇسپۇرۇچ، — سەمى قارىم ئىككى ئۈچ قەدەم ئالدىغا مېڭىپ توختىدى، — خۇدانى تونۇمايدىغان مۇرتەد دېگەن زە، ئاڭلىسام ئاللانىڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ، ئۇلۇغ ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ ئەمرى مەرۇپ، ئەھكاملىرىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بىر نېمە يېزىۋېتىپسەن، راستمۇ؟

— يالغان.

— تىلىڭ كۆيمىدۇ، راست سۆزلە!

— ئىككىمىز كوچىدا يالغۇز سۆزلەشسەك بولماس، — نىجات دەسلەپ قوپاللىق قىلغان بولسىمۇ كېيىن بىراقلا تەمكىن ھالىتىگە قايتتى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە گۇۋاھچىلار، شاھىتلار يوق، كىمنىڭ راست، كىمنىڭ يالغان سۆزلىگىنىنى ئايرىشمۇ تەس، ئىككىمىز بىر كۈنى كەڭ جامائەت ئالدىدا مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىشەيلى، راست - يالغانىنى جامائەت ئايرىسۇن، بولامدۇ، قۇرئانغا دەسسەپ، خۇداغا ئاھانەت كەلتۈرىدىغان قارىم!

نىجات تېز - تېز قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى، سەمى قارىم ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە قالدى. نىجات نىشخانىسىغا بېكىندى، كۆڭلى غەش ھالدا قەلىمىنى قولىغا ئالدى، لېكىن كاللىسى قوچۇلۇپ، ئوي - پىكرى چېچىلىپ ھېچنېمە يازالمىدى.

تونۇش - بىلىشلەر نىجاتنىڭ ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىت يوقاپ كېتىپ تۇيۇقسىز پەيدا بولغىنىدىن ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە 40 كۈن كۇرسقا قاتناشقاندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق، تۆت كۈندىن بۇيان ئۇدا، كونىبويىي «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىدە تىمىسقىلاپ يۈرگىنىدىن ھەيران بولۇپ كولۇشتى. تۈرلۈك گۇمانلارنى خىياللىرىدىن ئۆتكۈزۈشتى. نىجات ئەتىگەندە ئىدارىگە كېتىۋېتىپمۇ، كەچتە قايتىۋېتىپمۇ ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. كىشىلەردىن قېچىپ،

يولنى تاشلاپ ئەگىپ ماڭاتتى. سېپىلغا كېلەتتى، گويا ئۈستىدە قورالىلىق ساقچى نازارەت قىلىپ تۇرغان جىنايەتچىگە ئوخشاش ئۇن - تىنسىز هالدا ئۆز ئىشىغا بېرىلەتتى، ئۆلچەيتتى، سىزاتتى، خاتىرىلەيتتى، قىدىراتتى، تەكشۈرەتتى، سۈرەتكە تارتاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل «ياۋايى» لەرچە هەرىكىتىنى كۆرگەنلەر «رۇقىيە يولسىزلىق قىلىپ خېتىنى ئالدى، شۇڭا چىرايلىق خوتۇنىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەي ئۆزىنى ئىشقا ئۇرۇۋاتسا كېرەك، دەرد - ئەلىمىنى ئۇنتۇش ئۈچۈنمۇ بولسا شۇنداق قىلىدۇ» دېيىشەتتى، بەزىلەر: «ياق، بۇ قېتىم ئۇ كۇرستا ئوقۇدى، ئۇرۇمچىدە ئالىملار بىلەن ئۇچراشتى، شۇڭا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەۋاتقان چېغى» دېيىشەتتى.

نىجات بۈگۈنمۇ سېپىلغا بالدۇرلا كەلگەنىدى، يامغۇر سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. خارابىنى يېرىپ ئۆتكەن ئۆستەڭدە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان قىپقىزىل، دوغاپتەك كەلكۈن سېپىل تەرەپتىكى قىرغاقنى يالاپ، چېقىپ - گۆمۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. نىجات كېيىملىرىنىڭ بۇلغىنىشىغا قارىماستىن سۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تىرىشىپ هەرىكەت قىلاتتى، نەدىكى تاش - چالمىلارنى، شاخ - شۇمبىلارنى تېپىپ كېلىپ سۇ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان دوقمۇشلارغا باساتتى، قوزۇق قاقاتتى. رەھىمسىز كەلكۈن ئۇنىڭ بىرهازا تىرىشىپ تىرمىشىپ قىلغان ئەمگىكىنى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا بەربات قىلىۋېتەتتى. هەمراخانىم ئىككى قېتىم لاي كېچىپ كېلىپ، «جاننى قىينىما، ماڭ ئۆيگە، تاماقىڭنى يەپ، ئۇخلا، دەم ئال» دېدى، بۇ سۆزلەر نىجاتنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، هەمراخانىم هەر ئىككى قېتىمدا ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كېتىپ قالدى. كەلكۈن بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى، سېپىلنىڭ گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان قىسمى نىجاتنىڭ قەلبىدە ئۇلغىيىۋاتقان ئېچىنىش، غەزەپ كەلكۈنى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆستەڭدىكى دوغاپتەك لاي سۇغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

9 - مارت كۈنى ئەتىگەن نىجات ئىشخانىغا كىرگەندە زۇلەيخا مەشكە ئوت يېقىپ بولۇپ تور توقۇشقا كىرىشكەنىدى، نىجاتنى كۆرۈپلا ئىشلىرىنى توختاتتى. تارتمىدىن بىر پارچە تېلېگراممىنى ئېلىپ نىجاتقا ئۇزاتتى:

— كۇرسقا قاتنىشىدىكەنسىز، — زۇلەيخا خېلىدىن بېرى نىجاتنى كۆرمىگەچكە بىر خىل سېغىنىش هېسسىياتى بىلەن مۇلايىم تىكىلدى، — شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، قوغداش يىغىنى، ياق، كۇرسى ئېچىلىدىكەن.

تېلېگراممىنىڭ قىرىنداش بىلەن يېزىلغان تەرجىمىسىگە قاراپ نىجاتنىڭ ئاخشامدىن بېرى تۇتۇلغان چىرايى بىردىنلا ئېچىلدى، كۆزلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى، كۇرسنىڭ ئورنى ۋىلايەت مەركىزىدە بولۇپ ۋاقتى 40 كۈن ئىدى.

— كۆزۈمدىن ئۈچىدىغان بولدىڭىز - دە، — زۇلەيخا تېخىچە نىجاتقا قاراپ تۇراتتى، — سىز كەلگىچە ...

— بۇ سىز ئۈچۈن بىر پۇرسەت، نىجات شەهلا كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان دەرد - ئەلەمنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەۋاتقاندەك زۇلەيخاغا مىختەك تىكىلدى. زۇلەيخا سەل هودۇقتى، — مەن كەلگىچە تىكىدىغان، توقۇيدىغان نەرسىلىرىڭىزنىڭ هەممىسىنى پۈتتۈرۈۋالىسىز، شۇنداقمۇ؟

نىجات تېلېگرامما قەغىزىنى زۇلەيخاغا تەڭلىدى، زۇلەيخانىڭ يۇمشاق بارماقلىرى

تېلېگرامما قەغەزى بىلەن نىجاتنىڭ ئىككى بارمىقىنى قوشۇپ قىسىۋالدى:

— ھۇ شەرمەندىلەر !...

رۇقىيەمنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىدىن ھەر ئىككىلىسى چۆچۈپ كېتىشتى. زۇلەيخا قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن دەسلەپ لاغىلداپ تىترىدى، كېيىن غەيرەتكە كەلدى بولغاي، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى. نىجات رۇقىيەمنىڭ گۇمان ۋە غەزىپىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن شىرە ئۈستىدە تۇرغان تېلېگرامما قەغىزىنى كۆرسىتىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى.

— سىزنىڭ بارماقلىرىڭىز ئۇنىڭ قوللىرى ئارىسىدا نېمىش قىلىدۇ؟

— ھېچ ئىش قىلمايدۇ، دېدىمغۇ مۇنۇ قەغەزنى تەڭلىگەن.

— ھىم! تېخى... — رۇقىيەم ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ كېلىپ زۇلەيخانىڭ ئۈستەلىدە ئولتۇردى.

— زۇلەيدىن قۇتۇلالماي يۈرسەم، يەنە رەنانى تاپتىڭىز، «قىز ۋە گۈزەللىك!»، بىلدىم، ئۇنى پەرىزاتقا ئايلاندۇرۇپسىز؟

— ئۆزى تەلەپ قىلغان! — نىجات ئۆرە تۇرۇپلا جاۋاب بەردى، — ئەمما مەن ئۇ رەسىمنى ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرۇش نىيىتىدە...

— رەنادىن باشقا ئايال تېپىلمامتى؟ ناھىيەمىزدە چىرايلىق قىزلار، گۈزەللەر ئازمۇ؟

— كىمنىلا تاللاي بەرىبىر سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز كېلىدۇ، بىراق، كىمنى سىزىش، رەسىم ئوبيېكتى تاللاش رەسسامنىڭ كەسپىي ئەركىنلىكى - دە.

— ھىم مەسىلەن، مەن چىرايلىق ئەمەسمۇ؟ مېنى سىزسىڭىز بولمامدىكەن؟

— توغرا، كىچىكىمدە ئۆيىمىزنى، ئۆيدىكى كارىۋات، چايدان ... قاتارلىقلارنى سىزاتتىم، ھازىر مەن ئاپىسىنى، خوتۇنىنى، بالىسى ياتقان بۆشۈكنى، ئۆينىڭ ئوچاق، مورىسىنى سىزىپ ئولتۇرىدىغان كىچىك ھەۋەسكار ئەمەسمەن.

— بەس! — رۇقىيەم ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، كۆزلىرى چەكچىيىپ غەزەپ ئوتچۇقۇنلىرى ياندى، ئاۋازى قورقۇنچلۇق ئىدى، — سىز گەپ ئويناتماڭ، مېنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرمەڭ، سەنئەتكار ئۆز ئىجادىيىتىگە ھېسسىياتىنىمۇ سىڭدۈرىدۇ. مەن ئۆز كەسپىمدىن باشقا كەسىپنى بىلمەيمەن. لېكىن سىزنىڭ بۇرۇن سىزغان رەسىملىرىڭىزدە ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات بىلەن «قىز ۋە گۈزەللىك» تىكى ھېسسىياتىڭىز ئوخشىمايدۇ. مەسىلە بار، سىزنىڭ رەنا بىلەن نېمە قىلىشىپ يۈرۈۋاتقىنىڭىزنى، رەسىمنىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ سىزغانلىقىڭىزنى، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ ئىچىپ مەست بولۇپ تانسا ئوينىغانلىقىڭىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ مېنى شۇنچىۋالا دۆت چاغلاۋاتامسىز!

رۇقىيەمنىڭ بۇلاقتەك تىنىق، ئويناق كۆزلىرىدىكى غەزەپ، نەپرەت ئوتچۇقۇنلىرى سۈزۈك ياش تامچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. نىجات ئۇنىڭ يۇمشاپ قېلىشىنى، چىقىپ كېتىشىنى خالايتتى، ئۇ كۇرس ئۈچۈن ماتېرىيال، دوكلات تەييارلىشى، سۈرەتكە ئېلىنغان ئاسار ئەتىقە بۇيۇملىرىنىڭ خاتىرىسىنى رەتلەپ چىقىشى، ««ئارسلانخان شەھرى» نىڭ بىنا قىلىنغان دەۋرى، مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى

يېزىپ پۈتتۈرۈشى، كۆرسىتا جەزمەن باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر ماقالە ئوقۇش، تەجرىبە توپلىشتۇرۇشى ... لازىم ئىدى، ئۇ يەنە بەش كۈندىن كېيىن يولغا چىقاتتى، ئارىلىقتىكى ۋاقىت تەييارلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئاران يېتەتتى.

— سىز مېنى خارلىدىڭىز، دەپسەندە قىلدىڭىز، يۈرىكىم لەختە - لەختە قان بولدى، — رۇقىيەم يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — قاراڭ، ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ئويلاپ بېقىڭ، مېنى مايمۇن ئوينىتىپ، ئىشخانىڭىزدىكى ... — رۇقىيەم زۇلەيخانىڭ شىرەسىنى ئىما قىلدى، — بۇ جالاپنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزىسىز، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئۆزىڭىز بىلگىنىڭىزنى قىلىسىز، ئۇنىڭ نەرى ياخشىكىن - تاڭ، خەق بىلىپ قالار، ئابروييۇمغا تەسىر يېتەر، دەپمۇ ئويلىمايسىز، نومۇس قىلىڭ نىجات!

— ھەممىسى سىزنىڭ گۇمانىڭىز.

— ئۇنداقتا ئۇ جالاپنىڭ «نىجاتقا كۆيۈپ قالدىم» دەپ يۈرگىنى يالغانمۇ؟

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى.

— رەناچۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن سۆرىشىپ يۈرگىلىمۇ خېلى ئۇزۇن بولدى، نىجات ئېيتىڭا، مېنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىم كەم؟ مەن سەتمۇ؟ ئۇنىڭ بىر سولامچى، مازغا خوتۇن بولغىنى يادىڭىزدا بارمۇ؟ توغرا، ئۇ ھاكىمنىڭ، ئەمەلدارنىڭ، باينىڭ قىزى، سىزگە شۇ يېرى يېقىپ قالدىغۇ دەيمەن. ئۇنچىۋالا پەسكەش بولماڭ. ئەمەل - مەنسىپى، پۇلى بار دەپ ۋىجدانىڭىزنى ساتماڭ، رەنا ماڭا تۇغقان، مېنى خارلاپ، ئۇنى ئەزىزلىسىڭىز قىيامەت كۈنىمۇ سورىقى بولار ... — رۇقىيەم ئۆكسۈپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتى، لەۋلىرى ئۆمچىيىپ دىر - دىر تىترەيتتى، كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيەتتى، — ھېلىمۇ - ھەم ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتىدىغانسىز؟

— سىزدىن كەلگەن ئازابنى تارتىۋاتىمەن.

— چىدىماسلىقتىن شۇنداق قىلغاندىمەن.

— ئەقىلسىزلىقتىن.

— رەنا ئەقىللىقمۇ؟

نىجات ئۈندىمىدى، رۇقىيەم يىغلىغىنىچە كېلىپ نىجاتقا ئېسىلدى، — بولدى، گەپ تالاشقاننىڭ پايدىسى يوق، سىز ئالىلقاچان رەناغا بۇزۇلغان، بىلىمەن، خىتىمنى بېرىڭ، بازارلىق ھۆكۈمەتكە ياكى سوتقا بارىمىز ...

سېپىل سىرتىدىكى ئالىلقاچان تېرىلغۇ يەرگە ئايلانغان بوز تۇپراق ئېرىدىپ شورۇلداپ ئېقىپ كەلكۈنگە قوشۇلماقتا ئىدى. جەھلى قاتقان نىجات 4 - 5 سائەتلىك بىھۇدە ئۇرۇنۇشتىن كېيىن زايە كەتكەن ئەمگىكىگە، بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان سېپىلغا ئېچىنغان ھالدا سۇ ئىچىدىن يېنىپ چىقتى، بىراق، شۇئان كەلكۈنگە ئۆزىنى ئاتتى، پولتۇڭ - پولتۇڭ، شالاق - شۇلۇق قىلىپ خېلى بىر يەرگىچە ئۈزۈپ باردى، قىرغاققا چاپلىشىپ تۇرغان نەرسىنى سۆزۈۋالدى، پۈتۈن ئەزايى ئادەم تونۇغۇسىز دەرىجىدە بۇلغانغان بولسىمۇ، كۆزلىرى قولىدىكى تېخى ئىچىدە نېمە بارلىقى نامەلۇم نەرسىگە گۇمان ۋە ئۈمىد بىلەن تىكىلگەنىدى. يامغۇر ئاستا - ئاستا سېلىقىۋاتاتتى، ئاسمان سۈزۈلۈپ شەرقىي - جەنۇب ئۇپۇقىدا



غايەت زور ھەيـۋەتـلـك ھەسەن ـ ھـۆسەن قـزىل، يېشل، بېغىر رەڭ نۇرلىرىنى تاراتتى، نىجات سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ دەم ھەسەن ـ ھۆسەنـگە زوق بلەن قارـسا دىم يامغۇر، كەلكۈن ئېقتىپ كېتىۋاتقان خارابىلىققا يۈرىكى ئېچىشقان ھالـدا نەزەر سالاتتى ۋە خىـيالغا چۆكەتتى.

ۋىلايەت مەركىزىدىكى چوڭ، ھەشمەتلىك بىر مېھمانخانىنىڭ ئازادە، يورۇق زالىدا كۇرس داۋام قىلماقتا ئىدى، ئۆگىنىش، مۇھاكىمە بارغانسېرى قىـزىيـتتى، كۇرسـنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە مەخسۇس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، قوغداش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنىپ ئاللىقاچان ئىش باشلىغان ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى تەجرىبە تونۇشتۇردى، ئۆز نۆۋىتىدە نىجاتمۇ تەجرىبە تونۇشتۇردى ۋە «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ بىنا قىلىنغان دەۋرى ۋە مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى» دېگەن ماۋزۇدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى، ماقالە كۇرس يېتەكچىلىرىنىڭ، دەرس ئۆتكەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، كۇرسانتلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. باھالاشتا ماقالە بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشتى، مۇكاپات بېرىلدى. كۇرس تۈگىگەندە، نىجات ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىدىن كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە باردى، مەسئۇل خادىملار ئۇنىڭغا مۇزېيدىكى ئاسار ئەتىقە بۇيۇملىرىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن تۇرپانغا باشلاپ بېرىپ يارغول، بېزەكلىك، سىڭگىم ... قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. نىجات سەپەر تەسىراتلىرىدىن خاتىرە يېزىۋېتىپ ئۆزى باشلىغان، قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى ۋە ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا بۇندىن كېيىن تېخىمۇ مۇشكۈل، ئەگرى ـ توقاي يوللارنى باسىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا تېخىمۇ كۆپ رىيازەت چېكىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— سىز، — دېگەن ئىدى رۇقىيەم نىجات يولغا چىققاندا ئاپتوبۇس تۈۋىدە تۇرۇپ، — ئاجرىشىپ تۆت كۈن ئۆتمەيلا چوڭ شەھەرگە كېتىۋاتىسىز، شەھەردە چىرايلىقلار سا- ماندەك، نەچچىسى بىلەن تېپىشىپ، نەچچىسىنى تاشلارسىز، شۇلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يېرىلىپ ئۆلگۈدەك بولىمەن، نىجات مەن چىدىمايمەن، ھېچكىمگە قارىماڭ، مەن ...

— بويتاق، ئەركىن ئادەممەن، رۇقىيەم، — دېگەندى نىجات ئاچچىق كۈلۈپ، — نېمە قىلسام مەيلى ئەمەسمۇ؟

— خام خىيال قىلماڭ، سىز يەنىلا مېنىڭ، سىز رىشاتجاننىڭ دادىسى، مەن ئاپىسى، تىنچ بېرىپ، تىنچ كېلىڭ! ...

نىجات ساماۋى كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ھەسەن - ھۈسەنگە ھەۋەسلىنىپ قاراۋېتىپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. كۇرس داۋامىدا ئىككى قېتىم كۆكتىكى ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ناتونۇش قىزلار بىلەن تانسا ئوينىغىنى راست، ئۇندىن باشقا مەيلى ۋىلايەت مەركىزى، مەيلى ئۈرۈمچىدە بولسۇن رۇقىيەمنىڭ ئويلىغىنىدەك نەدە ئۇنداق كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ تېنەپ يۈرىيدىغان ئىش بولسۇن. ھەر بىر كۈنى، ۋاقتى شۇنچە جىددىي ئۆتكەن تۇرسا ... نىجات ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسى ئىدارىگە كېتىۋاتقاندا رۇقىيەم ئۇچراپ نىجاتنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر ئاختۇرغاندەك سىرلىق تۇستە قارىغانىدى.

— سىز كەلگىچە ئابدۇكېرىمكامغا دەپ زۇلەيخانى كۇتۇپخانىغا يۆتكىتىۋەتتىم، ئەمدى كۆز ېقىشىپ، قىچىقلىشىپ، سۇركىشىپ ئولتۇرىدىغان ئادىمىڭىز يوق، بويتىمۇ نىجات؟

— ئوبدان بوپتۇ، لېكىن ماڭا خېتى چىرايلىق، ئىقتىدارلىق بىر خادىم ھامان كېرەك بولىدۇ، يازىدىغان، كۆچۈرىدىغان، ئارخىپلارغا ھەمدە زالغا قارايدىغان ...

— ھا ... ھا ... ھا ... — رۇقىيەم ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ زاڭلىق ئارىلاش كۈلدى، — رەنانى ئەپچىقىۋېلىڭ، يازىدۇ، كۆچۈرىدۇ، تەرجىمە قىلىدۇ، كۆڭلىڭىزنى خوش قىلىدۇ، سىزگە ئاشنا بولالايدۇ. خالىسىڭىز خوتۇنمۇ بولىدۇ.

— ياخشى مەسلىھەت، — دېدى نىجات چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، — ئابدۇكېرىم ئاكىڭىزغا دەڭ، كادىرلار ئىدارىسىگە دوكلات يازسۇن، رەنانى يۆتكەپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى.

چاڭ قىلىپ تەگكەن تەستەكتىن نىجاتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. كوچىدا كېتىۋاتقانلارمۇ بۇ ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئىشقا دىققەت قىلىشمىغانىدى، نىجات ۋىژىلداپ ئېچىشىۋاتقان يۈزىنى تۇتقىنىچە رۇقىيەمگە قاراپلا قالدى.

— خام خىيال! — رۇقىيەم يەنە ھۆرپىيىپ تۇراتتى، — مەن رىشاتنىڭ ئاپىسى، سىز دادىسى، ئوتتۇرىمىزغا قىستۇرۇلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئايال زاتى مەيلى ئەۋلىيا، پەرىشتە بولسىمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ. يامىنى كەلسە ئۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆزۈممۇ ئۆلۈمەن.

ھەسەن - ھۈسەن بارا - بارا سۇسلىشىپ ئۆچۈشكە باشلىدى. نىجات قولىدىكى نەرسىگە سىنچىلاپ قارىدى، دۈغ - لايدا بۇلغانغان، رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان رەخت ... بولاق، ئىچىدە قاتتىق بىرنەرسە. نىجات بولاقنى ئاۋايلاپ تۇتقىنىچە ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتقاندا ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىچىسى مۇختەر ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ھەسەن ھاكىم چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ، — بەك ئىزدىدىم سىلىنى ...

— نېمە قىلىدىكەن؟

— بىلمىدىم، — مۇختەر جاۋاب بېرىۋېتىپ نىجاتنىڭ قولىدىكى بولاققا لەپپىدە قارىدى - دە، تامدەك تاتىرىپ كەتتى، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ سورىدى، — قوللىرىدىكى نېمە ئۇ؟

— ئولىچا، — نىجات بولاقنى ئۆرۈپ - چۆرىدى، — خېلى ئېغىر تۇرىدۇ، ئىچىدە ئالتۇن بارمۇ تېخى، مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا باي بولغىنىم شۇ - دە!

مۇختەرنىڭ كۆزلىرىدە دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى، چىرايى سارغىيىشقا باشلىدى.

— نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— ياق، يا ... يامغۇردا سو ... سوغ تەگكۈزۈۋالدىممىكىن ... تاڭ.

— دەررۇ دوختۇرغا كۆرۈن، — دېدى نىجات ئالدىراپ، — مەن كىيىم ئالماشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن بارىمەن، ماقۇلمۇ؟

مۇختەر يوچۇن كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە پاتقاق يولدا ئاران - ئاران مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. نىجات ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن مىجەزىگە ئۆزىچە باشقىچە تەبىر بېرىپ، خىيال بىلەن ئۆيىگە كىردى، كىيىم ئالماشتۇرۇۋېتىپ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىدى، «ھەسەن ماموت مېنى نېمە قىلىدىكىنە، دوكلاتنىمۇ ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتتى، يەنە نېمىسىگە ئىزدەيدۇ؟ ئەمدى ... كۇچا، تۇرپاندىكى مەن كۆرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەردەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ياردىمى، بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قاپتۇ. ئارخېئولوگلار، تارىخشۇناسلار ئۇ يەردىن قىممەتلىك تارىخىي بۇيۇملارنى، قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىنى تاپماقتا، تەتقىقات تارىخنى يورۇتماقتا. ناھىيىمىزدىچۇ؟ بۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇئاۋىن ھاكىم ھەتتا شۇ ھەقتىكى بىر پارچە دوكلاتنىمۇ ...»

تومۇز ئاپتىپى يەر - زېمىننى كۆيدۈرەتتى، ئاسفالىت يولنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدىكى قارىماي ئېرىشكە باشلىغان بولۇپ غۇيۇلداپ ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ بالونلىرىدىن شىلىپ - شىلىپ ئاۋاز چىقاتتى. كوچا چېتىنى بويلاپ سوزۇلغان ئېرىقتا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا ساڭگىلىغان مەجنۇنتاللار لەرزان ئىغاڭلايتتى. نىجات چۈشلۈك تامىقىنى يەپلا، ئۆيسۈنى قويۇپ، ئالدىراپ مەدەنىيەت يۇرتىغا كېلىۋاتاتتى. ھاۋا ئىسسىق بولسىمۇ كوچا مەنزىرىسى ئادەمگە يەنىلا سالقىن، ئارامبەخش تۇيغۇ بېرەتتى. نىجات زالغا كىردى، زال ئىچىمۇ تونۇردەك ئىسسىق ئىدى، ئۇدۇل بېرىپ بۆلۈكىدىكى جەسەتنىڭ باش سۆڭىكى ئىچىگە قول سېلىپ ئۆتكەن كۈنى تىقىپ قويغان بولاقنى يوقلىدى. باركەن، كۆڭلى تىندى، نىجات، رەخت ... قەدىمكى زامانلاردا توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ئىچىدىكىسى ... بەلكى مىس داچەن ... دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇ شۇ كۈنى ئالاقىچى مۇختەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلىدە يەنە گۇمان پەيدا بولدى. ئەتىسى قۇرىغان رەختنى ئاۋايلاپ تازىلىۋىدى، ھازىرقى زاماندا توقۇلغان كۆك كاجىنىڭ پارچىسى بولۇپ چىقتى. نىجات ئالدانغىنىغا ئۆكۈنۈپ ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئىچىدىكى قاتتىق نەرسە ئۇنى ھامان قىزىقتۇراتتى، ئېچىۋىدى ئالتۇن ... ! ئالتۇن قازاننىڭ ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى پارچىسى، 8 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى گىرۋەك ئوتتۇرىسىدا چۆچۈرىدەك بىر قۇلاق، قۇلاق تېگىدە بولسا رىشات ئەپەندى خاتىرلەپ قويغان بەلگىلەر ... يەنى يۈرەك شەكىللىك قاپارتما دائىرە ئىچىدىكى |5 ⚹ ( ↑ ᚨ ᛒ ᛊ شەكىلدىكى

ھەرپلەر ... نىجات كۇرستا ئۆگەنگەن تۈرك - رونىك يېزىقى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. يەنە مۇھىم پاكىتتىن بىرنى تاپقانىدى. نىجاتنىڭ ئەقلى ھەيران، ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن، ياق، باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئالتۇن قازاننىڭ بىر پارچىسى قانداقسىگە يەنە «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىدىن، سۇ ئىچىدىن تېپىلىپ قالىدۇ؟ نىجات بۇ ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى يېشىشكە ئەقلى يەتمەي ئۇنى يەنە ئۆز لاتىسىغا ئوراپ جەسەتنىڭ باش سۆڭىكى ئىچىگە يوشۇرۇپ ساقلاشقا مەجبۇر بولغانىدى، ئۇنى ئاشكارىلاشقا بولمايتتى، نىجات ھەرقانداق ئادەم بۇ جەسەتنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ئالتۇن بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، دەپ قارايتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ خىيالىغا ھەسەن ماموتقا سۇنغان دوكلات كىرىۋالدى. دوكلاتتا قەيت قىلىنغان ئالتۇن قازان توغرىسىدىكى مەزمۇن. دوكلاتنىڭ ئىز-دېرەكسىز قالدۇرۇلۇشى، رىشات ئەپەندىنىڭ ئالتۇن قازان توغرىسىدىكى خاتىرىسى، كونا بازارلىق ھۆكۈمەت بىلەن ناھىيىلىك بانكىنىڭ ئىسپات خەتلىرى، ئالاقىچى مۇختەرنىڭ تاتارغان چىرايى، رەنا ۋە ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ جۈپ - جۈپ ئالتۇن جابدۇقلىرى، ھەشەمەتلىك ئىمارەت ... قاتارلىقلار گويا يىپقا تىزغان مارجاندەك مىنۇت - سائەتلەپ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرۇۋالدى ... نىجات زال ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ ئىشخانىسىغا كىرگەندە رەنا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— قانداق ئارخېئولوگ، ياش ئالىم؟

— ئىسمىمنىلا ئاتاڭ، رەنا، مېنىڭ ھېچقانداق ئۇنۋانىم يوق تۇرسا ...

— خەلق سىزنى ئالىم دەپ ئېتىراپ قىلغانىكەن، شۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئۇنۋان، — رەنا توك شامالدۇرغۇچ ئالدىدىن يۆتكىلىپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، — ئوقۇش تارىخىڭىز بىلەن خىزمەت ستاژىڭىز قىسقا، دىپلومىڭىز يوق، شۇ توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، بولمىسا ...

— مەن بۇ ئىشتىن سوۋۇدۇم، رەنا، — نىجات بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىياتقا چۆمگەنىدى، ھەمراخانىمنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلىرى، يېلىنىشلىرى مانا ئەمدى تەسىر قىلىۋاتقاندەك ئىدى، — ئىككى خىل كەسىپ، ئىككى خىل ئىش مېنى ئەمدى ھالىمدىن كەتكۈزدى، يا ئۇنى - يا بۇنى بىر باشقا چىقىرالماي يېرىم يولدا قالىدىغان ئوخشايمەن، بۇندىن كېيىن رەسىملا سىزاي، ئەسلى كەسپىمنى قىلاي.

— ياق، ئارخېئولوگىيىدىن ۋاز كەچمەڭ، قاراڭ، ماقالىڭىزنى ئوقۇپ بولدۇم، — رەنا شىرە ئۈستىدىكى ئۆزى ئېلىپ كېتىپ يەنە ئەكەلگەن ژۇرنالنى ئىما قىلدى، — ««ئارسلانخان شەھىرى» دىن تېپىلغان جەسەت توغرىسىدا» نى كۆردۈم. تارىخ بىلمىسەم يوق دېيەرلىك، لېكىن، مەن سىزگە بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىم ۋە مۇھەببىتىم تۈپەيلى ھەممىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ئۆزۈمچە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدىم، سىزدىن پەخىرلەندىم. مەن سىزنىڭ رەسساملىق تالانتىڭىزدىن، مۇۋەپپەقىيىتىڭىزدىن سۆيۈنگەنىدىم، ئەمدى كېلىپ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئارخېئولوگ بولۇپ يېتىشكەنلىكىڭىزدىنمۇ سۆيۈنىمەن، بۇ مېنىڭ ...

رەنانىڭ كېيىنكى ماختاشلىرى نىجاتنىڭ قۇلىقىغا ياقمىدى، ئۇ كۇرس تۈگىگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن قىسقىغىنا، مەنىلىك ھاياتىنى ئەسلەۋاتتى، ياش ئارخېئولوگىيە

ئالىمى سۇلتان ئەلى: «كۆپ ئىزدىنىپسىز، ياخشى يېزىپسىز، سىزدە بىر قەيسىرانە روھ بار ئىكەن، بىراق، تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا ماقالىلىرىڭىزدا نۇقسانلارمۇ بار، تۈزەتتۈق، ژۇرنالغا بەردۇق» دېگەنىدى.

نىجات خۇشال بولدى، ئالىم بىلەن بىر-ئىككى قېتىم تاماقتا بىللە بولدى. قىزغىن سۆھبەتكە نائىل بولدى ۋە: «مالال كەلمىسە كۆرۈپ باقسىلا» دەپ، كۇرستا ئوقۇغان ئىلمىي ماقالىسىنى تەڭلىدى. سۇلتان ئەلى ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشى ئىكەن، ماقالىنى ئېلىپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن نىجات يەنە بىرقانچە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئۇلار «خەتلىرىڭىزنى ئوقۇدۇق، تەلەپ قىلغان ماتېرىياللارنى تەق قىلىپ قويغان، كەلگىنىڭىز ئوبدان بوپتۇ، ئالغاچ كېتىڭ» دېيىشتى، هازىرمۇ ئاشۇ كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىشلار-نىڭ سۆھبەتلەرنىڭ ئۇنتۇلماس كارتىنىلىرى كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

— هەي... سىز بارمۇ؟ تووا... ئۆزىڭىز ئىشخانىدا، كۆڭلىڭىز باشقا يەردە پالاس قاقىدىكەن-دە.

— ئۇنداق ئەمەس، — نىجات سەل ئوڭايسىزلاندى، — گېپىڭىزنى تىڭشاۋاتىمەن.

— نېمە دېدىم، دەپ بېقىڭا؟

— سۆيۈنۈمەن، بۇ مېنىڭ، هە يەنە... يەنە...

— دۆت! — رەنا قاپىقىنى سۈزۈپ قويدى.

— راست دېدىڭىز، مەن دۆت...

— قاراڭ، مەن سىزگە هەر ئىككى كەسپنى تەڭ تۇتۇڭ، يېرىم يولدا تاشلاپ قويماڭ، تىرىشىڭ، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىڭ، ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانلارغا ئېرىشەلەيسىز، ئىستىقبالىڭىز كۈندەك پارلاق، دېدىم.

— توغرا دېدىڭىز، رەنا مەن ئۆزۈمچە...

— هەي... راست، — رەنا توك شامالدۇرغۇچنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ توختاتتى-دە، نىجاتقا يېقىن كەلدى، — يامغۇر ياغقان كۈنى دادام بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭىزمۇ؟

— هەئە.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— كېزىتكە بېسىلغان خېتىمنى كۆرگەنسىز؟

— كۆردۇم، تەھرىر ئېلاۋىسىنىمۇ ئوقۇپ چىقتىم.

— شۇ گەپ.

— دادام نېمىشقا ...

— سورىماڭ.

نىجاتنىڭ ئورۇق، جۇدەڭگۈ چىرايىدا غەزەپ ئالامىتى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ تۇرگۇن، خاپا چىرايىنى كۆرگەن رەنا سائىتىگە قارىدى-دە «ۋۇي... ئىشقا كېچىكىدىغان بولدۇم» دەپلا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. نىجات ئۇرە قارىماستىن ئولتۇراتتى.

— ئاچچىقىڭىز كېپقالدى، شۇنداقمۇ؟ نېمە كاردىم... — رەنا بوسۇغىدا توختاپ

كەينىگە بۇرۇلدى، — ۋاي تاۋى نازۇكەي... سىز بىلەن دېيىشىدىغان مۇھىم گەپ بار.

چۈشتىن كېيىنمۇ ھاۋا دىمىق، ئىسسىق بولدى، نىجات ئالدىدا دۆۋىلىشىپ تۇرغان ماتېرىياللارنى ۋاراقلاشتىن يالتىيىپ توك شامالدۇرغۇچىنى ئاچتى-دە، خېلى ئۇزۇنغىچە شامالداپ ئولتۇردى.

يامغۇر ياغقان كۈنى نىجات كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولۇپلا ناھىيىگە ماڭغانىدى. ئۇ كىرگەندە ھەسەن مامۇت گېزىتنى ئويان-بۇيان ئۆرۈپ ئولتۇراتتى، نىجاتنى كۆرۈپلا قىزىشقىلى تۇردى:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ بىزنى مۇشۇنداقمۇ يامان كۆرسەتكەن بارمۇ؟

ھەسەن مامۇت گېزىتنى نىجاتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، نىجات گېزىتكە كۆز تاشلىدى. خەت گېزىتنىڭ كۆرۈنەرلىك بېتىگە بېسىلغانىدى، خەتتە، «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە 1-تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ئىكەنلىكى، يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭغا قىلىنىۋاتقان بۇزغۇنچىلىقلار، مەسئۇل تارماق ۋە رەھبەرلىكنىڭ بۇ ئورۇننى قوغداشقا، ئاسراشقا، ئاسار ئەتىقىلەرنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى تەنقىد قىلىنغانىدى، خەتنىڭ ئاخىرىغا بېسىلغان تەھرىر ئىلاۋىسىدا، نىجاتنىڭ خېتىدە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن مۇخبىرلارنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى، خەتتىكى ئەھۋاللارنىڭ راستلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى تۆرىچىلىك ئىستىلى، مەسئۇلىيەتسىزلىك خاھىشى كەسكىن تەنقىد قىلىنغان ھەمدە بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش ھەققىدە قانۇن تارماقلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنغانىدى.

— ھەقىقەت شۇنداق، — نىجات تەمكىن ھالدا جاۋاب بەردى.

— بىھۇدە شىكايەتنامە، — ھەسەن مامۇت تارتمىسىدىن يەنە بىر ماتېرىيالنى ئالدى، — ئۇ بىر ئىشاننىڭ تۇرغان جايى، قوغدايدىغان ئورۇننىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇنى كۆرگەنسەن، سىياسىي كېڭەش بۇ ھەقتە ئاللىقاچان تەزكىرە يېزىپ بولدى، شۇ ھېساب، سەن بىزگە تۆھمەت قىلىپ...

— ھەسىنكا، سىلە ھەقىقەتتىن بەكلا يىراقلاپ كەتتىلە، سىلىگە مۇنداق بىر سۆزنى دېگۈم كېلىدۇ. تارىخنى ياسىۋالغىلى، توقۇپ، قۇراشتۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. مەندە ئۇنداق يالغان-ياۋىداق رىۋايەتلەرنى، سەپسەتىلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ھەقىقىي دەلىل-ئىسپاتلار بار، تارىخ ھامان...

— بولدى، بولدى! — ھەسەن مامۇت كەسكىن بىر ھەرىكەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مەن قولۇمدىكى مۇشۇ «تەزكىرە» نى ئاساس قىلىمەن. چۈنكى، بۇنى ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى نۇرغۇن ئىزدىنىشلەردىن كېيىن رەتلەپ يېزىپ چىققان، ساڭا ئوخشاش بىرەر شەخسنىڭ داۋراڭ كۆتۈرۈشى تولىمۇ بىمەنىلىك، خېتىڭگە جاۋاب يازىمەن، بولدى چىق، ۋاقتى كەلگەندە سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن، تېخى...

— ئوبدان گەپ، — دېدى نىجات قەتئىي ئاھاڭدا، — ئايرىم سۆزلىشەيلى، ئىمكانى-

يەت بولسا جامائەتچىلىك ئالدىدا سۆزلەشسەك تېخىمۇ ياخشى.

نىجات قايتىپ چىقتى، كەچتە رەنانىڭ كېلىشىنىمۇ كۈتمەستىن ئۆيىگە كەتتى. كۈنلەر ئۆتتى، ۋاقىتمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقماي ئۆز رىتىمى بويىچە ئالغا قاراپ كېتىۋەردى، هاياتمۇ ئۆز ئۆۋىتىدە تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشنى توختاتمىدى، هاياتلىق بىلەن تەبىئەت ئۆزئارا گىرەلەشتى، ئېلىشتى، بىرلەشتى، بىر-بىرىنى ئاۋۇندۇرۇپ، بەزلەپ كەلدى، شۇ جەرياندا هەسەن ماموتنىڭ ۋىلايەتكە نەچچە قېتىم بارغانلىقى، گېزىتخانىغا كىرىپ تەھرىر-مۇخبىرلار بىلەن ئېيمىلەر دېيىشكەنلىكى نىجاتقا نامەلۇم. نىجات كۈرستىن كېيىن ئۇرۇمچىگە كەتكەندە مۇخبىرلارنىڭ كەلگىنى راست ئىدى. نىجات كۈتتى، ئەمما مۇئاۋىن هاكىمنىڭ جاۋاب خېتىمۇ ئېلان قىلىنمىدى. سۆزلىشىدىغان ۋاقىتمۇ كەلمىدى. نىجات ئىشىكىنى تاقاپ، سىجىل ئولتۇرۇپ 4-5 پارچە رەسىم سىزدى. ئۇرۇمچىدىن ئېلىپ كەلگەن كىتاب، ژۇرنال، قول يازمىلارنى ئوقۇدى، تەتقىق قىلدى. خەت-چەكلەرنى يەنە شۇ زۇلەيخا كۆتۈرۈپ كىرەتتى. شۇ باهانىدا ئۇ نىجات بىلەن بىر-ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋېلىشنى كۆزلەيتتى. نىجات ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى، زۇلەيخا ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالسا ئۇنىڭ ئېرى هاۋالە قىلغان ئىشنى سەمىگە سېلىپ، ئېرى بىلەن يارىشىۋېلىش توغرىلىق گەپ ئاچاتتى، نەسىھەت قىلاتتى. زۇلەيخا ئۇندىمەي تىڭشايتتى-يۇ، ئىنكاس قايتۇرمايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە نىجات مەلۇم بىر تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ بىرقانچە سانلىرىدا ئۇزۇلمەي ئېلان قىلىنغان بىر تارىخىي ئوبزورنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ سەمى قارىم ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ماختاپ يۈرگەن ئاقباشخان دېگەن شەخسنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالدى. بىر كۈنى زۇلەيخا شۇ ژۇرنالنىڭ يېڭى كەلگەن سانىنى كۆتۈرۈپ كىردى، نىجات ژۇرنالنى تەقەززالىق بىلەن قولىغا ئالدى. لېكىن، ئۇنىڭ دىققىتىنى زۇلەيخا ئۆزىگە تارتتى.

— نىجات، رۇقىيەم بىلەن ئاجراشقىلى نەۋاق، يۈرۈۋېرەمسىز؟

— يۈرۈۋېرىمەن.

— مەن سىزنى قاچانغىچە كۈتىمەن.

— مەڭگۈ كۈتمەك!

شۇندىن كېيىن زۇلەيخا كىرمەيدىغان بولدى. كەلگەن خەت-چەكلەرنى نىجات ئۆزى سۈرۈشتۈرەتتى. ئۇ ئىشخانىسىغا بېكىنىپ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى، چارچىغاندا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭداشتى. رۇقىيەم بىلەن توي قىلغاندىن تارتىپ ئاجراشقىچە بولغان تۆت يېرىم يىللىق ئائىلە هاياتىنى ئەسلىدى، ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىگە هامان رەنانىڭ ئوبرازى قىستۇرۇلاتتى، ئەسلىمىلەرنىڭ ئاخىرى رەنانىڭ مۇھەببىتىگە بېرىپ تاقىلاتتى. هەسەن ماموت بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئاكىمۇ نىجاتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. نىجات ئىدارە ئىچىدە ئۆزىنى يەككە-يېگانە، تايانچىسىز قالغاندەك هېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان خىزمەتكە هېچكىمنىڭ كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنسېرى قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ قاتتىق زەربىسى ئۇنى ئىتتىرىپ هايات قوينىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان-

لىقنى سېزىپ ۋەھىمىگە چۆكەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل خوشى ھەمراخالىمىنىڭ ئالدىدا پىرىلداپ يۈرگەن رىشات ئىدى. ئاجراشقان چاغدا ئۇ نىجاتقا قالغانىدى، لېكىن رۇقىيە پات-پات كېلىپ ئەپكېتەتتى، يەنە ئەپكېلىپ قوياتتى، ئەمما دادا بىلەن ئاپا ئۇچراشمايتتى. رەنامۇ پات-پات كېلىپ نىجاتقا تەسەللى بېرىپ كۆڭۈل ياسايتتى. «سىز مېنىڭ مەنىۋى يۆلەنچۈكۈم» دەيتتى رەنا، ھازىر بولسا رەنا نىجاتنىڭمۇ مەنىۋى يۆلەنچۈكى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ نىجاتنىڭ يېنىدا ئۇزاق-ئۇزاق ئولتۇرۇپ پاراڭ سالاتتى، كۈلدۈرەتتى، پەيتى كەلگەندە نىجاتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلاتتى، سۆيەتتى، قۇچاغلايتتى.

— نىجات، — دەيتتى ئۇ بەزىدە مەيۈسلەنگەن ھالدا، — مېنىڭ ئاشۇنداق ئىپلاس رەزىل ئەرگە تېگىپ قالغىنىم گۇناھمۇ؟

— ياق، — دەيتتى نىجات، — ئۆزىڭىزچە تېگىۋالمىدىڭىز-دە، تەقدىر...

— مېنى ئەيىبلىمەمسىز؟

— ياق، رەنا، سىز بەكمۇ سۆيۈملۈك، ئەقىللىق قىز.

— ئۇنداقتا مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ياخشى كۆرىمەن.

— مېنى ئالامسىز؟

— ئىككىمىزنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا...

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ھازىر ھەر ئىككىمىز...

— تەقدىر دېگەنگە ئىشەنمەيمەن، لېكىن تۇرمۇش ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئالدىمىزدىكى نامەلۇملۇققا ئالدىن ھۆكۈم قىلالمايمەن.

— مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئۆزگەرمەيدۇ.

— ناتايىن، مۇھەببەت مەڭگۈلۈك ھەم ۋاقىتلىق بولىدۇ، ھەر ھالدا ھېس-تۇيغۇنى، ئىرادىنى، مۇھەببەتنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ.

— ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز-دە.

— رېئاللىق بەكمۇ رەھىمسىز.

كەينى-كەينىدىن يۈز ئېچىۋاتقان پاكىتلار نىجاتنىڭ ھاياتىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، مۇھەببىتىنى رېئاللىقنىڭ باشقا بىر دۇنياسىغا باشلاپ كەتمەكتە ئىدى. شۇڭا نىجات رەنانىڭ مۇھەببىتىگە نىسبەتەن سوغۇققان، ئېغىر-بېسىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. بۇرۇنقىدەك قىزغىن ئىنتىلىش، ئەسەبىيلەرچە قۇچاقلاشلار بارا-بارا نۆۋىتىنى ئازايتتى، بىراق رەنانىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك مۇھەببىتى نىجاتنى بەزىدە ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. يەنى ئۇنىڭ مۇھەببەت تورى نىجاتنى بەئەينى بېلىققا ئوخشاش ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى، چىڭ تۇتاتتى، بېلىق بارلىق كۈچى بىلەن پىلتىڭلايتتى، پالاقلايتتى، لېكىن توردىن قۇتۇلالمايتتى. بارا-بارا ھالىدىن كېتىپ تور ئىچىدە بىھوش يېتىپ قالاتتى.

زۇلەيخا ئۈشتۈمتۇت كىرىپ بىرنەچچە كىتابنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ دومسىيىشلىرىدىن نىجاتقا قېيىداپ يۈرگەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. نىجاتنىڭ ئەسەبلىرى قوزغىلىپ تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. مانا يېرىم كۈن ... پۈتۈنلەي خىيال سۈرۈش. ئەسلەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى كىتابلارنى ۋاراقلايتتى، قەلەمنى مىجىقلايتتى، لېكىن ھېچنېمە ئوقۇيالمايتتى، ھېچنېمە يازالمايتتى.

نىجات دەسلەپكى قىزىقىش تۈپەيلىدىن بۇنداق مۇشكۇل، جاپالىق ئىلمىي ئەمگەككە ئۆزىنى ئۇرغىنىغا ئۆكۈندى، ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىنىڭ ئەڭ يىراق ئۇپۇقىدا ئاتوم زەررىچىلىرىگە ئوخشاش ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە باردەك قىلاتتى. نىجات پەقەت ئۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلايتتى-يۇ ئۆزىنى كۆرمەيتتى. ئاددىتتە دىققەت قىلمىغان، بىرەر ئىشقا جىددىي تۇتۇنغان چاغلاردا ئۇ نەرسە دەھشەتلىك سادا چىقىراتتى. قولىقىنى دىڭ قىلىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىڭشىغاندا بولسا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. كېيىن ئۇ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا يۈزلەنگەندە بۇ نەرسىنىڭ يىراق ئۇپۇقتا ئەمەس بەلكى يېقىندىلا سادا چىقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بۇ سادا دەھشەتلىك قارا بوراننىڭ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك ئاۋازىنى ئەسلەتتى. بۇ بوران نىجاتنىڭ پۈتكۈل تېنىنى، ۋۇجۇدىنى بىر تال خەسكە ئايلاندۇرۇپ ئانچە كۆچمەيلا يىراق-يىراقلارغا، ھالاكەت چۆلىگە ئاپىرىپ تاشلىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. نىجات ئۆزىگە كېلىۋاتقان تەھدىتنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. رەسساملىقمۇ ئەتىۋارلىق كەسىپقۇ، ئاپام دېگەندەك سىزگەن نېمىنى يەپ رەسىمنى سىزىپ يۈرۈۋەرسەم بولماسمىدى. لېكىن، رەنا يەنە ئاشۇ رەنا ئۇنىڭ پۇشايمان، ئۆكۈنۈشلىرىگە بەرھەم بېرەتتى، «ھەر ئىككى كەسىپنى چىڭ تۇتۇڭ، يېرىم يولدا تاشلاپ قويماڭ، ئىستىقبالىڭىز كۈندەك پارلاق...» نىجات ئويلايتتىكى، شۇ سۆزنى دېگەن رەنانىڭ ئۆزى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بورانغا بەرداشلىق بېرەلەمدىكىن؟

نىجات ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. سائىتىگە قارىۋىدى، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇ بىر دەستە كىتاب، قول يازمىلارنى پوپكىسىغا قاچىلاپ ئىشخانىسىدىن چىقتى. ھاۋا بىرئاز سوۋۇغان بولۇپ، كەچكى سەيلىگە چىققان كىشىلەر كوچا چېتىدىكى مەجنۇنتاللار ئاستىدا، ئاشخانا، چايخانا ئالدىدا سۆھبەت قۇرۇشقانىدى. نىجات كونا بازارغا كېلىپ مەسچىت ئالدىدىن ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلغاندا ئويناپ يۈرگەن رىشات يىلتىڭلاپ يۈگۈرەپ كېلىپ ئېسىلدى، ئۇنىڭ توپا-تۇمان بىلەن مەينەتلەشكەن كىيىملىرى نىجاتنىڭ كىيىملىرىنى بۇلغىۋەتتى.

— ھەميا ئاپام لەغمەن سوزدى.

— يېدىڭمۇ؟

— ھەئە، ساڭىمۇ سوزۇپ بېيىندۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، دادىخان مېنى يوقىيە ئاپامنىڭ قېشىغا ئاپىيىڭ.

— ماقۇل.

رىشاتنىڭ ئوماق، سەبىي چىرايى، شوخ سۆزلىرى نىجاتنىڭ بۈگۈنكى ئۇزاققا سوزۇلغان كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇردى. رۇقىيەم، توي، مۇھەببەتنىڭ شېرىن، لەززەتلىك كېچىلىرى، پەرزەنت، ئائىلە، كۈندەشلىك، جېدەل - ماجىرالاردىن تەركىب تاپقان تۇرمۇشنىڭ دىلغا ئۆچمەس ئىز سېلىپ ئۆتكەن تاتلىق، ھەم ئاچچىق دەقىقىلىرى ئۇزۇلمەي كارتىنىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەر ھەمرا خانىمنىڭ تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە غودىرىغانىدەك دېگەن گېپى بىلەن تەڭ نىجاتنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن غايىب بولدى.

— رەناغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، بىچارە قىز ... چىققان لايىقلارنى ياراتماي ... كۆڭلىدە بىرسى بولغىيدى،— ھەمراخانىم سەل تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، نىجات جىم ئولتۇرۇپ تىڭشىدى،— ئاپىسى ماڭا داتلاپ بەردى، ئاخىردا سىڭىنىڭ گېپىگىنى چىقىردۋاتىدۇ.

نىجات يەنە ئۈنچىقمىدى، رىشاتنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇۋەردى، رىشات پىيالىدىكى چۆپنى قولى بىلەن قىسىپ ئېلىپ نىجاتنىڭ ئاغزىغا سېلىشقا ئۇرۇناتتى.

— سەن بىلەن بىر نېمە دېيىشكەن بولسا،— ھەمراخانىم قازان، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئوغلىغا قارىماستىن سۆزلىدى،— مەندىن يوشۇرۇۋاتامسەن - ياۋ؟

— ياق ئاپا.

— مەندىن باشقا نېمەڭ بار، ئوچۇق دەۋە، ئوغلۇم.

— رەناغا ئىشەنمەيمەن ئاپا.

— نېمىشقا؟

— ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، قىسقىسى ئۇ ...

— بىلمەن،— گەپنى بۆلدى ھەمراخانىم،— يەنە بىر تەرىپى رەنا بىلەن رۇقىيەم تۇغقان، بىرى بىلەن ئاجرىشىپ يەنە بىرى بىلەن توي قىلىش تازا قاملاشمايدىغان ئىشتەك ... لېكىن رەنا كۆزۈمگە سىغىپ قاپتىكەن، مۇھىمى ئىككىڭلارنىڭ ئىرادىسى...

— ئىرادە ھەممە كىشىدە ئوخشاشلا مۇستەھكەم بولىۋەرمەيدۇ، ئاپا، بەزىلەرنىڭ ئىرادىسى قاتتىق بورانغا دۇچ كەلگەن ھامان خۇددى نازۇك تالدەك ئاسانلا سۇنۇپ كېتىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، رۇقىيەم نەچچە قېتىم كېلىپ، مەن رىشاتنىڭ ئاپىسى، نىجات بولسا دادىسى، بۇ ئۆيگە مەندىن باشقا ھەرقانداق كېلىنىڭ ئاياغ بېسىشى مۇمكىن ئەمەس، دېدى ھەيران قالدىم. چىدىمايدىغان ئادەم ئالدىراپ ياقاڭغا ئېسىلمىسا بولاتتى، ئەمدى ... — ھەمراخانىم نىجاتقا سىناق نەزەرىدە تىكىلدى،— رۇقىيەمنى ئەكىلىۋالايلىمۇ - ياۋ؟

— ھاجەتسىز، ئۇ ئۆزى كېلىدۇ، ئاپا.

نىجات سۆزلەۋېتىپ ئوڭ يۈزىنى سىيلاپ قويدى، رۇقىيەمنىڭ تەستىكى تەگكەن جاي ھېلىمۇ ئېچىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شۇ ھامان كۆز ئالدىدا ئادەتتە مېھرىبان، خۇش پېئىل، گۈزەل جۇۋان رەنا پەيدا بولدى، «ئەمدى مەن سىزنى رۇقىيەمدىن كۈنلەيمەن» رەنا يالغان ئېيتمىغان، ئۇ نىجاتنى رۇقىيەمدىنلا ئەمەس، ھەتتا باشقىلاردىنمۇ كۈنلەشكە باشلىغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ رۇقىيەمنىڭ كۈندەشلىكىنى ئەيىبلىگەن، ئەمدى ئۆزى ...

ئاشۇ كۆلدەشلىكمۇ بىر ھېسابتا ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى كۆچەيتىۋاتقان ـ
دەك بىلىنەتتى. دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەرلەرنى كۆنلەمدىغاندۇ؟
نىجات ئورنىدىن تۇردى، رىشات ئەگىشىپ مەھكەم ئېسىلدى. ھەمراخانىم ئۇنى
مىلق تەستە بەزلەپ ئېلىپ قالدى. نىجات ئۆز ئۆيىگە چىقتى. چىراغنى ياقتى. سۇپىدا،
كارىۋاتتا، شىرەدە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى چاڭ باسقاندى، ھەمراخانىم «مەن يىغىش
تۇرۇپ قويسام نىجات كېيىن ئىزدىگىنىنى تاپالماي ئاختۇرۇپ ئاۋارە بولىدۇ» دەپ ئۆز
پېتى قويغانىدى، رۇقىيەم بار چاغدا ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا رەتلىك تۇراتتى. ئۆي پا ـ
كىز ئىدى. نىجات كىتاب ئوقۇغاندا، ماتېرىيال كۆرگەنىدە، يازغانىدا چەينەك، پىيالە،
قويۇق دەملەنگەن چاي ھەمىشە ئۇنىڭ شىرەسىنىڭ بۇرجىكىدە ھازىر بولاتتى. نىجات
قايسى بىر كىتاب ـ ژۇرنالنى، قايسى بىر قول يازمىنى ئىزدىسە رۇقىيەم دەررۇ ئۆزى رەتلەپ
قويغان جايدىن ئېلىپ بېرەتتى. ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى رۇقىيەم رىشاتنى ئۇخلىتىپ
قويغاندىن كېيىن ياندىشىپ ئولتۇرۇپ نىجاتنى يەلپۈيتتى، تەرلىرىنى سۈرتەتتى. نىجات
ھەپتىدە بىر ـ ئىككى كۈن كەچتە ئۆيگە كەلمەيمۇ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ دوستلىرى ـ
نىڭ ئۆيىگە باراتتى. ياكى بولمىسا تاڭسا سورۇنلىرىغا باراتتى، نىجات ھەرقانداق تاڭسا
سورۇنىدا تاكى ئاخىرىغىچە ناھايىتى قىزغىن ئوينايتتى، رۇقىيەم نىجات كەلمىگەن كۈن ـ
لىرىمۇ ئۆيدىن چىقمايتتى. ھەمراخانىم بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم ھال ـ مۇڭ بولۇشقاندىن
كېيىن ئۆيىگە قايتىپ چىقاتتى. رىشات ئۇخلىغاندىن كېيىن كەشتە تىككەچ نىجاتنىڭ
كېلىشىنى كۈتەتتى، نىجات يېرىم كېچىلەردە كەيىپ ھالدا كېلەتتى، «نەگە باردىڭىز؟
كىمنىڭ ئۆيىگە، كىم بىلەن تاڭسا ئويىندىڭىز؟ كىمنىڭ كۆزىگە قارىدىڭىز؟» دېگەندەك
سوئال ـ سوراقلاردىن كېيىن رەسمىي جېدەل باشلىناتتى، ئەسلىدىكى مۇلايىم، مېھرىبان،
چىرايلىق مەھبۇب، مۇھەببەتتى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان ساھىبجامال بىردىنلا گەسەبىيلىشىپ،
ۋەھشىيلىشىپ زەھەرلىك يىلانغا، قورقۇنچلۇق ئالۋاستىغا، ئۆكتەم، زالىم ھازازۇلغا ئايلى ـ
ناتتى، ھەمراخانىم چىقىپ نەسىھەت قىلمىسىمۇ كار قىلمايتتى، ئاخىر نىجاتنىڭ مۇشتى
ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلاتتى، رۇقىيەم بىردەم چىرقىراپ، داتلاپ ئاندىن پەسكويغا چۈ ـ
شەتتى، يۈرەكلەر ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. تەكىيگە باش قويغاندىن كېيىن بۇ ئىككى
يۈرەك دەستلەپ سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كېتەتتى، كېيىن
بولسا ئۆزلۈكىدىن تەبىئىي ھالدا بىر ـ بىرىنىڭ دۈپۈلدىشىنى تىڭشاشقا باشلايتتى، ئىككى
بەدەن گويا بىرنەچچە يىل ئۇچراشمىغاندەك بىر خىل ئىنتىزارلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە
يېقىنلىشاتتى... تاڭ ئاتقاندا بولسا ئاخشامقى ئازارلىق، رەنجىشلەردىن قىلچە ئەسەر قال ـ
مايتتى. ناشتا ۋاقتىدا بۇ يۈرەكلەر بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك مېھرى ـ مۇھەببەت بەخش
ئېتەتتىكى، ئىشقا مېڭىش ئالدىدىن يەنە بىر قېتىم قىياستىن ئۆزئارا دوكولدەشلىرىنى
تىڭشايتتى، بۇ ئىشلار خۇددى قۇياشنىڭ يەر شارىنى ئايلانغىنىغا، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوق ـ
دا ئايلانغىنىغا ئوخشاش دەۋر قىلىپ تۇراتتى.
نىجات ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىگە سوغۇققىنا نەزەر تاشلىدى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ شىرە
ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. «كەچتە قاچماڭ. سىز بىلەن دېيىشىدىغان مۇھىم گەپ بار» رە ـ

نانىڭ چۈشتە ئېيتقان گېپى ھېلىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى، نىجات چۈشـ
كۈن، روھسىز بىر ھالەتتە بايا ئېلىپ كەلگەن كىتاب-ژۇرناللىرىنى بىر باشتىن كۆرۈشكە
باشلىدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ماتېرىياللارنىڭ بىرى سىياسىي كېڭەش بېسىپ تارقاتقان
«ئاقباشخان تەزكىرىسى» ئىدى. تاڭ ئاتتى. كەچ بولدى، كۈنلەر ئۆتتى، نىجات ئۆيدىن
چىقمىدى، يېزىق شىرەسى ئالدىدىن قوپمىدى، ئوقۇدى، يازدى، ئىزدەندى، مۇلاھىزە
قىلدى، يەنە يازدى، شۇ تەرىقىدە ئون نەچچە كۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى، يېقىندىن
بېرى ئۆزى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىۋاتقان، پات ئارىدا يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان
قارا بورانغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بارلىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى، قارا بوراننى توسۇش، ھەتتا
ئۇنى سۈرۈپ قوغلىۋېتىشنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. «ئاقباشخان تەزكىرىسى»
ئۇنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ۋاستە ئىدى، نىجات «ئارسلانخان شەھىرى»
خارابىسىدىكى بارغانسېرى تۈگەپ كېتىۋاتقان سېپىلغا ئەمەس، بەلكى تەبىئەت ۋە ئىنـ
سانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، پامىر تاغلىرىنىڭ ئىپتىخارى — ھېسابلانغان
«مۇز تاغ ئاتا» چوققىسىغا ئوخشاش مەڭگۈ، مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان غايەت زور،
قۇدرەتلىك بىر ئابىدە ياساپ چىقماقتا ئىدى.

ياز كېچىسى، ئايدىڭ، ئاسفالت يول ئاي نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىرايتتى، ماشىنىلار
ئۆتۈپ تۇراتتى. نىجاتنىڭ خىياللىرىمۇ ئۇزۇن، ئاخىرى تۈگىمەس يولغا ئوخشايتتى. بۇ
يولدا ھاياتلىققا ھەقدا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ماڭاتتى. بەزىلىرىنىڭ ماڭغىنىنى ھېچكىم
بىلمەيتتى، بەزىلەر بولسا بۇ يولدىن ئاشۇ ماشىنىلاردەك گۈركىرەپ، سىگنال بېرىپ ئۆتـ
ەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئېلان قىلىشى، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ كۆرمەي، تونۇماي
قېلىشىدىن ئەنسىرىشى ئىدى. بەزىلەر بۇ يولدىن ناھايىتى ئاستا مېڭىپ ئۆتەتتى، بەزىلەر
يولنى پاخال قىلاتتى. پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرۇۋالاتتى، باشقىلارنىڭ ئالدىنى
تورايتتى، بەزىلەرنىڭ بۇ يولدا ئىزىمۇ قالمايتتى، بۇ يولدا مېڭىۋاتقانلار
ئىچىدە نىجات، رەنا، ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىم، ئابدۇكېرىم ئاكا، رۇقىيەم،
زۇلەيخا، سەمى قارىم ... قاتارلىقلار بىر-بىرىگە ياندىشىپ گىرە سېلىشىپ، بىر-بىرىگە پۇت
قويۇپ ھەم يول قويۇپ مېڭىشماقتا ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلار يەنە بىر-بىرىدىن يول
تالىشاتتى، بىر-بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە سەمى قارىم
گويا ئۆزى سۆزلەپ يۈرگەن رىۋايەت-ئەپسانىلەردىكى جىنغا ئوخشايتتى، گاھ يولدا كۆ-
رۈنەتتى، گاھ غايىب بولاتتى، بىراق ئۆزى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ توقۇپ چىققان رىۋايەت-
لىرى، ئەپسانىلىرى مۇشۇ زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ بارماقتا ئىدى.

«ئاقباشخان — مۇبارەك ئىسىم-شەرىپى ئارسلانخان خوجا — كۆچتىنىگىر، زەر-
بەردەست، ئۇلۇغ پادىشاھ ئەردى. ئۇ يەتتە ئىقلىمنى ئۆز ھىمايىتىگە ئالغاندۇر ۋە
مۇشۇ شەھەرنى ئاپىرىدە قىلغاندۇر. ئاقباشخاننىڭ نەسەپ-زاتى ئۇلۇغ خانزادە مۆھ-
تىرەم خېنىم ئارقىلىق ھەزرىتى ئاپپاق خوجامغا يېتىدۇ. ھەزرىتى ئاپپاق خوجام پەيغەمبەر
مۇھەممەت رەسۇلۇللانىڭ 27 - ئەۋلاد نەۋرىسىدۇر.

ئاقباشخان زامانلىرىدا ئەل پاراۋان، يۇرت تىنچ ئەردىلەر. ئاقباشخان پەرمان،

قىلدىلەركىم شۇئان لەكمەك-لەكمەك خەلق شەھەر بىنا قىلىشقا ئاتلاندىلەر، يېگىسارلىك سېغىزلىق دېگەن يېردىن توپا، كۆسەن ئەنھارىدىن سۇ توشۇپ لاي قىلىپ سېپىل سوقتىلەر، سېپىل ۋە شەھەر ئون يىلدا بەر قارار بولدىلەر، ئاندىن سۇلۇق بۇ شەھرى ئەزىم ئاقباشخاننىڭ ئۇلۇغ نامى بىرلە ئاتالدىلەر...»

ئاي غۇۋالىشىپ ئاسفالت يول قارىيىشقا باشلىدى، ئەمدىلىكتە يولدىن ئىنسى-جىن ئۆتمەيتتى، نىجات يېگانە هالدا كېتىۋاتاتتى، سەمى قارىمنىڭ خۇنۇك، بەتبەشىرە ئوبرازى قورقۇنچلۇق بىر ئەرۋاهقا ئۆزگىرىپ ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

«ئاقباشخان خوش پېئىل، ئەقلى دانىش ئەردى، كۆچ-قۇۋۋەتتە رۇستەمى داستانى، ئەدلى-ئادالەتتە نۇشىرۋان ئادىلنى باسار ئەردىلەر، كۈنلەردىن بىر كۈن شەھرى باغداتتىن كارۋان كەلدىلەر، ئەلھازار ئاقباشخانغا ئەرز يەتتىكى، كارۋانلار كۆسەن ئەنھارىدىن ئۆتەلمەي تۆگە-خېچىرلارىدىكى دەپىي-دۇنيالار بىلەن بىللە سۇغا چۆكۈپتۇر، ئاقباشخان ئېتىغا مىنىپ ئوردا سىپاھلىرى بىلەن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتىلەر، كۆسەن بويىغا كېلىپ كۆردىلەركىم، مالى يوقالغان سودىگەرلەر زار-زار يىغلاپ ياقىلىرىنى چاك ئېتىپ تۇرۇپتۇر، ئاقباشخان 60 پاتمانلىق قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ سۇنىڭ ئورتاسىغا ئانداغ ئۇردىلەركىم، ئاق! تۇر! دەپ، شۇئان سۇنىڭ باش تەرىپى ئاقماي جىم تۇردى، ئاياغ تەرىپى ئېقىپ كەتتىلەر، چۆكۈپ كەتكەن تۆگە، خېچىر، دەپىنى-دۇنيالار سۇ ئاستىندا زاهىر بولدىلەر... شۇندىن سۇك مۇشۇ يۇرتنىڭ نامى — ئاق تۇر ئاتالدىلەر...»

ئاي بۇلۇتلار كەينىگە مۆكتى. تۈن قارا پەردىدىن لىباس كىيدى. نىجات گويا مەڭگۈ يېشىلمەيدىغان تىلسىماتلار-دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك مەۋھۇم خىياللار ئىچىدە يولنى داۋام قىلاتتى. سەمى قارىم كۆتۈرۈپ چىققان «بۈيۈك تارىخىي ھۆججەت» — «ئاقباشخان تەزكىرىسى» نادانلارنى ئەنە شۇنداق مەشھۇر رىۋايەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى داتلاشتۇرۇپ، كۆزىگە رىيا پەردىسىنى تارتماقتا ئىدى. نىجات ناهىيە كوچىسىغا كىردى، بوتكا، ئاشخانىلاردا ئادەم شالاڭ ئىدى، ئۈنئالغۇلاردىن چىقىۋاتقان جاز مۇزىكىسىنىڭ تىترەڭگۈ، جىددىي ئاھاڭلىرى كوچىنى بىر خىل ۋەھىمىلىك هالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

«زامانلار ئۆتۈپ بۇ شەھەرگە ياۋ باسقۇن قىلدىلەر، ئاقباشخان ئۇلۇغ-كىچىك غازاتقا ئاتلانسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈردىلەر. يېغى باشلاندىلەر، قانلاردىن دەريا، باشلاردىن تاغ هاسىل بولدىلەر، ئەلھال ياۋ لەشكىرى بىھىساب ئەردى، ئۇلار تۇراموش شەھرى يېنىدىكى مولداۋانغا بېرىپ ئاقباشخان شەھىرىگە سۇ كېلىدىغان ئېغىزىنى ئەتتىلەر، سۇ تۇپراق ئاستىدىكى نو ئارقىلىق كېلەر ئەردىلەر، سۇ توختاپ ئۇسسۇزلۇق، قەھەتچىلىك بالاسى تەگدىلەر، شول سەۋەبتىن ئاقباشخان شەھەر ئىچىدە بويىنغا مىس كولدۇرما ئېسىلغان بىر بوتىلاقنى قالدۇرۇپ ئۆزى شەھەر ئەھلىنى ئېلىپ بىر كېچىدە شەھرى ياركەنتكە راۋان بولدىلەر، ياۋ تاكى ئۈچ ئايغىچە شەھەرنى قورشاپ تۇردىلەر، بىر كۈن ئۇلار سېپىلغا چىقىپ قارىسا شەھەردە ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق، بىر بوتىلاق كولدۇرمىسىنى جاڭگىرلىتىپ يانتاق يەپ يۈرۈپتىلەر...»

نىجاتنىڭ كۆلكىسى قىستىدى، كۆچىتنىڭگەر، زەبەردەست دېگىنى نېمىسى؟ بوينىغا مىس كولدۇرما ئېسىلغان بىر بوتىلاقنى قويۇپ ئۆزى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكىنى نېمىسى؟ ئاچچىق مەسخىرە، نەپرەت ھېسسى نىجاتنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتاتتى، مۇزلاۋاتقان يۈرەكنىڭ قات - قېتىدا بولسا ئاشۇنداق رىۋايەتلەرنى دەستۇر قىلىۋېلىپ، تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا مەھكۇم قىلىنغان تۇرقى مۇسۇلمان، ماھىيىتى قانخور جاللات بىر شەخسنىڭ روھىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر تالاي بىلىمسىز پۇقرالارنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن قاتتىق ئېچىنىش تۇيغۇسى ئۆركەش ياساپ غەلىيان كۆتۈرەتتى. رەسسىمخانىسىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ نىجاتنىڭ ۋۇجۇدى غەلىتە بىر سېزىملار تەسىرىدە شۇركىنىپ كۆكلى بىئارام بولدى. قاچاندۇر بىر چاغدا، چۈشتىمۇ، كەچتىمۇ ئەيتاۋۇر ئاشۇ بىلىنمەي تېز - تېز ئۆتۈپ كەتكەن دەقىقىلەرنىڭ بىرىسىدە ئۇنىڭ كۆكۈل ئاسمىنىدا گويا ۋىللىدە يېنىپ ئۆچكەن يۇلتۇزدەك بىر نۇر پەيدا بولغانىدى، بۇ نۇرنى تۇتۇۋالغىلى ياكى ئۇنىڭ يورۇپ تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتقىلى بولمايتتى. نىجات ئۆزىمۇ ھەيران قالاتتى، ئۇ رەسىم سىزىشقا ھەۋەس قىلغان چاغلاردىن باشلاپ بۇنداق نۇر پات - پات پەيدا بولاتتى، ئەمما يېنىپلا ئۆچەتتى. ئاشۇ نۇر نىجاتنى بارغانسېرى چەكسىز قىزغىن ئىشتىياق، قىزغىن مۇھەببەت ئالەمگە تەخىرسىز باشلاپ كىرەتتى، كېيىن بۇ نۇر ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ قىيىن پەللىلىرىگە ئىتتىرەتتى. بۇ نۇر شۇنداق كارامەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئەقلىنى ئۆتكۈرلەشتۈرگەن، تالانتىنى ئۇرغۇتقانمۇ ئاشۇ نۇر ئىدى. بۈگۈنكىسىمۇ ئەنە شۇنداق بىر نۇر ئىدى، ئاشۇ نۇر ئۇنى ئۆيىدىن رەسسىمخانىغا ھەيدەپ كەلدى، يولدا كەلگىچە پەيدا بولغان مەسخىرىلىك، يىرگىنىشلىك ئەسلىمىلەرنىڭ «ئاقباشخان تەزكىرىسى» دېگى ئاجايىپ - غارايىپ مەزمۇنلارنىڭ پاك ھېسسىيات ئالەمگە خىيالى كۆلەڭگىلەرنى تاشلاپ ئۆتۈشى تۈپەيلىدىن بۇ نۇر خىرەلەشكەنىدى. نىجات قانچە دىققەت قىلىپ قارىسىمۇ ئالدىقاچان غايىب بولغان نۇر قايتا پەيدا بولمىدى. ئۇ رەسىم تاختىسى ئالدىدا قىل قەلەمنى تۇتقىنىچە ئۇزاق ئولتۇردى. خىيال سۈردى. ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا چۆكتى، لېكىن بايا غىل - پال چاقناپ ئۆتكەن نۇر ئىچىدە نامايان بولغان گۈزەل ئوبراز، بەدىئىي كارتىنا ھامان ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمىدى.

ئىشىك يېنىك چېكىلدى، نىجات ئارامى بۇزۇلغىنىدىن غۇژژىدە ئاچچىقى كېلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئارىسالدىلىق، گۇمان ئىچىدە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، رەنادىن باشقا ھەرقانداق كىشى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ شۇ ھامان ئىشىكنى غاچ قىلىپ ياپقان ۋە ئېچىدىن تاقىۋالغان بولاتتى.

— سىزگە ھال تەگدىمۇ دەيمەن.

— قانداق؟ — دېدى نىجات تەكەللۇپسىزلا كىرىۋاتقان رەنانىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرىغا قاراپ.

— تالانتلىق رەسسام، ياش ئالىم، ئارخېئولوگ دەپ قويسا، ئەمدى كېلىپ خۇدىڭىزنى بىلمەي قالدىڭىز.

— بۈگۈن تىلىڭىز يەنە ئۇزىراپ قاپتۇ - دە!

— ئادەمنى ئەخمەق قىلغانلىكىن …

— ئىشىم كۆپ رەنا، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىرىنى تۈگەتسەم بىرى...
— ئالدى بىلەن تۇرمۇش ئىشىڭىزنى ئويلاڭ. — چىراغنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا رەنانىڭ يۈزى قىزىرىپ، ئېسىلغانلىقى ئوچۇق بىلىنەتتى، — تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولسىڭىزلا باشقا ئىشلىرىڭىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.
— ناتايىن، — نىجات ئويچان كۆزلىرىنى رەناغا تىكتى، — تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولسىلا ھەممە ئىشتا خاتىرجەم بولدۇم دېگىلى بولمايدۇ، بەلكىم مېنىڭ بويتاق يۈرگىنىممۇ بىر ھېسابتا ياخشىدۇ، تىنىچ، خاتىرجەم ئىشلەيدىكەنمەن.
— مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتىسىز - ھە؟
— ياق، رەنا...
— ئۇنداقتا، ئۆتكەندە، دېيىشىدىغان زۆرۈر گەپ بار، دېسەم، ماقۇل دەپ قويۇپ قېچىپسىزغۇ؟
— دوستلىرىمدىن بىر - ئىككىسى كېپقالدى، ئۇلارنى ئاشخانىغا باشلاپ...
— ئۇغۇ بوپتۇ، لېكىن شۇندىن كېيىنمۇ كۆرۈنمىدىڭىز.
— بۈگۈن دېيىشسەكمۇ بولىدۇ - غۇ.
— ۋاقتىڭىز... — رەنا سائىتىگە قاراپ قويدى، سائەت 11 دىن ئۆتكەنىدى.
ئارىنى جىملىق باستى، رەنانىڭ ھېسسىياتى تاغ سۇلىرىدەك تاشقىنلاشقا باشلىدى، نىجاتنىڭ ھېسسىياتى بولسا، جىمجىت، ئۈن - تىنسىز ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشايتتى، نىجاتنىڭ جىددىي ئوي پىكىر ۋە بىر - بىرىگە ئۇلۇشۇپ داۋام قىلىدىغان تەپەككۇرلار تەسىرىدە نۇرلانغان كۆزلىرى ھاياجىنىنى سىغدۇرالماي ئولتۇرغان رەناغا تىكىلدى. يەل - كىسىنى بېسىپ تۇرغان دولقۇنسىمان، قويۇق قارا چاچلار، بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان شوخ كۆزلەر، زىلۋا قامەت، گۈلدەك ھۆسن... «قىز ۋە گۈزەللىك» ناملىق بەدىئىي ئەسەردىكى گۈزەل، يارقىن ئوبراز — ۋېناس... نىجات كۆز ئالدىدا تۇرغان تىرىك ئىنسانىنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلىگىنىدىن ھېلىمۇ - ھەم ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايتتى، بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى تېخىمۇ زور ئىجتىھات ۋە ماھارەت بىلەن سىزىلىپ رەسىملىك ژۇرنالغا ئېبەرتىلگەنىدى.
— نىجات.
— ھە.
— ئاڭلىسام، رۇقىيەم ئۆيىڭىزگە پات - پات كېلەرمىش، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
— نېمىشقا؟
— بالىسىنى سېغىنمايدىغان، كۆرگۈسى كەلمەيدىغان ئانا بولامدۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن... سىزمۇ كۆرۈشىدىغانسىز؟
— ياق.
— ئىشەنمەيمەن. نىجات مەنمۇ يۈزىڭىزگە بىر تەستەك سالسام بولغۇدەك.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، رۇقىيەم شۇنداق قىلغانىكەن - غۇ؟
— ياق، — نىجات ئىنكار قىلىۋېتىپ ئوڭ يۈزىنى بوشقىنا سىيلاپ قويدى، رۇقىيەم تەستەك ئۇرغان جاي ھېلىمۇ چىم - چىم قىلىپ ئېچىشىۋاتقاندەك بىلىندى.

— سىزنى دەپ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا رۇقىيەم بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم، كوچىدىلا، مەنمۇ بوش كەلمىدىم، — رەنا سۆزلەۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە نىجاتنىڭ كەينىگە ئۆتتى، قوللىرىنى ئۇنىڭ دولىسىغا قويدى، رەنانىڭ نېپىز كۆڭلەك ئاستىدىكى ماموقتەك يۇمشاق بەدىنىدىن ئۇتلۇق ئېقىم دەۋرەپ ئېتىلىپ چىققاندەك بولدى. نىجاتنىڭ يەلكىسى رەنانىڭ ئىككى كۆكسىگە چاپلىشىپلا تۇراتتى، ۋۇجۇدى سىماب كەبى ئېرىپ كېتىۋاتقان نىجات مەست بولۇپ قالغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ سۈكۈتكە چۆمدى، — لېكىن ... ئۇنىڭ بىر گېپىگە هەيرانمەن، نېمە گەپ دەپ سورىمامسىز؟

— هە سۆزلەڭ.

— نىجات مەندىن باشقا هېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەس، دەيدۇ.

— خىيالمۇ ئاجايىپ قۇدرەتلىك، تەڭداشسىز نەرسە، — نىجات يەلكىسىدىكى قوللارنىڭ سىلىق هەرىكەتلىرىنى سېزىپ تۇراتتى. بۇ قوللار ئاستا-ئاستا يۆتكىلىپ نىجاتنىڭ ئېڭىكىنى، يۈزىنى، بوينىنى سىيلىماقتا ئىدى، نىجات بايا يىتتۇرۇپ قويغان نۇرنى تاپقاندەك



بولدى، بۇ نۇر ئەمدىلىكتە پاللىدە يېنىپ ئۆچمەيتتى، ئىمكان بولسا رەنا بىلەن ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى هالىتىنى فوتو ئاپپاراتقا چۈشۈرۈۋالسا ... ياق، ماي بوياق بىلەن سىزىۋالسا ... ئاه ئىلهام! — دەيتتى نىجات ئىچىدە، — بىركەلدىڭ، ئەجەب كەلدىڭ، بىراق قەلەمنى قولغا ئالغاندا ... بۇنداق كۆرۈنۈش يوق، خىيالغا كەلتۈرۈپمۇ، تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ بولمايدۇ، نىجات شۇ ئويلار بىلەن بەنت بولۇپ خېلىدىن كېيىن ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز خىيالىدا دۇنيادىكى هەممە نەرسىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىۋالىدۇ، بۇ خىيال-پەرەستلىك ...

— توختاڭ! — رەنا نىجاتنىڭ يەلكىسىگە ئۆزىنى تاشلىدى، ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويىنى قايرىلدى، نازۇك لەۋلىرى نىجاتنىڭ چاچلىرىنى سۆيۈۋاتقاندەك قىلاتتى، — مەنمۇ سىزنى ماڭا مەنسۇپ دەپ قارايتتىم. ئۇنداقتا مەنمۇ بىر خىيالپەرەست ئىكەنمەن-دە.

— ئۆتكەندىمۇ دېگەنىدىم، مەن كىشىلىك هوقۇق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئالدى بىلەن

ئۆزۈمگە مەنسۇپ، ھايات، ئەمگەك، ئىجادىيەت ۋە مۇۋاپپەقىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا خەلققە، جەمئىيەتكە مەنسۇپ.

— ماڭا نېمىگىز قالدۇ؟ — رەنا نىجاتنىڭ چاچلىرىنى پۇرايتتى، كۆكسى نىجاتنىڭ يەلكىسىگە تېخىمۇ چىڭ تىرەلدى، — مېنى نا ئۈمىد قويماڭ، نىجات!

نىجات جاۋاب بەرمىدى، رەنا قەددىنى رۇسلاپ ئايلىنىپ كېلىپ نىجاتنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.

— بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ساۋاقداشلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتى دەيلى، كېيىنچۇ؟ مۇناسىۋىتىمىزنى مۇھەببەت دەپ ئېيتالامسىز؟

رەنانىڭ كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلايتتى، ئىشىق، پىراق ئوتى ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئىزتىراپ پەيدا قىلغانىدى، نىجات ئۇنىڭ تىترەۋاتقان لەۋلىرىگە تىكىلىپلا قالدى.

— مەن ئۆزۈمنى ئاللىقاچان سىزگە بېغىشلىغانىدىم، ئۆزۈمنى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا تاشلىغانىدىم، لېكىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا ئاشنىڭىز قاتارىدا مۇئامىلە قىپسىز-دە، بۇ ماڭا ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمدىن ئۆلگۈنۈم مىڭ ئەۋزەل، نىجات سىز مۇھەببىتىمنى دەپسەندە قىلدىڭىز، خىيالىمدا مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئىدىم، شۇ خىيال، شۇ ھېسسىيات بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىكمەن دەپ يۈرەتتىم، بىراق، سىز ئېيتقاندەك مەن ھەقىقەتەن خىيالپەرەست ئىكەنمەن.

رەنا تارام-تارام ياش تۆكەتتى، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتى، نىجات تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بارلىق ئىككىلىنىشلەرنى، ئىشەنچسىزلىكلەرنى قوغلاپ چىقاردى، ئۇ قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكتىن ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا رەنانى باغرىغا باستى.

— رەنا، دوستۇم، سۆيگۈنۈم، مەھبۇبەم...

— راستىمۇ؟

— راست.

— سىز ئوغۇل بالا-ھە؟

— شۇنداق.

— ئەكىلىڭ قولىڭىزنى! — رەنا يىغلاۋېتىپ كۈلدى، ياش يۇقى كۆزلىرى ئوتتەك چاقنىدى. نىجات قولىنى بەردى، ئىككى قول ئاندىن ئىككى لەۋ مەھكەم جۈپلەشتى. رەنا پىچىرلايتتى، — ۋەدىمىز ۋەدە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئىككىمىز توي قىلىمىز-ھە؟

— توي قىلىمىز.

— سىز بىلەن دېيىشىدىغان زۆرۈر گەپ بار دېگىنىم شۇ، — رەنا سۇرۇقتەك قېپقىزىل لېۋىنى يەنە ئۇزاتتى، — ئاھ! ... خۇدا مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزگەي!

رەنا ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى، نىجات بوسۇغىدا تۇرۇپلا:

— خوش رەنا، — دېدى بوش ئاۋازدا.

— ۋىيەي ... ي قانداق يىگىتسىز؟ — رەنا كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىپ نىجاتقا ئېسىلىۋالدى، — قانداق كېتەلەيمەن؟ يالغۇز ماڭسام سىزمۇ ئەنسىرەپ...

بۇ كۆرۈنۈش بەئەينى رومانىنىڭ تۈس ئالغان بىر سەھنە ئەسىرىگە ئوخشايتتى. نىجاتنىڭ كاللىسى زىددىيەت، توقۇنۇشلار بىلەن تولغان بىر دۇنيا ئىدى، لېكىن زىددىيەت، توقۇنۇشلار بۈگۈنكىدەك كەسكىن گىرەلەشمىگەنىدى. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى كاللىسى تىنچ بىر دۇنيا ئىدى، قاچان مەدەنىيەت يۇرتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، شۇ كۈندىن باشلاپ زۇلەيخا، رۇقىيەم، ئاندىن رەنا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالىمىگە بۆسۈپ كىردى. دەسلەپ ئاشىق بولغان، كۆيگەن زۇلەيخا مىنۇت-سائەتتە بىر ھەسرەت يۇتۇپ قېلىۋەردى، نىجات ئۇنى ياقتۇرالمىدى، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ بىر ئەرگە تەگدى-دە، لېكىن كىم بىلىدۇ، زۇلەيخامۇ ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك، ياخشى ئايالدۇر. مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئۇنىڭمۇ كىمنى سۆيۈش، كىمنى سۆيمەسلىك ھوقۇقى باردۇر. شۇنچە كۆيگەنىكەن، بەلكىم ئۇنىڭ مۇھەببىتىمۇ كۈچلۈكتۇر، بۇ نىجات ئۈچۈن بەربىر. رۇقىيەمغۇ ئاۋۋال نىجاتنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىپ بولۇپ ئاندىن مۇھەببىتىنى ئاشكارىلىدى ۋە مۇھەببەت ۋىسالى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئىككىسىنى بەختلىك قىلدى، ئەمما يەنە شۇ مۇھەببەت ئۆز-ئۆزىنى ھىجران تىغى بىلەن نابۇت قىلدى، بەلكىم بۇنىڭغا زۇلەيخا بولۇپمۇ رەنا سەۋەبچىدۇر، ئاخىرىدا رەنا ھەممىنى ۋەيران قىلىش ھېسابىغا نىجاتنىڭ مۇھەببەت قورغىنىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. نىجاتنىڭ كاللىسى ئاخىرى تۈگىمەيدىغان چەكسىز زىددىيەتلەرگە تولۇپ كەتتى. بۇ زىددىيەتلەر ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سىرلىقلىشىپ، مۇرەككەپلىشىپ باراتتى. نىجاتنىڭ كاللىسى گويا تېگىدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان غايەت زور داشقازانغا ئوخشايتتى. بۇ داشقازاندا لىقمۇلىق سۇ قاينايتتى، سۇدا بولسا بۇ دۇنيادا قايناشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، بۇلار قايناپ-قايناپ ئاخىرى ئوماچقا ئايلىناتتى، زۇلەيخا، رۇقىيەم، رەنا — ئۈچى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىردىن نوغۇچنى قوللىرىغا ئېلىپ داشقازان ئىچىنى تىنماستىن قوچۇيتتى، قوچۇغانسېرى داشقازان تېخىمۇ ۋاراقلاپ قاينايتتى. كېيىنچە بۇ داشقازاننى رەنا ئۆزىلا قوچۇشقا باشلىدى، ئۇ قانچىلىك قوچۇيدۇ، قانغۇچە قوچۇيدۇ، بىر پەيتى كېلىپ نوغۇچنى تاشلاپ داشقازاننى كۆمتۈرۈۋېتەمدۇ، ئاستىدىكى ئوتنى تارتىۋېتەمدۇ، نىجات ئۈچۈن بۇلار نامەلۇملۇق ئىدى، ئەگەر ئاشۇ نامەلۇملۇق توساتتىن بىر مۆجىزىگە ئوخشاش رېئاللىققا ئايلىنىپ قالسا نىجاتنىڭ كاللىسى ئەسلىدىكى تىنچ دۇنياغا ئايلانغان بولاتتى.

رەنا نىجاتقا چاپلىشىپلا ماڭدى، كوچا چېتىدىكى سۇۋادان، مەجنۇنتاللارنىڭ قويۇق شاخلىرى كېچىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەنىدى، نىجاتنىڭ خىيال قۇشى ئۇچۇپ-ئۇچۇپ ئاخىرى رەنانىڭ دەسلەپ ئائىلىۋى تۇرمۇشقا قەدەم تاشلىغان چاغدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ئەتراپىدا قانات قېقىشقا باشلىدى:

رەنانىڭ تۇرمۇشىدىكى پاجىئە ھەرقانداق ئىنسان زاتىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ پارە-

پارە قىلاتتى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىشىگىلا تەرەپ-تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلى-
دى. ئەلچىلەر كوجاڭ، بۇجاڭ، جۇرېن، جۇيجاڭ... دېگەندەك يۈز-ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ
ئائىلىلىرىگە ۋەكىل بولۇپ كېلەتتى، ئەلۋەتتە. بىراق ھەسەن مامۇتنىڭ ئۇلار بىلەن مەس-
لىھەتلىشىپ، پۈتۈشۈپ ئولتۇرغىلى چولىسى تەگمەيتتى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ سايلاش يىغىنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. كونا بازارلىق پارتكومىنىڭ
پېشقەدەم شۇجىسى ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىم نامزاتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئالدى
بىلەن ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى
كېرەك، شۇڭا ئۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەرقاندىقىغا «قىزىمىزنىڭ پۈتۈشۈپ قويغان يېرى باركەن،
رايىغا بارمىساق بولماس» دەپ جاۋاب بەردى، ئەمەلىيەتتە رەنا ھېچكىم بىلەن پۈتۈشمىگەنىدى.
ئۇ رەنانىڭ نىجات بىلەن رۇقىيەم توي قىلغىنىدىن، ئىككىسىنىڭ «ئالتۇن ئۈزۈككە تىللا
كۆز» دېگەندەك بىر-بىرىگە پار كەلگىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ
يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى، شۇنىڭ بىلەن
رەنامۇ قول يەتمەيدىغان ئېگىز شاختىكى مېۋىگە ئايلاندى. رەنانى كېلىن قىلىشنى ئارزۇ
قىلىپ يۈرگەنلەر، مەرتىۋىسىنىڭ ھەسەن مامۇتتىن تۆۋەنلىكىنى ئويلاپ قايتا ئېغىز ئېچىشقا
پېتىنالمىدى. ھەسەن مامۇت قىزىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىكاپىنى ھەيدەيدىغان شوپۇر
يىگىتكە ياتلىق قىلدى. بۇ ئىش ناھىيە بويىچە ئالاھىدە بىر ۋەقەگە ئايلىنىپ ھەممە
كىشى مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ يۈز-ئابروي، پۇل-ئىقتىساد سۈرۈشتۈرمەي يېڭىدىن شوپۇر
بولغان ئاددىي دېھقان ئوغلىغا قىز بەرگىنىدىن ھەيران قېلىشتى ۋە ھەسەن مامۇتنىڭ بۇ
خىل ئىستىلىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. رەنا ئىچكى دەرد-ئازابلىرىنى، مۇھەببىتىنى نى-
جاتقا ئوچۇق ئېيتالماستىن ئۆزى ئەزەلدىن سىرداشمىغان، ياخشى كۆرمىگەن ئەرنىڭ
ئىلكىگە ئۆتتى، تويدىن كېيىن كۈيئوغۇل ھەسەن مامۇتنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بىر چوڭ
شىركەتكە يۆتكەلدى ۋە شىركەتنىڭ «شەرق شامىلى» ماركىلىق 5 توننىلىق يۈك ئاپتو-
موبىلىنى ئۈچ يىللىق مۆھلەت بىلەن ھۆددىگە ئالدى. كىشىلەر شۇ چاغدىلا ھەسەن ما-
مۇتنىڭ تولىمۇ يىراقنى ئويلايدىغان ئەقىللىق، پەملىك ئادەم ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشتى.
رەنامۇ بارا-بارا ئېرىنى ياقتۇرۇپ قالدى. شوپۇر شوخ، چاقچاقچى، بوي-تۇرقى كېلىش-
كەن، ئاق يۈزلۈك يىگىت ئىدى، پاكىز كىيىنىپ يۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئىش
ھەسەن مامۇتنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى، يىگىت ماشىنىنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن پۇلنى
خېلى كۆپ تاپىدىغان بولدى ۋە رەنا ئۈچۈن ئايىماي پۇل خەجلەشكە باشلىدى، چۈنكى
بۇ ئۆزى بىر ئىشچى تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى تاماملىغان زىيالىي قىزنى، مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ
قىزىنى ئەمرىگە ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالىغانىكەن، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك-تە.
لېكىن رەنانىڭ شېرىن تۇرمۇشى ئانچە كۆڭۈللۈك ئۆتمىدى، توي بولۇپ ئاز ئۆتمەي

شوپۇر يىگىت ئۆرۈمچىدىن قەشقەرگە، خوتەنگە، غۇلجىغا قاتنىغىلى تۇردى، ئۆيگە ھەپتىدە
بىر، ئون - ئون بەشكۈندە بىر كېلەتتى، كەلسىمۇ بىر قونۇپلا يەنە ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ
قالاتتى، رەنانىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھېسسىياتى، ياشلىق ئىستەكلىرى شىپاسىز بىمار-
نىڭ قەلبىدىكى ئۈمىدسىز، چۈشكۈن خىياللاردەك بارا - بارا خىرەلىشىشكە باشلىدى. ئۇ
نۇرغۇن كېچىلەرنى يەككە - يېگانە ئۆتكۈزدى، كېيىن بۇ خىل تۇرمۇشقىمۇ ئاستا - ئاستا
كۆنۈپ قالدى. ئارىدىن 8 ئاي ئۆتكەندە ئۇنىڭ شوپۇر ئېرى قولغا ئېلىندى، ۋ كىشى-
لەرك لۈكچەكلىك، باسقۇنچىلىق دېلوسىدىكى باش جىنايەتچى دەل رەنانىڭ ئېرى ئىدى،
بۇ - مەملىكەت بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قاتتىق جازالاش دولقۇنى ئومۇم-
يۈزلۈك قانات يايغان، قانۇن ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا باش
جىنايەتچى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. يۇقىرى سوتنىڭ قايتا تەكشۈرۈشى، ئادۋو-
كاتلارنىڭ بەزى دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئاقلىشى نەتىجىسىدە ئۆلۈم جازاسى 18 يىللىق
مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلدى، رەنانىڭ قارىشىچە ئوتتۇرا سوتنىڭ دەسلەپكى
ھۆكۈمى توغرا بولغانىدى، چۈنكى ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا تاسادىپەن ئېغىر قاتناش ۋەقە-
سى سادىر قىلىپ قويۇپ جىنايەتچى بولۇپ قالسا ياكى بىرەر جېدەل - ماجىراغا ئارىلىشىپ
قېنى قىزىغاندا پىچاق كۆتۈرۈپ قاتىللىق قىلغان بولسا ئۇنى كەچۈرمىگەن تەقدىردىمۇ
باشقا كەلگەن بالا - قازاغا ئەلھوكمۇلىللا دەيتتى، بىراق باسقۇنچىلىق جىنايىتىنى خۇددى
خەلق، جەمئىيەت، قانۇن كەچۈرمىگەندەك رەنامۇ مەڭگۈ كەچۈرمەيتتى. بۇ ۋەقە يالغۇز
رەنانىڭلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ، ھەسەن ماموتنىڭ ئىززەت - ئابرويى ئۈچۈنمۇ
غايەت چوڭ نومۇس، ھاقارەت ئېلىپ كەلدى. رەنانىڭ تەلىپىگە بىنائەن يەرلىك سوت
مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىش تەلىپىنى بېجىرىپ بەردى، رەنا بىر ۋاقىتلارغىچە
نومۇس كۈچىدىن، ۋىجدان ئازابىدىن باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمىدى. «سىز ئەيىبلىك ئەمەس،-
دەيتتى نىجات رەنا ھەر قېتىم رەسىمخانىغا ياكى ئىشخانىغا كىرگەندە ئۇنىڭ كۆڭلىنى
ياساشقا تىرىشىپ، - سىز گۇناھسىز، ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ، سىز ئۆز سالاپە-
تىڭىزغا لايىق ھالدا بېشىڭىزنى تىك تۇتۇپ، مەيدىڭىزنى كېرىپ مەغرۇر يۈرۈۋېرىڭ،
بىلەمسىز، يۈرىكىڭىز قاتتىق ئازابلاندى، جاراھەتلەندى، خورلاندىڭىز، ئادەم نى - نى ئا-
زاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىپمۇ يەنە ياشايدىغۇ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلىگەن ئادەملەرلا
ھەقىقىي ھايات ئىگىسى بولالايدۇ، سىز بۇندىن كېيىن ھايات قەدىمىڭىزنى قانداق بېسىش-
نى ئويلىسىڭىزلا بولىدۇ».

ھەربىر ئۇچراشقاندا، مۇڭداشقاندا، سىرداشقاندا رەنا نىجاتتىن ناھايىتى زور تەسەل-
لى تاپاتتى، مەدەت ئالاتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ نىجاتنى دائىم مەنىۋى تايانچىم دەپ قارايت-
تى، نىجاتنىڭ ئۇنىڭغا دېگەن تەسەللى سۆزلىرىنى، بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى يىغىپ توپلىسا

بىر كىتاب بولۇشى مۇمكىن ئىدى، شۇنداق قىلىپ رەنا نىجاتقا تېخىمۇ چىڭ باغلىنىپ قالدى. نىجاتنىڭ رۇقىيەم بىلەن ئاجرىشىشى رەنا ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئىدى، ئۇ نىجاتنى ئۆزىگە مەنسۇپ دەپ قاراپ شادلىققا چۆمەتتى.

— ھامىنى بىللە كەلدىڭىز، — دېدى رەنا دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە نىجاتنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ، — ئەمدى ھۇجرامغىچە ئەكىرىپ قويۇڭ.

— رەنا، بۇ ... — نىجات ئىككىلىنىپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى، يۈرىكى قورقۇنچ ئىچىدە دۇپۇلدەپ سېلىپ كەتتى، — سەت تۇرىدۇ، ئۆزىڭىز كىرىپ كېتىۋېرىڭ، بۇ كېچىدە ... ئۆيدىكىلەر ...

— ئېي ... ي، ئۆيدىكىلەر سىزنى يېمەيدۇ، — رەنا ئەركىلەپ تۇرۇپ نىجاتقا مەھكەم يېپىشتى، — بۇ چاغدا قايتىپ بېرىپ قانچىلىك بىرنېمە سىزارسىز، يۈرۈڭا، چاي دەملەپ بېرىمەن، ئاندىن كەتسىڭىزمۇ...

سائەت بىردىن ئۆتكەنىدى، رەنا تۆمۈر دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قولىنى تىقىپ قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالدى، ئاندىن دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى پەم بىلەن ئىتتەردى. نىجات كىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە شۇ تەرىقىدە يېپىپ قۇلۇپلىدى. دالاننىڭ ئىشىكى چالا يېپىقلىق ئىدى، رەنا نىجاتنى قولتۇقلاپ پەلەمپەيدىن ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى. كارىدور قاراڭغۇ ئىدى، پۈتۈن بىنا سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆككەنىدى، رەنانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەن ھامان نىجاتنىڭ بۇرنىغا قىممەتباھالىق چەت ئەل ئەتىرىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلدى، چىراغ ياندۇرۇلدى، ھۇجرا ئاپئاق نۇر بىلەن تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىردى، نىجات دىۋاندا ئولتۇردى، رەنا چايتۇرۇپكا ئاستىدىن ئىككى بوتۇلكا شامپان ھارىقىنى ۋە يەنە بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» ئالدى، ئىككى ئىستاكاننىڭ بىرسىگە شامپان، بىرسىگە ئاق ھاراق قۇيدى.

— چاي دەملەيمەن دەپ پەسكە چۈشۈپ يۈرسەم شەپە چىقىپ قالىدۇ، مۇشۇمۇ ئۇسسۇزلۇق، خوش نىجاتىم ...

— خوش!

ئۇلار كەينى-كەينىدىن ئىچتى. بىر بوتۇلكا شامپان تۈگىدى، نىجات 200 گىرام ئاق ھاراق ئىچتى. ئاچچىق سۇيۇقلۇقنىڭ تەسىر كۈچى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ نىجاتنىڭ مېڭىسىگە چىقتى، كۆز ئالدى خىرەلىشىپ ھۇجرىدىكى ئالىي، ھەشەمەتلىك جاھازلار، ئېگىز پۈتلۈق جازىدىكى «قىز ۋە گۈزەللىك» ناملىق ماي بوياق رەسىم ... لىڭشىپ، تەۋرىنىپ ئايلىنىپ گويا نىجاتنى مەنستەمەي مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. رەنا بولسا ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بەختىيارلىق ھېسسى يۈزلىرىگە تېپىپ گۈلدەك قىزىل ھۆسنىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ ۋېناستىنىمۇ گۈزەل، ئۇلۇغۋار كۆرۈنەتتى.

نىجات چەت ئەلنىڭ بولۇپمۇ ئەنگلىيە، فرانسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ پوۋېست، رومانلىرىنى ئوقۇغان، كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرگەن، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ داچىلىرى ..

قاھسى بىر كېچىنەزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن ئارزۇلۇق قىزى، ئېرى ئۆلۈپ ياشلا تۇل
قالغان بولسىمۇ مۇھەببەتتى يەنىلا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان گىراق خانىم، مىليونېر
ئېرىنىڭ ھېسابسىز مال- دۇنياسىنى بۇزۇپ چېچىۋاتقان شەھۋەتپەرەس
ماركىز خانىم، ئاشنىسى بىلەن بىر پەيتۇندا ئولتۇرۇپ ئوپېراغا كېتىۋاتقان ۋېكۇنت ئايال،
ئېرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ ئاجرىشىپ كەتكەن، يېڭى تونۇشقان يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل
بولۇش ئۈچۈن ئۇنى ھۇجرىسىغا سولىۋېلىپ ئۆزىنىڭ جەلىكار قامىتى بىلەن ئايدەك گۈزەل
رۇخسارىنى كوز- كوز قىلىپ ئەركىلەۋاتقان، نازلىنىۋاتقان بارۇن خانىم... ئۇلارنىڭ ئەيش-
ئىشرەتلىك تۇرمۇشى، تۈگىمەس مال- دۇنياسى، ئالتۇن- كۈمۈشلىرى...
ئالتۇن! ئالتۇن قازان! ... ئىچىدە لىق تىللا! ...
نىجات خۇددى ئېغىر ئۇيقۇدا يامان چۈش كۆرۈپ ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتكەن
ئادەمدەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— رەنا، ناھىيىمىزدە بىر ئالتۇن قازان يوقالغان، ئىچىدە لىق تىللا، ئالتۇن بار-
كەنمىش، سىز ئاڭلىغانمۇ؟
پېشانىسىدىكى بۇدۇرە چاچلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغان رەنا ئالدىرىماي ئورنىدىن
تۇردى، كېلىپ نىجاتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەت-
كەن بولۇپ، قاپقارا قارىچۇقلىرىدا مۇھەببەت ۋىسالىغا بولغان چەكسىز ئىنتىزارلىق تۇيغۇ-
سى ئەكس ئېتەتتى.
— ئاستىراق سۆزلەڭ، نېمە ئۇ ئالتۇن- پالتۇن، قازان- پازان دېگەن؟ جۆيلىۋا-
تامسىز يا؟ ھاراق تەسىر قىپتۇ- دە، ئادەم مەست بولغاندا خىيالىغا كەلگەننى دەيدۇ،
دېگەن گەپ راستكەن- دە.
نىجات مەست بولمىغانىدى، ئەكسىچە ھاراق ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكىنى كۈچەيتىپ ناھا-
يىتى ھوشيار قىلىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ قەلب ئەينىكىدە رەنامۇ، ھۇجرىمۇ، پۈتۈن بىنامۇ
ئالتۇن قازانغا ئوخشاپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.
— سىزگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن جىك گەپنى قىلىمەن، — رەنا نىجاتنى جايىغا ئول-
تۇرغۇزدى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى، — بىزدە ئالتۇن دېگەن نەرسە
بار، ئانامنىڭ بوۋىسى ئەنجانلىق سودىگەركەنمىش، ئانامنىڭ دادىسىمۇ قەشقەردە ئەتتار-
لىق دۇكىنى ئاچقانىكەن، 1956 - يىلى خوتۇن- باللىرىنى تاشلاپ ئەنجانغا كېتىپتىكەن،
بىلىسىڭىز مەن يېرىم ئۇيغۇر، يېرىم ئۆزبېك، ئاشۇ بوۋىلىرىمدىن قالغان مىراس، ئۆي-
جاي، دۇكان، ئېرىغ ماللارنىڭ ئانامغا تەئەللۇق قىسمى بىلەن مۇشۇنچىلىك تۇرمۇش كۆچۈر-
مىسەك ھاكىم دادام بىزنى باقالامتى؟ — ھا... ھا... ھا... رەنا كۈلۈۋېتىپ بېشىنى نىجاتنىڭ
دولىسىغا قويۇۋالدى، — سىزگە ئالتۇن لازىم بولسا دەڭ جۇمۇ.
— ياق، رەنا ماڭا ئاشۇ ئاقباشخاندىن تېپىلغان ئالتۇن قازان لازىم. ئۇ ئاسار-
ئەتىقە ئىدى، سىز...
— ئېي... ي، — رەنا نازلاندى، — مەست بولۇپ قالغىنىنى...؟
رەنا ئەركىلەپ تۇرۇپ نىجاتنىڭ ئېڭىكىنى، بۇرنىنى چىمدىشقا باشلىدى، نىجات
خاراموش قىياپەتتە ئولتۇراتتى، كۆڭلى ئوچۇق، مېڭىسى سەگەك بولسىمۇ ئۆزىنى قاتتىق
مەست بولۇپ بىئارام قالغاندەك كۆرسىتەتتى، لېكىن شۇنداقتىمۇ ھاراقنىڭ كۈچى

بارغانسېرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېزىپ، سېزىمىنى گاللاشتۇرۇۋاتاتتى. رەنا بوش ئاۋازدا پىچىرلاشقا باشلىدى:

— نىجات، ئاقىۋاشىغان سېپىلىنى كولاپ، قېزىپ ساپال قاچا، ساپال كوزا. كۆپ دېگەندەك ئەرسىلەرنى تاپقان يەردە، ئالتۇن قاچا، ئالتۇن كوزا. ئالتۇن قازان دېگەننىمۇ تاپقانسىز، يوقاتسىڭىزمۇ ئۆزىڭىز يوقاتقانسىز، يوقاپ كەتتى دەپ قويۇپ ئۆزىڭىز سېتىپ خەجلىدىڭىزمۇ تېخى؟ ها ... ها ... ها ... كىم بىلىدۇ ئۇ ئىشلارنى. نىجات چاقچاق قىلدىم.

نىجاتنىڭ مېڭىسى ۋاقىتدە يېرىلىپ كەتكەندەك ھالغا كەلگەندى، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى، رەنا ھامان ئەركىلەپ، نازلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— قارا، ئىككىمىز توي قىلساق قازىنىمىزمۇ، چۆمۈچىمىزمۇ ئالتۇندىن بولىدۇ، يەنى ... ئېي ... ي ... مۇھەببەت دېگەن ... جېنىم نىجات مېنى گەپكە سالماڭ، سۆيۈڭا، ئاھ... سىز-زە ... !

نىجات رەنانى بوش ئىتتەردى، ئۇنىڭ بېشى پىچاق تىققاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى، نېرۋىلىرىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلىشىۋاتاتتى، خىيالى بىلەن ئەقلى چىگىشلىشىپ-ئارىلىشىپ كەتتى.

— ئا ... ئارام ئېلىڭ، رەنا ... مەن ... — نىجات ئورنىدىن تۇردى.

— قېنى مەرھەمەت! — تېرىككەنلىكتىن رەنانىڭ ئاۋازى زەردىلىك ھەم چىڭ چىقتى، — كەتكىنىڭىزنى بىر كۆرەي.

— ئۆزىڭىزنى ئاياڭ رەنا، — نىجات ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ! — رەنا سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ نىجاتنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى ۋە ئۇنى كارىۋات تەرەپكە تارتتى، — ئۆيدىكىلەردىن ئېھتىيات قىلغانسېرى چىڭ ئاۋازدا سۆز سۆزلەيسىز، ئولتۇرۇڭ.

نىجات كارىۋاتنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇۋىدى، شۇئان رەنا ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ھەرقانداق ئەر بۈگۈنكىدەك پەيتتە سىزدەك بېزىرىپ، قورقۇپ، تۇگۇلۇپ تۇرمايدۇ، يىگىت دېگەندىچۇ، يولۋاستەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك، — رەنا سۆزلەۋېتىپ نىجاتنى سۆيدى، نىجات ئەمدى رەسمىي مەست بولغانىدى، — يىگىتتە جۈرئەت بولىسلا ھەرقانداق چىشى مەخلۇق باش ئەگمەي قالمايدۇ، سىزمۇ يىگىتقۇ، يولۋاستەك بولۇڭ!

ئېگىزنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، جەينىكىنى شىرەگە تىرەپ ئولتۇرغان نىجات كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خىيال سۈرەتتى. ھەر كۈنى مۇشۇ ھال، مۇشۇ ئادەت ... ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمايتتى، قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيتتى، ئىشتىھاسىمۇ تۇتۇلۇپ كۆڭلى ھېچنېمە تارتمايتتى، پىلانىدىكى ماتېرىياللارنى ئاللىقاچان يېزىپ بولغان، يېقىندىن يېزىشقا تېگىشلىك خاتىرىلەر-ماقالىلەر ئۈچۈن تويلانغان ئاسار ئەتىقىلەر، ئۆگىنىدىغان كىتابلار ... ئۆز جايىدا توپا بېسىپ تۇراتتى. بۇرۇختۇملۇق، بىئاراملىق، يېگانىلىق، ئۇنى ھەممە نەرسىدىن بەزدۈرۈۋاتاتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

# گۈلىستانىدىن گۈلدەستە

نۇرمەھەممەت سايىم

## ھېلىمۇ ئېسىمدە

(نەسر)

سەبىي قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئاشۇ ئىش زادى ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. يەتتە-سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى دادام بامدات نامىزىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن نېمىشقىدۇر خۇش خۇي كۆرۈنەتتى. ئۇ تولا ياماق چۈشۈپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن كەشنى بىر بۇلۇڭغا قويدى-دە، سۇپىغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇردى، ئاپام ئۇنىڭغا قاتتىق-قۇرۇق نان دۈملەپ قويۇلغان ھېجىرنى سۇندى. دادام چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ بىر كېكەردى-دە، «خۇدا، بەرگەن كۈنۈڭگە شۈكرى» دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئۆينىڭ تورۇسىغا قاراپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— خوتۇن، ئەكيەرنىڭ پېشانىسى ئوچۇق، بۇ بالىنى ئوقۇتايلى، ئوقۇمىغانىنىڭ دىلى قاراڭغۇ، بالا ئوبدان ئوقۇسا، بىزگە يان تاياق بولىدۇ، ئائىلىمىزنىڭ بايلىقى مۇشۇ بالا ئەمەسمۇ.

تەھرىردىن: ئۆتكەن يىل و-ئايدا تەھرىر بۆلۈمىمىز بورتالا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىشىپ، بورتالا شەھىرىدە يېزىقچىلىق كۇرسى ئاچقان ئىدى. بىز تۆۋەندە شۇ كۇرسقا قاتناشقان بىر قىسىم كۇرسانتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇق. گەرچە بۇ ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسى بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، بىز ئۇنىڭدىن بورتالا ئوبلاستىدا بىر ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىزنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشتىن مەقسىتىمىز بورتالا ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى قوللاش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

دادامنىڭ بۇ سۆزلىرى كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ، ئىلىم-مەرىپەتكە بولغان ئىشتىياقىمنى ئاشۇردى. مېنىڭ خۇشاللىقىم گۇدەك قەلبىمگە سىغمايتتى. قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە جاڭگالدىن ئوتۇن يۈدۈپ كەلگەن بىچارە دادامنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋېلىپ، «دادا-مەكتەپكە قاچان بارىمەن؟» دەپ قايتا-قايتا سورايتتىم.

ئاخىرى دادام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى ۋە ئىنسابەنغا دۇئا قىلدى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىد بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىم، سەبىي قەلبىمگە بىلىم ئۇرۇقى چېچىلىپ، دىلىم يورۇشقا باشلىغاندا، مېھرىبان ئانام ئالەمدىن ئۆتتى. ئادەمنىڭ دېمى سىقىلىدىغان كونا ئىككى ئېغىز ئۆيدە دادام بىلەن ئىككىمىز ھايات كۆچۈرۈشكە باشلىدۇق. تۇرمۇشىمىز غۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتى، ئۇچىمىزغا تاپساق، قورساققا يوق ئىدى. دادام بىچارە قىش كۈنلىرى بوۋامدىن مىراس قالغان بىر كونا مىلتىقى بىلەن ئۆردەك، توشقان ئېتىپ كېلەتتى، ياز كۈنلىرى دادامنىڭ كۈنى ئۈچ مو يەردىكى زىرائەت بىلەنلا ئۆتەتتى. ھەممىلا يەرنى ئازاب-كۈلپەت قاپلىغان ئۇ كۈنلەردە كەمبەغەللەرگە كۈن كۆچۈرۈش تولىمۇ تەس ئىدى. بىچارە دادام بارغانسېرى مىسكىن، كەمسۆز بولۇپ كەتتى، ئۇ ھەر كۈنى ئېتىزدىن يانغاندا:

ئانا يۇرتۇم ئۆزى يايلاق، يايلىسامۇ يايلايتتىم،
ئەجەبمۇ يايلىيالمادىم. دەردكە پايلىيالمادىم...

دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ قورسىقىنى بوشىتاتتى ... ئېغىر تۇرمۇش، يوقسىزلىق دادامنىمۇ بىمەھەل ھالىدىن كەتكۈزدى. مەن چىشىمنى چىشلەپ ئوقۇۋاتقان سېرىقتال مەزگىلدە دادام تۇيۇقسىز ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. خۇددى يۇمران مايسىدەك ئۆسۈۋاتقان ئۆسمۈرلۈك ھاياتىم پاناھسىز قالدى. يۈرىكىمنى قايغۇ-ھەسرەت قاپلىدى، يىغلىدىم، قاقشىدىم، نالە قىلدىم، ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ، بوران-چاپقۇنلار ئىچىدە چوڭ بولدۇم، مۇساپىرلىق، يېتىملىك سەبىي قەلبىمگە باتۇرلۇق ئۇرۇقىنى چاچتى، رەھمەتلىك دادامنىڭ روھىنى بولسىمۇ خۇش قىلاي دەپ، دارىلتامدا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئوقۇپ ئاخىرى ئوقۇتقۇچى بولدۇم.

قارا بۇلۇتلار تارقاپ، تاڭ قۇياشى پارلىدى، يوقسۇللارنىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈپ، بەختى كۈلدى. يېڭى دەۋر ماڭا بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىلدى، ئىستىقبالىمنى يورۇتتى. بۇ ئەركىن، بەختىيار كۈنلەردە، ئۆتمۈشنىڭ كارتىنىسى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. مەن ئۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئېسىمدىن چىقىراي؟! «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش - خائىنلىق». ئۆتمۈشنى ھەر ئەسلىسەم بۇ يېڭى زامانغا مۇھەببىتىم شۇنچە ئاشىدۇ، ئۆزۈمنى بەقۇۋۋەت سېزىمەن، ئالغا قاراپ دولدۇلدەك چاپقۇم، گۈزەل كەلگۈسىنى بۇلبۇلدەك كۈيلىگۈم كېلىدۇ...

ئابدۇغېنى خۇدابەردى

# «بىز سۇدا ئېرىپ كېتمىدىغان شېكەر ئەمەس»

(ئەسلىمە)

ئەخمەتجان قاسىمى 1947 - يىلى ئارشاڭدا تۇرغانىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا يېزا - قىشلاقلارغا بەزىدە پىيادە، بەزىدە ئاتلىق بېرىپ دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ تۇراتتى، خىزمەتلەرنى تەكشۈرەيتتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدىن قىلغان ئىنكاسلىرىغا قۇلاق سالاتتى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئىمكان قەدەر تېز ھەل قىلىپ بېرەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى 7 - ئاينىڭ بىر كۈنى، ئارشاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى بۆكە ئامبالغا بورا يايلىقىغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارىدىغانلىقىنى ۋە ئامبالنىڭ ئەتە ئۆزى بىلەن بىللە يولغا چىقىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئەتىسى ئورنىدىن سەھەر تۇردى، ئۇ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي توقايلىقتىكى چېدىرىدىن ھاكىم ئىدارىسىگە پىيادە مېڭىپ كەلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقان بولسىمۇ، ئامبال تېخى ئىدارىگە كەلمىگەنىدى، ئەخمەتجان قاسىمى خېلى ساقلىغان بولسىمۇ ئامبال يەنىلا كەلمىدى. ئۇ ئاخىرى ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسىنى ئامبالنى چاقىرىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزى قوتاندىكى ئاتنى ئەپچىقىپ ئىگەرلىگىلى تۇردى.

ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر كىشىدەك تۆت قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە تەرلەپ - تەپچىپ ئولتۇرغان ئامبال خىزمەتچىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، سەل - پەل ئۆڭگەندەك بولدى - دە، ئورنىدىن ئاران قوزغىلىپ، تالاغا ماڭدى. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇچتى. پېشانىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن، جاپادىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بۇ ئامبالنىڭ بېشىغا شۇ تاپتا ئېغىر غەم چۈشكەنىدى. ئامبال ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىدىن تەپ تارتاتتى، ئۇ «مۇشۇ يامغۇردا يولغا چىقمىغىدۇق، تېخى» دەپ ئەنسىرىگەن ھالدا خىزمەتچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىگەرلەنگەن ئاتقا مىندى. ئامبال ھاكىم ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئەخمەتجان قاسىمى ئىگەرلەنگەن ئاتنى تۇتۇپ، يولغا چىقىشقا ھازىرلىنىپ تۇراتتى. ئۆزىنى خېلىلا سۆزمەن ھېسابلايدىغان ئامبال ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان رەھبەرنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، گەپنى چاقچاققا بۇراپ:

— رەئىس ئەپەندى، كەچۈرۈڭ، سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، «سەھەرنىڭ سەھىرى — پېشىن» دېگەندەك، ئارشاڭنىڭ ئەتىگىنى مۇشۇ دەڭا، — دېدى يالغان كۈلۈپ تۇرۇپ.

رەئىس ئامبالغا دەرھاللا جاۋاب قايتۇرۇپ:

— ئامبال ئەپەندى، كۈن چىقمىسىلا تاڭ ئاتمىغان بولمايدۇ، ھازىر چوپانلارنىڭ قويلىرى يايلاقتا بىر تويۇپ بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارغا تاڭ ئاتقىلى نەۋاق؛ بىكار تەلەپ كىشىلەرگە ئەمدى تاڭ ئېتىۋاتىدۇ. سىزنى ئۇلارغا ئوخشاتقىلى بولامدۇ؟! پۈتكۈل بىر ناھىيىدىكى نەچچە مىڭلىغان كىشىنىڭ ھايات - ماماتى سىزگە باغلىق، زىممىڭىزدىكى مەسئۇلىيەت ئېغىر، بىلىسىڭىز ئارشاڭنىڭ بۇ ئېگىز تاغلىرى سىزنىڭ يەلكىڭىزدە. سىز بۇنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك، ۋاقىت بىزگە ئالتۇندىن قىممەت، يۈرۈڭ، قالغان گەپنى يول

ئۇستىدە قىلىشايلى، — دېدى - دە، سەكرەپلا ئاتقا مىنىپ يولغا چۈشتى. ئامبال رەئىسكە يېلىنىپ:

— رەئىس ئەپەندى، يامغۇر يېغىۋاتىدىغۇ، يامغۇر توختىغاندا ياكى باشقا بىر كۈنى بارساقمۇ بولىدىغۇ؟ — دېدى. ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال ئارقىغا بۇرۇلدى - دە، ئەپتى بەشىرىسىدىن بوشاڭلىق يېغىپ تۇرغان ئامبالغا قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا:

— ئامبال ئەپەندى، يامغۇر ياغسا نېمە بوپتۇ؟ يامغۇردا خىزمەت ئىشلىگىلى بولمامدىكەن؟ دېھقانلار، چوپانلار قار - مۇزغا قارىماي ئىشلەۋېرىدىغۇ؟ بىز خەلقنىڭ چاكىرى، بىزمۇ ئىشلىشىمىز، بەلكى ئۇلاردىن ئارتۇقراق ئىشلىشىمىز كېرەك. يامغۇردىن قورقۇپ قارارىمىزدىن يانساق، ئۇ ھالدا قانداق ئادەم بولۇپ قالىمىز؟ بىز يامغۇردا ئېرىپ كېتىدىغان شېكەر ئەمەسمىز - دە. خىزمەتنى ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ھازىر يېزا - قىشلاقلاردا شۇنچە نۇرغۇن ئىشلار بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، بۇنى كېچىكتۈرۈپ قاچان ئىشلەيمىز؟ بىز دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالامدۇق - يوق؟ — دېدى - دە، سۆزنى ئۈزۈپ ئاتنىڭ بېشىنى يايلاققا بۇراپ، يۈرۈپ كەتتى. ئامبالمۇ نائىلاج يولغا راۋان بولدى.

ئابدۇۋەلى ھۇسەيىن

## ئۇقۇشمىسلىق

(ھېكايە)

تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدىن قېچىپ قاراڭغۇلانغان ئۆيدە سالقىنداپ ياتقان ئايشەمبۈۋى ھېلى ھويلىغا كىرگەن بالىنىڭ كىمنىڭ ئۆيىدىكى چىللاققا ئېيتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئوچۇق ئاڭلىيالمىدى - دە، چايخانىدا ئوينىۋاتقان كىچىك قىزىدىن سورىدى:

— ھازىر كىرگەن بالا داۋۇت بۇجاڭنىڭ ئۆيىدىكى چىللاققا دېدىمۇ ياكى داۋۇت...

— ئاڭلىيالمىدىم.

قىزىنىڭ جاۋابى ئۇنى دىلىغۇل قىلىپ قويدى. ئۇلار تۇرۇشلۇق مەھەللىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە داۋۇت ئىسىملىك ئىككى كىشى بولۇپ، بىرسى شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى داۋۇت، يەنە بىرسى شەھەرلىك ياغاچچىلىق كارخانىسىدىكى ياغاچچى داۋۇت ئىدى.

ئايشەمبۈۋى بۇ ئىككى داۋۇتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقمىغان، پەقەت ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ھەمداستىخان بولغانىدى. ئايشەمبۈۋى ئادەتتە ئۆزى بىلمەيدىغان ئۆيدىكى چىللاققا بارمايتتى، بىراق بۇ يىل ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرىدىغان ئوغلى قۇددۇسقا شەھەر ئىچىدىن ئوبدانىراق خىزمەت ئورنى تېپىش ئۈچۈن، داۋۇت بۇجاڭنىڭ ئۆيىگە ئازراق «ئادىمىگەرچىلىك» قىلىپ قويمىسا بولمايتتى. ئايشەمبۈۋى بۇنى خېلى بۇرۇنلا ئويلاشقا باشلىغان، ئەمما، سەۋەبسىز بىر نەرسە قىلاي دېسە تېخى، قىلماي دېسە تېخى، شۇڭا ئارىسالدا بولۇپ يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتقانىدى. قايسى كۈنى كىشىلەر داۋۇت بۇجاڭنىڭ بۇ يىل تالاغا چىقىرىدىغان قىزى بار ئىكەن دېيىشىۋاتاتتى، بۇگۈنكىسى بەلكىم ئاشۇ

قىزنىڭ چىللىقى بولسا كېرەك.

ئايشەمبۇۋى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، داۋۇت بۇجاڭنىڭ كېلىنى غاچچىدىلا مايىلىۋېتىدۇ - دە، ئوغلىنىڭ ئىشى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ قويىدۇ. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى ئېتىكلىشىپ، دەرھال چوڭ ساندۇقنى ئېچىپ سوۋېتتىكى تاغىسى ئەۋەتكەن بىر كىيىملىك ئېسىل ئەتلەسنى ئالدى. ئاندىن ياسىنىپ بولۇپ بىر پىيالە چاي ئىچەي دەپ تۇرۇۋىدى، ئاڭغىچە قوشنا ئاياللار توۋلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىمنىڭ ئۆيىدىكى چىللاق ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئاياللارنىڭ توپىغا قېتىلىپ كەتتى.

ئايشەم بۇۋى شېرىن خىياللار بىلەن كۆزلىگەن مەنزىلگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇقمايلا قالدى.

— كېلىشسىلە مېھمانلار، كېلىشسىلە.

يوغان كۆك دەرۋازىدىن داۋۇت بۇجاڭنىڭ سۆلەتلىك ئايالى سائادەتخان ئەمەس، بەلكى داۋۇت ياغاچچىنىڭ پاكار ئايالى ئايىمنىساخان چىقىپ كېلىۋاتاتتى، بۇنى كۆرۈپ ئايشەم بۇۋىنىڭ چىرايى بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ كەتتى...

تونختاش نىيازى

## قىيا تاش ۋە تاغ

### قىيا تاش

سوزۇلغان شۇنچە ئۇزۇن تاغلار ئارا
كۆك سۈيۈپ تۇرار مەزمۇت بىر قىياتاش.
ئەپتىدىن جىلۋىلىنەر قەيسەر، مەردلىك،
ئۇ گويا ئۇلۇغ سەردار، تاغلارغا باش.

ئوخشايدۇ بىر سىياقى پەھلىۋانغا،
تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ ئېلىپ ئارام.
ئەزەلدىن ئۇنىڭ قەددى پۈكۈلمىگەن،
پۈكۈلمەس چىقسا يەنە قانچە بوران.

### تاغ

تاغ
گويا شەمشەر،
بېسىلىرىدىنى
كۈچلۈك بوران
بىلەپ تۇرىدۇ.
تاغ
گويا تۈۋرۈك،
ئۇ ئاسماننى
يەلكىسىدە تىرەپ تۇرىدۇ.

ئەمەتجان مەخسۇم

## تامچىلار

### دەيدىغىنىم شۇ...

لەھەت ئىچرە
مۇنكىر - نۆكىرلەر
بوغۇپ گېلىمدىن،
«رەببىڭ كىم؟» دەپ
سورىسا ئەگەر:
تېگىر قىماستىن
دەيدىغىنىم شۇ:
ياراتقۇچىم مېنىڭ ئانا يەر.

### غايە

ئوكيۇمدا
خانتەڭرىگە
مانان ئىچرە قارايمەن.
چوشلىرىمدە
باغاشلايمەن،
يۇدۇپ يۈرۈپ
ھارمايمەن.

### كۆمۈر ۋە ئوتۇن

كۆمۈر ۋە ئوتۇن
ياندى ئوت بولۇپ،
ئوچاقتىمۇ،
خومداندىمۇ،
ھارارىتىن بېغىشلاپ ئەلگە.
ئايلاندى جىسمى
سۇر رەڭ تۇتۇنگە.
مىننەت قىلمىدى،
ساڭا يا ماڭا،
لەززەت بېغىشلاپ كەتتى ھەممىگە.

غەيرەت ئابدۇراخمان

## ئىككى شېئىر

### بەخت تىلەش

بۇ ئالەم كەڭ دېڭىز، ئىنسان بىر كېمە، بىلمەيسەن ئالدىڭغا يولۇقار نېمە؟!
ھاياتلىق ئىنسانغا سىرلىق مۇ ئەمما. ئۈمىدنىڭ چولپىنى ئۆچمىسۇن ئەمما.

### كۆكرەكلەردە بىر جۈپ يۈرەك سوقار بىتىنىم

تۇنجى ۋىسال شارابىنى ئىچكەندە قېنىپ،
كۆكرەكلەردە بىر جۈپ يۈرەك سوقار بىتىنىم.
قارىغاندا كۆزلىرىڭگە يېنىپ ۋە يېنىپ،
قارىۋالدىڭ ئايىغىڭغا ئۇيىلىپ جېنىم،
كۆكرەكلەردە بىر جۈپ يۈرەك سوقار بىتىنىم.

نادان، بەڭباش بالىلىقا بېرىپ خاتىمە،
يۈرىكىمنىڭ قەسرىگە كىردىڭ سەن بۆسۈپ.
بىلدىم شۇ چاغ ئازاب نېمە، مۇھەببەت نېمە،
ئىزتىراپنىڭ قۇچىقىدا ۋىسالىڭ كۈتۈپ،
يۈرىكىمنىڭ قەسرىگە كىردىڭ سەن بۆسۈپ.

ئۆتتى يىللار ھەمراھ بولۇپ ھىجران ۋە پىراق،
تۈنلەر بويى ھەسرەت چېكىپ، ئۇيقۇدىن بىدار.
ئۈمىدىمنى ئۈزەلمىدىم سېنىڭدىن بىراق،
يوللىرىڭغا تىكىلدىم مەن سېغىنىپ نىگار،
تۈنلەر ئۆتتى ھەسرەت چېكىپ، ئۇيقۇدىن بىدار.

كېچىلىرى سېغىنىپ مەن بولغاندا مەيۈس،
ۋىسالىڭنى خىيال قىلىپ بولدۇم زەبەردەس.

ئۇغرىلاندى يۈرىكىم دەپ قىلمىدىم ئەپسۇس،
بولغاندىمۇ پاك ئەقىدەم بىقەدىر ئوت - خەس،
ۋىسالىڭنى خىيال قىلىپ بولدۇم زەبەردەس.

ئىزدەدىمەن ۋىسالىڭنى كۆكلەرگە بېقىپ،
چىقتىڭ ئاخىر يۇلتۇزلاردەك قىلىپ تەبەسسۇم.
مەنمۇ ئاچتىم قۇچىقىمنى (يېشىمنى ئېرتىپ)
ۋىسال ئىچرە قۇۋاندۇق بىز سەبىي ۋە مەسۇم.
كەلدىڭ ئاخىر يۇلتۇزلاردەك قىلىپ تەبەسسۇم.

ۋۇجۇدىمىز، ئەقىدىمىز كەتتى چىرمىشىپ،
بولغاچقا بۇ سۆيگۈمىز پاك، چەكسىز بىباھا.
كۆزلىرىڭگە تىكىلىمەن يېنىپ ھەم يېنىپ،
قاناتلانغان ئوتلۇق ھېسلار كېزىدۇ ساما،
بولغاچقا بۇ سۆيگۈمىز پاك، چەكسىز بىباھا.

تۇرغۇن مىجىت

## ياپراقلار بەرگىدە ئۇخلىغان شەبنەم

يىراقتىن ئويناقلاپ كەلدى شوخ شامال،
باشلىدى ئورماندا چېلىشنى رويال.
ياپراقلار بەرگىدە مۈگدىگەن شەبنەم،
قورقۇنچ ئىلكىدە تىترىدى غال - غال.
شامالлар قىيغىتىپ ئۆتكەندە سوقۇپ،
تىترىدى ياپراقلار بۇزۇلۇپ ۋىسال.

شەبنەممۇ سىيرىلىپ چۈشتى تۇپراققا،
بولمىغاچ ياپراقتا ئۇخلاشقا ئامال.
يوقالدى ئورماندا مىنۇتلۇق سۆيگۈ،
ئورمانلار بولۇشتى سۇرگەندەك خىيال.
بىلىدىمكى يىلتىزسىز تۇرغان ھەر نەرسە؛
ھاياتلىق جېڭىدە تاپماسكەن كامال.

بۇرغالى ئازاد

## ئۆلدى دېمە سۆيگۈمنى ھەرگىز

ئۆلدى دېمە سۆيگۈمنى سەن يار،
مەن ئالدىڭدىن خىيالەن ئۆتسەم.
ئاغرىنىپتۇ مەندىن دېمىگىن،
گاھ كۆرۈنۈپ، گاھىدا يوقسەم.
تال چۈشىقنى مىنىپ ئات ئېتىپ،
يۈگۈرەيتتۇق بىز ئويمان - دۆڭلەردە.

تەشتەك ياساپ لاي بىلەن تىنماي،
تولدۇراتتۇق رەڭدار گۈللەردە.
بىز ئوينىغان شۇ سەبىي چاغلار،
مانا ئەمدى كەلمەسكە كەتتى؛
چۈشلىرىمدە ئايان بولۇپ ئۇ،
گۈلزارلىقتىن سېنى ئىزلەتتى.

بىراق، هازىر قالساق ئۇچرىشىپ،
قوغلاشمايمىز نېچۈن، نە سەۋەب؟!
كۆزلىرىڭگە قارىدىم ئۇزاق،
سىرلىق بولۇپ تۇيۇلدۇڭ ئەجەب.

ئۇنتالمايمەن سېنى مەن جانان،
قەلبىمىز رىشتى باغلانغان ساڭا.
ئۆلدى دېمە سۆيگۈمنى هەرگىز،
يىللار قەددىمنى پۈكسىمۇ يانا.

ئابدۇۋەلى ئىساق

## ئارام ئال، دادا

سەھەر تۇرۇپ ئورنىڭدىن، دادا،
كەتمەن ئېلىپ كېتىسەن ئىشقا.
مەنمۇ ياردەم بېرەيچۇ دېسەم،
ئۇنىمايسەن، ئېيتقىن، نېمىشقا؟

ئويلامسەن يا بويۇمنى كۆرۈپ،
بىرەر ئىشقا يارىمايدۇ دەپ.
ئەجدادىمىز ئېيتقان ئەمەسمۇ،
بويدا ئەمەس، جاسارەتتە گەپ.

بولدى ئەمدى كەتمىنىڭنى قوي،
ئۆيدە يېتىپ ئارام ئالغىن سەن.
يېتەر بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭمۇ،
قالغان ئىشنى قىلاي ئەمدى مەن.

غەيرەت كەنجىبەك

## سەن ئېيتقان پەسىل كەلدى، ئەي نىگار

مەجنۇنتال بىخ ئۇرغان چاغدا، ئىككىمىز،
تونۇشقان شۇ تالنىڭ تۈۋىدە پىنهان.
سۆيگۈنىڭ دەشتىدە ئىدۇق لېكىن بىز،
چىن ۋىسال پەيتىگە بولمىغاچ ئىمكان.

بىز هامان ۋاقىتقا باغلىدۇق ئىشەنچ،
شۇ ۋاقىت قويىنغا سىڭدى ئەقىدە.
ۋاقىتلار سۆيگۈدىن بەردى تەلىمات،
ياراتتۇق يالقۇنلۇق تالاي قەسىدە.

«چۈمۈمىز سۆيگۈنىڭ بەھرىگە قاچان؟»
دېسەم مەن ئالەمچە بەخت ئىلكىدە.
«ئالتۇندەك كۈز پەسلى» دېدىڭ ناز بىلەن،
مەجنۇنتال تۈۋىدە — ئايدىڭ كېچىدە.

سەن ئېيتقان شۇ پەسىل كەلدى، ئەي نىگار،
ئالتۇندەك قىممەتكە تولۇپ شۇ قەدەر.
بۇ ۋىسال پەيتىمىز (يوق ئاڭا ئىنكار)
سۆيگۈنىڭ قەنتىنى چاقايلى، دىلبەر!

ئابدۇغېنى ئوسمان

## سەھرالىقمەن

تېرىكمەيمەن سەھرالىق دېسەڭ،
سەھرالىقمەن، سەھرايىم گۈزەل.
بار گۈزەللىك ئۇندا مۇجەسسەم،
ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆرۈپ كەل.

مەن تانمايمەن سۆيگەن دىياردىن،
سەھرالىقمەن، سەھرادا ئۆزۈم.
يىراقلارغا كەتسەممۇ قالار،
شۇ سەھرادا يۈرىكىم، كۆزۈم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەركىن نۇر

# ئەسىرلەر

## دېڭىزچى ناخشىسى

ساما خۇددى توز قانات-قۇيرۇقلىرىنى كەرگەندەك كۈنلۈكىنى ئاستاغىنا يايدى...

بىخسىمان دېڭىز بورىنى يەلكەننى يالىڭاچ تېنىگە ئورىدى-دە، ئۆز ناخشىسىغا ئىسقىرتقىنىچە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئالدى. بوۋاي كېمىسىنى باشقۇرالماي قالدى. چۈنكى كېمە گويا سايىدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي قوغلايتتى. بىراق ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەت دولقۇنلار سېپى كېمىنىڭ ئالدىنى سېپىلدەك توسۇيتتى. بوۋاي تامام ھالسىزلانغان بولسىمۇ قۇرتتەك يۇمشاق، زەئىپ گەۋدىسىنى ھامان تىك تۇتۇپ، چۆكتۈرۈپ كەتمەكچى بولغاندەك زەرپ بىلەن كېمىگە ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلار بىلەن مۆرىدىشەتتى...

بوران بارغانسېرى زورايدى، تاشتەك قاتتىق تىغدەك قىرلىق تېنى يەلكەننى يىرتىپ تاشلىدى، ھايال ئۆتمەي ماچتىلارنىمۇ غاراسىدە سۇندۇردى. كېمىنىڭ سۆرىتى ئاستىلاپ قالدى. بوۋاي بىر ھازاغىچە «ئاھ، خۇدا، مەن ئالدىڭدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگىنىم ئۈچۈن شۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە مۇپتىلا قىلىسەن؟!» دېگىنىچە يۇم-يۇم يىغلاپ كەتتى. كۆپ يىغلاۋېرىپ ياشلىرى قۇرۇدى. بىر چاغدا ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى.

پايانسىز دېڭىز ئاسمىنىدا نە ئۈزۈۋاتقان ئاي، نە جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار، نە ئۇچۇۋاتقان قۇشلار، نە بىرەر ئارال، نە ماياك، ھېچ نەرسە، يېپىلىپ ياتقان كېلەڭسىز كېچىدىن ئۆزگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

بوۋاي بىردىن ئەقىل تاپقاندەك ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىدى: ئۇ قىرغاقتا ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك دىن يېتىپ بېرىشىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئادىمى ياكى ئۆي-ماكانى، يۇرت-دىيارى بولمىغان، يەنە كېلىپ، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان تەنھا بىر دېڭىز سەرگەردانى ئۈچۈن باش-ئايىغى يوق دېڭىزدا ئالدىراش ياكى نىشان تاللاش نە ھاجەت؟!

بوۋاي كېمىسىنى باشقۇرۇشتىن يالتىيىپ، پۈتۈنلەي دېڭىزنىڭ ئالقىنىغا قويۇۋەتتى.

ئەمدى بوۋاينىڭ ھاردۇقى بېسىلىپ، ماغدۇرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندەك قىلاتتى. قىزدىق، دولقۇنلارمۇ ئەمدى بەئەينى بوۋاينىڭ يۈرىكىدەك ئاچىز ۋە ھالسىزغىنە سوقماقتا ئىدى.

# قىش قىسسىسى

بۇ شەھەرنىڭ قىش پەسلى خىيالىدىك ئۇزۇن.

قىش پەسلىدە، پۈتكۈل شەھەر بىر قۇۋەت قېلىن قار-مۇز ئاستىدا شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ.

مەن ھەر يىلى قىش كىرىشى بىلەن قار سەيلىسى قىلىشقا ئالدىرايمەن. يول بويىدىكى بىر-بىرىنى قارغا بېسىشىپ ياسىشىپ ئويناۋاتقان بالىلارغا مەسلىكىم كېلىدۇ. ئۇلار گەرچە سەبىي، گۆدەك بولسىمۇ، جۈت زەربىدىن قورقۇپ تۈگىلىۋالىدىغان مىشچان گۈللەرگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. سوغۇقنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرى ئۇلارغا كار قىلمايدىغاندەك، ئۇلارنىڭ جىسمى گويا قويۇچتىن پۈتۈلگەندەك بىلىنىدۇ. ئۇلار ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي، ئەنە شۇنداق ئۆز ئويۇنلىرىغا بەنت بولۇشىدۇ.

دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەمدىلا ئايىغى چىققان ئوغلۇمنى يېتىلەپ باغچىلارغا ئاپىرىمەن. باغچىدىكى شىر، يولۋاس، تۈلكە، ئادەم، چىنار، مەجنۇنتال، قورۇق تام، ئىشىك-دەرۋازا، ھەتتا باغچە دەرۋازىسى ئالدىدا قوللىرىغا نەيزە ئېلىپ تىك تۇرغان قاراۋۇللارمۇ مۇزدىن ياسالغان. بۇ نەرسىلەر كرىستالدەك سۈزۈك، پارقىراق، قات-قېتىدىن يەتتە خىل رەڭ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر خۇددى نېپىز ئەينەك ئارقىسىدا تۇرغاندەك ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

بۇ مۇز دۇنياسىدىكى جانلىق-جانسىز مەۋجۇداتلار بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمىسىمۇ ماھىيەتتىن ئوخشاش: ئۇلاردا ئىسسىق قانىنىڭ مەۋجۇتلىنىشىگە ئەگىشىپ كۆكرەك قەپىسىگە گۈپۈلدەپ توختىماي ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان يۈرەك يوق!

ئادەمدە يۈرەك بولمىسا، ياشاش ئۈچۈنمۇ، ئۆلۈش ئۈچۈنمۇ ئازابلىنىشنى بىلمىسە، ئەلۋەتتە ئالەم قالتىس بىر جەننەتكە ئايلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق جەننەت كاردىن چىققان جەننەت، چۈنكى ئۇ ئادەمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئازاب پاتقىقىغا پاتۇرىدۇ. بىراق، باغچىدىكى ھايۋانات، ئادىمزات، جىن-شاياتۇنلار پاتقاققا پېتىش تۈگەل، ھامان ئېگىز جايدا مەغرۇرانە قەد كېرىپ تۇرىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇلار باھارنىڭ تېزرەك كېلىشىنى زارىقىپ كۈتىشىدۇ-يۇ، باھارنىڭ ئىللىق قوينىدا ئۆزلىرىنىڭ شۇررىدە ئېرىپ، ھاياتىنىڭ بى مەزگىل تۈگىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇشىدۇ. لېكىن، بۇ يەرنىڭ قىش پەسلى خىيالدەك ئۇزۇن بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ.

مەن بەزى كۈنلىرى باغچىغا كىرگىنىمدە، ئۇ يەر-بۇ يەرلەردىكى گۈللەر ئىختىيارسىز دىققىتىمنى تارتىدۇ. ئېنىقكى، بۇ شاخ-شۇمبىلارغا رەڭگارەڭ قەغەزلەرنى چاپلاش ئارقىلىق ياسالغان قەغەز گۈللەر. بۇ گۈللەر سۈنئىي بولسىمۇ، ھەر ھالدا گۈل بولغىنى ئۈچۈن ئادەمگە باھار، بولۇپمۇ ياشلىق باھارنى ئەسلەتمەي قالمايدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر چاغلاردا ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىرنەچچە ناتونۇش دوستلارغا چىن ئىخلاسىم بىلەن قول بەرگەنىدىم. ئۇ ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا خەنجەر دەرەخلەر، قانلىق قىساس يالقۇنى، گۈمران قىلىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش دولقۇ-

لى جەۋلان قىلاتتى. مانا بۇلار ئەمدىلىكتە زىمىستاننىڭ سوغۇق چاڭگىلىدا قېتىپ قالدى. ھېلىقى دوستلارنىڭ ياشلىق باھارى بولسا ئاللىقاچان ئۇششۇك تېگىپ خازان بولدى.

مەن ھەر يىلى قىش كىرىشى بىلەن يانار تاغنى چۈشەيمەن. قېلىن قار-مۇز ئاستىدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن يانار تاغ بىردىن ئويغىنىدۇ؛ زېمىننىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدا بېسىلىپ تۇنجۇققان ۋولقان ئاخىر پارتلايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئالەم يېڭىدىن تۇس ئالىدۇ.

ئەپسۇسكى، مەن ئويغىنىپ قارىسام، كۆرگىنىم يەنىلا قېلىن قار-مۇز بولىدۇ. مەن كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئەتىيازغا ئۇلاشماق تەس، چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ قىش پەسلى خىيالىدەك ئۇزۇن.

## ئەما

ئۆزىنىڭ ئىچكى ئاۋازىغىلا ئەگىشىدۇ. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى، قوللىرىدىن يېتىلەپ ئاڭا يول باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ پىلسىراتتىنمۇ بىمالال ئۆتەلەيدۇ.

مەھەللىدىكى ھەر تۈپ گىياھ، ھەربىر ئۆي، ھەربىر ھايۋان، ھەربىر تاش، ھەربىر ئادەم، ھەممە، ھەممىسى ئەمانى تونۇيدۇ، خۇددى ئۇمۇ ئۇلارنى تونۇغاندەك. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىچارە قىياپىتى بىلەن مەھەللىدىكىلەرنى ئالدايدىغان ئالۋاستى. ئۇنى بۇ ماكاندىن قوغلىۋېتىش كېرەك!

ئۇ، راستىنلا شەھەرگە قوغلاندى. ئۇ بۇ يەردە ساھىللىق يولىنى تۇتتى. ئەپسۇس، كىشىلەر ئۇنىڭغا تىلىگەنلىرىنى بېرىش تۈگەل ھاقارەت، دەشنام ۋە نەپرەت بېرەتتى. ئۇ، ئاخىر ئەسەبىيلىشىپ قاراقچى بولۇپ كەتتى، ئۇ ئەمدى موھتاج نەرسىلىرىنى كىشىلەرنىڭ قولىدىن مەجبۇرىي يۇلۇپ ئالاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدى، تالاي يىللار زىندانغا قامالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇنداق يەكۈنگە كەلدى: سەن ھەقىقەتنى تاپقىنىڭدا بۇ دۇنيادىن غايىب بولىسەن... تەنھالىق روھىڭنى تېنىڭدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، سېنى گىياھلارنىڭ يۈرەك سوقۇشىغا، تاغ-جىرالاردىكى بۇلاقلارنىڭ شىلدىرىغا، بىپايان سۈكۈناتنىڭ شاۋقۇنىغا، چىلان رەڭ تۇپراقنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرىغا يۈزلەندۈرىدۇ. سەن ئۇلارغا سىرلىرىڭنى تۆكۈپ، قانغۇچە مۇڭدىشالايسەن.

ئۇ ئاخىر بىر كۈنى زىنداندىن چىقتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۇچراتقىنى، تار كوچىدا كېتىۋاتقان گەندە تۇشۇش ھارۋىسى بولدى. ئۇ ئۇچقاندەك بېرىپ ھارۋىنىڭ ئالدىنى توستى. ھارۋىدىكى ئېشەك ئۈركۈپ كەتتى ئەتىمالىم، ئارقىغا داجىدى. ھارۋىكەش ۋە باشقا يولۇچىلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلىدى-دە، ئېشەكنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، يايلىسىنى، دۈمبىلىرىدىكى يىرىك مويلىرىنى يېنىش-يېنىش سىيلاشقا كىرىشتى. چۈنكى ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئانا تەبىئەتنى، تەبىئەتنىڭ ئىللىق قوينىنى سېغىنغان، سېغىنغاندىمۇ ئاجايىپ قاتتىق سېغىنغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، تەبىئەتتىكى جانلىقنىڭ بىرى بولغان ئۇ تىلسىز مەخلۇق ئادەملەرگە قارىغاندا ئۇنىڭ تىلىنى ئوبدانراق چۈشىنەتتى.

## قارىغۇ چاشقان ئويۇنى

ئالدىمدا بىرسىنىڭ پايپاسلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنى تىنىمسىز قوغلايمەن. ئەگەر، مەن يېتىشىۋالغۇدەك بولسام ئۇ ئۆزىنى دەررۇ دالدىغا ئېلىۋالىدۇ ياكى سۇرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ قوغلاشقىنىم قوغلاشقان...

كۆزلىرىم مەھكەم تېڭىلغاچ، ئۇنى قوغلاۋېرىپ ئۆزۈمنىڭ نەلەرگە كېلىپ قالغىنىم ۋە كۈننىڭ قايسى ۋاق بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن. ھەممە يەر مەن ئۈچۈن يوچۇن، ناتونۇش، تۇرۇپ ئۆزۈمنى جىرالىق يوللاردا، تۇرۇپ بۈككىدە ئورمانلىق ئارىسىدا! كېتىۋاتقاندەك سېزىمەن. مەن تاملارغا ئۇسۇۋالغان، ئۆزۈم قوغلاۋاتقان كىشى ئورنىدا دەل ـ دەرەخلەرنى قۇچاقلاپ قالغان ۋە ياكى ئاللىقانداق بىر نەرسىلەرگە پۇتلىشىپ پاققىدە يىقىلىپ چۈشكەنلىرىمدە، كوچىدا ئويان ـ بۇيان ئۆتىۋاتقانلار پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ.

گاھىدا، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسام بولۇك ـ پۈشقاقلاردىكى يۇندىلارغا، ھەتتا نىجاسەتلەرگە كېچىپمۇ ئالىمەن. بۇ قوغلاشماق دەسلەپ مەن ئۈچۈن قانچىلىك قىزىقارلىق تۇيۇلسا، كېيىنچە شۇنچە زېرىكىشلىك، مەزىسىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى تۇتالماسلىقىم ماڭا ئەلەم قىلىدۇ. بىراق، ئويۇن دېگەن چىدىغانغا چىقارغان، ئوينايمەن دەپ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چۈشكەن ئىكەنسەن، تۈگىگىچە چىداش كېرەك. چۈنكى، ھېچكىم ئۇتتۇرۇۋېتىشنى خالىمايدۇ ـ دە!

## بۇلۇت پەرۋازى

تەگرىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغىنىم ئۈچۈن يەتتە قات ئاسماندىن دوزاخقا تاشلاندىم. ئوڭ پۇتۇم چورتتىدە سۇندى. ئەمدى جاھاننى كېزىش ماڭا قانداقمۇ نېسىپ بولسۇن؟ ۋادەرىخ، ئەزرائىل ھەممىنى يالماپ كېتىدىغان بولدى.

يىلان ـ چايانلار تۇشمۇ تۇشتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ قان ـ يىلىكلىرىمنى شوراشقا كىرىشتى، مەن ھوشسىزلىنىشقا باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ، ئەڭ ئاداققى قۇربىتىمنى يىغىپ ئەزرائىل خىرىس قىلىپ تۇرغان يىراقتىكى كىشىلەرگە ئابھايات زەمزىمىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىرادەمدىن قايتماي، سەپىرىمنى داۋام ئەتتمەكچى بولدۇم. لېكىن سەكراتتا چۈشۈپ قالغان بىر كەمپىر ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن بىرەر خاسىيەتلىك ئىش قىلىپ قويماقچى بولۇپ، مېنى ــ تەگرىگە ئاسىيلىق قىلغان شاياتۇننى دوزاخ ئوتىدا تۆگەل كۆيمەي قالمىسۇن دەپ بىر قاپاق ماينى ئۈستىبېشىمغا چېچىۋەتتى. شۇ زامات ئوت چايقىلىپ ـ چايقىلىپ ئۇلغايدى ـ دە، مېنى چۆكتۈرۈۋەتتى.

ــ تەۋەررۈك ساددىلىق، خەير، ئانا! ــ دېدىم مەن يۇم ـ يۇم ياش تۆككىنىمچە ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋېتىپ.

دەرۋەقە، مېنىڭ جىسمىم بىر پەستىلا كۆيۈپ كۈلگە، روھىم بولسا غايەت زور بىر پارچە بۇلۇتقا ئايلاندى.

بۇلۇت، مېنىڭ كۆيگەن ئارمانلىرىمنى ئۆز باغرىدا ياشىنىتىپ ئېگىز كۆكتە گويا دېڭىزدىكى يەلكەندەك ئاستاغىنە ئۈزۈشكە، پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

## رەزىللىك

مەن شاراب كۈچىدىن ھوشسىزلىنىپ ياتقاندا ئۆيۈمگە ئوغرى كىردى. ئۇنىڭغا پۇلمۇ، ئالتۇنمۇ، ئىش قىلىپ ھېچقانداق مال - دۇنيا لازىم بولمىسا كېرەك، روزىغارىمنىڭ بىرىگىمۇ كۆز قىرىنى سالمىدى. ئۇ، كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ مېنىڭ سەبىي قىزىمنى ئاياغ - ئاستى قىلدى. بۇ قىز، مېنىڭ يۈرىكىم، مېنىڭ روھىم ئىدى.

مەن ئەزەلدىنلا ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەنىدىم، بىراق، ئۇ دەپسەندە قىلىندى، چەيلەندى. ئۇن گۈلنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ غۇنچىسى توزىدى. ئاھ، ئەتىۋار پەلەك!...

ئاچچىق ئەلەمدىن مەستلىكىم يېشىلدى. ھوشۇمنى يىغدىم، لېكىن ئۆي ئاللىبۇرۇن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىدى... قويۇق چاڭ - توزانلار ئاسمانغا خۇددى ئىستەك كۆتۈرۈلەتتى. ھېلىقى قىزىم ئۆينىڭ ھېچ يېرىدە كۆرۈنمەيتى. بىر ياقلارغا كېتىپ قالدىمىكىن ۋە ياكى تام بېسىۋېلىپ...؟

ئەتراپىم بارا - بارا سۈزۈلدى. شۇ چاغدا ئۆرۈلگەن ئۆگزە ئۈستىدىكى بىر تۈپ ياۋا گۈلگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ گۈل تېخى ئەمدىلا سۇس ئېچىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۆگزىنىڭ ئۆرۈلۈشى بىلەن تۈۋىدىنلا سۇنۇپ كەتكەنىدى. بۇ گۈل ئىختىيارسىز قىزىمنى ئەسلەتتى.

ئۇ، شامالنىڭ ئالقىنىدا جان تالىشىۋاتقاندەك بوش تىترەيتتى. بىر پەستىلا گۈلنىڭ رەڭگى تۈگەل ئۆچتى، ئىچىم سىيرىلدى. ئۇنى تەشتەككە كۆچۈرۈۋالماقچى بولدۇم. بىراق، تەشتەك يوق ئىدى. مەن ئەپچىللا بىر ئۇسۇلنى تاللىۋالدىم. يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تامنىڭ يېرىقىغا ئۇنى سانجىپ قويدۇم. ئەجەب ئىش، گۈل ئۇ يەردە ياشىنىدى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تامغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ يوغىناشقا ۋە باراقسان بولۇشقا باشلىدى. ئۇ، مۇشۇنداق يوغىناۋەرسە چىناردەك ئۆسۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن ئۆيۈمنى رېمونت قىلىپ قايتىدىن ئۆي شەكلىگە كىرگۈزدۈم. گۈل كۈنسايىن تېز ئۆسمەكتە، زورايماقتا، ۋايىغا يەتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆسۈۋېرىپ ئۆيۈمگە پاتماي قالدى. مېنى غەم باستى. بىلەلمىدىم، گۈلنىڭ تېخىمۇ باراقسانلاپ ئۆسۈشى ئۈچۈن، گۈلنىڭ ئەركى ئۈچۈن ئۆز قولۇم بىلەن سالغان ئۆينى يەنە ئۆز قولۇم بىلەن ئۆرۈپ تاشلىشىم كېرەكمۇ ياكى ئۆيۈمنىڭ — بىردىن بىر پاناھلىق ماكانىمنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن گۈلنى چۆرۈپ تاشلىشىم كېرەكمۇ؟!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

## مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

ۋاڭ جۇڭمىڭ

# ئىدراك بىلەن شېئىرىي ھېسسىيات بىرلەشتۈرۈلگەن شېئىرىي گۈزەللىك ئىجادىيىتى

— تۆمۈر داۋامەتنىڭ «يۇرتقا مۇھەببەت» دېگەن شېئىرلار توپلىمىغا باھا

شېئىر يېزىش بىرخىل گۈزەللىك ئىجاد قىلىش پائالىيىتى، شائىرلار ئىنساننىڭ گۈزەللىك يارىتىشتەك تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن شېئىر ئىجاد قىلىپلا قالماي، ئىشتىن سىرتقى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن شېئىرىيەت مۇنبىرىگە قەدەم قويۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان نەتىجىلەرنى ياراتماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. يولداش تۆمۈر داۋامەت خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي ۋاقىت چىقىرىپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىدە ئوبدانلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبتا گۈزەل شېئىرىي ئىستىل شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، مۇھىم ئىدىيىۋى قىممەت ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. ئاپتورنىڭ 1989-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان (سۇ تيەنخۇ تەرجىمە قىلغان) «يۇرتقا مۇھەببەت» دېگەن شېئىرلار توپلىمى ئۇنىڭ ئاز كەم 30 يىلدىن بۇيانقى ئىشتىن سىرتقى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە ئەدەبىي ئىجادىيەت داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن يولىنىمۇ نامايان قىلىپ بەردى.

ئېنگېلس 1844-يىلدىكى «ئىقتىسات-پەلسەپە قوليازمىلىرى» دە «ھايۋانلار ئۆزلىرى تەئەللۇق بولغان نەسىلنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئېھتىياجى بويىچىلا بەرپا قىلىدۇ، ئىنسانلار بولسا ھەرقانداق بىر نەسىلنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشنى بىلىپلا قالماي، بەلكى ئىچكى ئۆلچەمنى ھەممىلا يەردە ئوبيېكتقا قانداق تەتبىقلاشنى بىلىدۇ، شۇڭا ئىنسانلار ھەم گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە بەرپا قىلىدۇ» دېگەن. شائىرنىڭ شېئىر يېزىشى، شېئىرىي گۈزەللىك يارىتىشى ئادەمنىڭ «ئىچكى ئۆلچىمى»، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا مىڭ شائىرنىڭ گۈزەللىكنى چۈشىنىشى مىڭ خىل بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ «ئىچكى ئۆلچىمى»، گۈزەللىك قانۇنىيىتىنى ئىگىلىشى ھامان ئوخشاشمايدۇ. كونكرېت شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئەكس ئېتىشىمۇ، كىشىلەرگە بېرىدىغان گۈزەللىك تۇيغۇسىمۇ بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلىق بولىدۇ. تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىدا بىر سىياسىئون ھەم شائىرغا، شۇنداقلا چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرىغا خاس ئالاھىدە بىرخىل پۇراق ۋە رەڭدارلىق بار. ئۇ ئاز سانلىق مىل-

لەتلەر ئارىسىدىن چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز شېئىرلىرىنى قويۇق سىياسىي تۈس ۋە ئىدراكى ئامىلغا ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھېلىقى شائىر، يازغۇچىلارنىڭ «سىياسىنى سۇسلاشتۇرۇش»، «رېئاللىقنى سۇسلاشتۇرۇش»، «ئىدراكنى سۇسلاشتۇرۇش» بويىچە يازغان ئەسەرلىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى گۈزەللىككە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئۆز ئۆلچىمى بار. تۇرمۇشتا گۈزەل نەرسىلەر كۆپ، لېكىن تۆمۈر داۋامەت كوممۇنىزم بايرىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى قاتارلىقلارنى رېئال تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكنىڭ ئالىي ئۆلچىمى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يېڭى زاماندىكى ياخشى تۇرمۇشنى گۈزەل شەيئى سۈپىتىدە چىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلىگەن. ئۇنىڭ «يۈرەك ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يېڭى زامان تۇرمۇشى رەڭدار سۈرەتلەپ بېرىلگەن. رېئال تۇرمۇشتىكى يەنە باشقا كۆپلىگەن گۈزەل شەيئىلەرنى ئۇمۇ سۆيىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ «قىزىلگۈل» دېگەن شېئىرىدا قىزىلگۈلنىڭ رەڭدارلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. «گۈزەل قاناس كۆلى» دە قاناس كۆلىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىسىنى سۈرەتلەيدۇ. ئۇ يەنە دۇنياۋى نەزەرگە ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتىدە باشقا ئەللەردىكى گۈزەل شەيئىلەرنىڭ جەلپ قىلىشىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتمىغان. شۇڭا «زەڭگەر پارس قولتۇقى» دېگەن شېئىرىدا پارس قولتۇقىدىكى يېڭى بىنا قىلىنغان شەھەرگە بىر مەدھىيە كۈيىنى ئىنئام قىلغان. لېكىن چەت ـ ياقا دۆلەتلەردە يۈرگەندە ئۇ گۈزەل شەيئىلەرنى تاللاشتا يەنىلا ئۆز ۋەتىنى ۋە ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرىنى تاللاشنى ئاساس قىلغان.

«جۇڭگولۇق بولغانغا پەخىرلىنىمەن» دېگەن شېئىرىدا ئۇ ئالدى بىلەن ئەرەب ئەللىرى جامائەت پىكرىدە بىزنىڭ مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ ماختالغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇ سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى كۆرۈپ «جۇش ئۇردى قەلبىمدە قايناق بىر دېڭىز» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىزدەيدىغانلىرى ئۆزىنىڭ ئىدراك نۇرلىرى يورۇتقان گۈزەل شەيئىلەر، يېڭى زامانىمىزدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تىپلاردۇر.

ئۇنىڭ شېئىردىي گۈزەللىك ئىجادىيىتى ئىدراكقا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى شېئىردىي ھېسسىياتقىمۇ ئىگە. ئۇنىڭدا ئىدراك بىلەن شېئىردىي ھېسسىيات بىرلەشتۈرۈلگەن. چوڭقۇر، يۈكسەك ئىدراكلىق مول شېئىردىي ھېسسىيات ئىچىدە ئېرىپ كەتكەن. بۇنداق ئىدراكنىڭ نۇرى قۇرۇق شوئار بولماستىن، بەلكى مول ھېسسىياتلىق شېئىردىي مەنەدۇر. ئىدراك دەل شېئىردىي ھېسسىياتنى روشەن ھەم توغرا يۆنىلىشكە ئىگە قىلىپ، ئۇنى گۈزەل شەيئىلەرنىڭ تۈگۈنىگە سىڭدۈرۈپ تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغان. قويۇق شېئىردىي ھېسسىيات ئىدراك ئارقىلىق ئوخشاشلا روشەن رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنىپ، ئىدراكى ئىچكى مەنە چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان. «يۇرتقا مۇھەببەت» ئۇنىڭ شېئىردىي ھېسسىياتىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىردا ئاپتور قەيەرگىلا بارسا يۇرتىنى سېغىنىدىغانلىقى، يۇرتىنىڭ سۈيى شەرۋەتتەك شېرىن، ئادەملىرى ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن، ھاۋاسى ئىپاردەك خۇش بۇي بىلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق چوڭقۇر شېئىرى ھېسسىياتىدا يۇرت ۋەتەننىڭ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر خىل سىمۋولى قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يۇرت مۇھەببىتى بىلەن ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىدراكى تەپەككۇر بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى تەبىئىي يوسۇندا چەمبەرچەس بىرلەشتۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ شېئىردىي گۈزەللىك ئىجادىيىتى پەقەت شېئىر بىلەن ۋەتەننى سۈرەتلەش ۋە كۈيلەش، يېڭى دەۋردىكى رېئال تۇرمۇشنى، ئىجادكار خەلقنى

مەدھىيىلەشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى يولىدا ئىزدىنىش، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈش، شېئىرىي گۈزەللىككە داۋاملىق يول ئېچىش ۋە ئۇنى يارىتىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ «ئاتمىش ئۈچ چېچەكتىن تىزدىم گۈلدەستە» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرىدە پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېنىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن كۈيلىگەن، ئۇ «ۋەتەنىنىڭ غەرب دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلغان، شىنجاڭنىڭ كېلەچىكى چەكسىز پارلاق» بولۇشتەك رېئاللىق ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئىنتىلىشنى ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا «تارىمغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا «تارىمنىڭ ئېچىلىشى ۋە تەكشۈرۈلۈشى»، «تارىمنىڭ كېلەچەكتە ۋەتەنىنىڭ ئەڭ چوڭ نېفىتلىكىگە ئايلىنىدىغانلىقى»، «ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقى» غا ئەڭ زور ئۈمىد بىلدۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىدراك ۋە شېئىرىي ھېسسىياتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ۋە كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىشنى قانات قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىي گۈزەللىكى تېخىمۇ يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە غايىۋى تۈسكە ئىگە قىلىنغان.

ئۇنىڭ شېئىرىي گۈزەللىك ئىجادىيىتىدە شېئىرىي ئوبراز يارىتىشقىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىدراك ۋە شېئىرىي ھېسسىياتى شېئىرىي ئوبرازدا ئىنتايىن تولۇق ۋە مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شېئىرىي ئوبراز شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ گەۋدىسى ۋە سىرتقى ئىپادىلىنىشى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يارىتىلغان ئوبرازلار سىمۋول تىپىدىكى ئوبرازلاردۇر. مەسىلەن: «قارىغاي خىسلىتى» دېگەن شېئىرىدا يارىتىلغان قارىغاينىڭ ئوبرازى ئەمەلىيەتتە چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايون خەلقى ئۈچۈن بەخت يارىتىش، سوتسىيالىزم ئىشلىرى يولىدا توختىماي كۈرەش قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان قۇرغۇچىلارنىڭ ئوبرازى، ئۇ غايىۋىلەشتۈرۈلگەن گۈزەل ئوبراز بولۇپ، كىتابخانلارنى كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ، يەنە بىر خىلى رېئال خاراكتېرلىك يەنى رېئال تۇرمۇشنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبرازدۇر. مەسىلەن: «بېشىم ئەمدى ساقايدى» دېگەن شېئىرىدا ئىشلەپچىقىرىش دۆيىجاڭنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدا ھەم يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىغا قارىتا قىلىنغان ئىدراكى تەپەككۇر، ھەم كەڭ دېھقانلار ۋە دېھقانلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ئىپادىلەنگەن. «جۇڭغارغا پۈتۈلدى قانات»، «چۆلدىكى مەرۋايىت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا شىخەنزىگىچە قاتناش باشلانغانلىقى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ماشىنا گۇرۇپپىسى ۋە تورلىرىنىڭ توك تارقاتقانلىقىغا ئوخشاش شىنجاڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئىككى چوڭ ئىش ھەم بۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك تەبرىكلەش كۆرۈنۈشى ئوبرازلىق، جانلىق، قىزغىن سۈرەتلەنگەن.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شائىر داستان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، تىپىك قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىشقا باشلىغان. شائىرنىڭ تاجىكلارنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن يازغان «ئامان ۋە ئەختەر» دېگەن داستانىنىڭ بەدىئىي قىممىتى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ داستانىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۇنىڭ شېئىرىي گۈزەللىك ئىجادىيىتىنى يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە كۈچلۈك يېڭى يۈرۈشكە ئاتلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 10 - سانىدىن) مەرھابا تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ئەنۋەر ھوشۇر

# يېڭى مەزمۇن، يېڭىچە ئىپادىلەش

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن، مۇرەككەپ زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى تىپىك پېرسوناژلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ، جەمئىيەتتە، كىشىلەر ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەت، ناچار خاھىشلارنى پاش قىلىش، قامچىلاش ۋە شۇ ئاساستا كىشىلەرگە نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ خۇنۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش — رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن يازغۇچى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە يۇقىرى سەزگۈرلۈك بىلەن جەمئىيەتنى كۆزىتىشى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قاينىمىغا دادىللىق بىلەن شۇڭغۇپ، شۇ قاينام ئىچىدىن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە دېتاللارنى سۈزۈپ چىقىشى؛ سۈزۈلگەن دېتاللاردىن «دورا» سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئەسلىگە قايتۇرۇش يولى بىلەن كىشىلەر ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى جاراھەتلەرنى داۋالىيالايدىغان ماھارەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى شەرت. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، يازغۇچىنى «دوختۇر»، ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەرنى «شىپالىق دورا» دەپ ئاتىسا ئارتۇقچە كەتمەيدۇ. يازغۇچى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، تۇرمۇشنى، تۇرمۇشتىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى پەردازلىماستىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا تىرىشسا، كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، نىشانلىق دورا بېرىشنى قولغا كەلتۈرەلىسە، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. يازغۇچى ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇي مەھەللىنىڭ ئادەملىرى» ناملىق ھېكايىسى ئاشۇنداق ھېكايىلارنىڭ بىرى، يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدا ئۇي مەھەللىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەگرى - توقاي، جاپالىق ھايات مۇساپىسىنى تەسۋىرلەپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە، قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە بولغان سۆيۈنۈشنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا ھاياتنىڭ مەھەللىنىڭ قىياپىتىنىلا ئەمەس، بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت تۇرمۇش ھەقىقىتىنى تىپىك پېرسوناژلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ، قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچىدا كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەسىنى كۆرسىتىپ

بەرگەن. ئەسەردىكى بۇخىل ئاكتىپ ئىدىيە مىجەز - خاراكتېرى، جەمئىيەتتە تۇتقان
ئورنى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوپتىن ئوخشىمايدىغان تۇراخۇنكام، روزىيوۋ، ئادىل، ئىـ
مىن چولاق، ئايىم ھەدىدىن ئىبارەت بەش پېرسوناژنىڭ بىر مەھەللىدە بىشىدىن ئۆتكۈز-
گەن مۇرەككەپ ھايات مۇساپىسى تەسۋىرلەنگەن «يۇرت بېشى»، «كېيىن كەلگەن ئەقىل»،
«پىچاق ھەققى»، «مەھەللىنىڭ ئىپتىخارى»، «دۇنيانىڭ خۇۋلىقى» ناملىق 5 كىچىك ھې-
كايىنىڭ بىرلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەن تۆۋەندە تېمىسى يېڭى، ئىجتىمائى-ي
ئەھمىيىتى خېلىلا يۇقىرى دەپ قارىغان 3 ھېكايە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

«يۇرت بېشى» ناملىق ھېكايىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى تۇراخۇندىن ئىبارەت
شامالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمە ئادەمنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جانلىق
يارىتىپ، ئۇنى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغانلىقىدا، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ
ساددا، كەڭ قورساق خاراكتېرىنى سەلبىي جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

سۆرۈن تەلەتى بىلەن «قەغىشلىق قىلغان باللارنى جىم قىلىۋېتەلەيدىغان» تۇراقكام
ئەسلىدە ئۇي مەھەللىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، بىر قاتار جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىگە ئىگە، جان
بېقىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان «ئەقىللىق» شەخس. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك
ئالاھىدىلىك «زامانغا ماسلىشىش»، شۇڭا ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى خانىۋەيران قىلغان ئاشۇ
سىياسىي مالىمانچىلىق يىللىرىدىن، ھەتتا بوران - چاپقۇنلۇق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى»نىڭ ئۆزگىرىشچان، قىيىن سىناقلىرىدىن غالىبلارچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ بىرقاتار
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ جارچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ، قالايمىقانچىلىق يىل-
لىرى مەھەللىنى سىياسىي ھايات قاينىمىغا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ، ئاممىنى تەشكىللەپ مەسچىتلەر-
نى چاقتۇرىدۇ... ئۇ مەسچىت ئالدىغا يىغىلغان، مەسچىتكە قول تەگكۈزۈشكە پېتىنالماي
تۇرۇۋاتقان ئاممىغا مۇنداق دەيدۇ: «...مانا بۇ مەسچىت تارىختىن بۇيان بىزنىڭ ئەۋلادىمىز-
نى زەھەرلەپ كەلگەن جاھىل قورغان. بۇ ئۈگمىنى بۇزۇپ تاشلىمىساق ماۋجۇشىنىڭ ئىنـ
قىلابىي ئىدىيىسى تەلتۆكۈس غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ، جىن - شەيتانلار تۈگىمەيدۇ، شۇڭا
بىز بۈگۈن بۇنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلىشىمىز كېرەك...» ئارقىسىدىنلا ئۆزى باش بولۇپ،
قولىدىكى جوتۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەسچىت مۇنارىسىغا تەلۋىلەرچە ئۇرۇشقا باشلايدۇ...
بىر مەھەل ۋەتەن ئاسمىنىنى قاپلىغان قارا تۇمان تارقاپ، ھەقىقەت قۇياشى نۇرلۇق جاما-
لىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، تۇراق ئاخۇننىڭ ئورنى لىڭشىپ قالىدۇ. كۆزى ئېچىلغان خەلق-
نىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن تۇراخۇن كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىيەتتىن
يوچۇق ئىزدەشكە كىرىشىدۇ ۋە دىنىي يولدىن نىجاتلىق ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ تەشكىللەش
ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، پۇل يىغىش قىلىش يولى بىلەن ئۆز ھويلىسىغا مەسچىت سالدۇرىدۇ،
ئۆز ئىززىتى بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، تەختىنى بوشىتىدۇ - دە، مەسچىتكە
ئىمام بولۇۋېلىپ، يەنە بىر تەختنى ئىگىلەيدۇ. مەھەللە كىشىلىرى تۇراخۇننىڭ مەسچىت سالدۇرغانـ
لىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئۇنىڭ «تۆۋا قىلغانلىقى»، «ئاللانىڭ تۇراخۇننىڭ دىلىغا ئىمان سالغانـ
لىقى» دەپ خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ ۋە بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشـ
شىدۇ، تۇراخۇنمۇ ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن يەنە بۇرۇنقىدەكلا كىشىلەرنىڭ چوققىسـ

غا دەسسەپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋېرىدۇ. ئۇ «مەن» بىلەن ئۇچراشقاندا شۇنداق دەيدۇ: «خۇدا يولىدا خىزمەت قىلىۋاتىمىز، ئۇكا، مۇسۇلمان بەندىسى ئۇ دۇنيالىقىنى ئويلىمىسا بولامدۇ؟ ياراتقان ئىگەم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ»

ئۇنىڭ قىلچە ئىزا تارتماستىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنداقتا تۇراخۇندەك كىشىلەر رېئاللىقتا مەۋجۇتمۇ؟ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەۋجۇت! قالايمىقانچىلىق يىللىرى بار ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ خەلقنى زار-زار قاقشاتقان، جاھان ئوڭشالغاندا بولسا بىر ئۆرۈلۈپلا تەقۋادارلىق يولىنى تۇتۇپ، خەلقنى كولدۇرلىتىپ، ئارىدىن نەپ ئېلىۋاتقان ئالدامچىلار ھېلىھەم ئاز ئەمەس.

سادىدلىق، كەڭ قورساقلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بىرخىل ئېسىل ئەنئەنە، ئۇ خەلقىمىزنىڭ مەرد، ئاقكۆڭۈل، تۈز خەلق ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. بىراق ئارتۇقچە سادىدلىق ھەم كەڭ قورساقلىقنىڭ كىشىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋېتىدىغانلىقىنى، بەزىدە دۈشمەن كۈچلەرگە قولايلىق ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. شۇڭا سادىدلىق بىلەن كەڭ قورساقلىقنىڭمۇ چېكى بولۇشى، پرىنسىپى بولۇشى كېرەك، ئۇ ھەرگىزمۇ تۇراخۇندەك كىشىلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىش نىقابىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

«پىچاق ھەققى» ناملىق ھېكايىمۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئاپتور بۇ ھېكايىدا «مەن» نىڭ بىمار ھەم ئادىل بىلەن قىسقىغىنا سۆھبىتى، ئارقىلىق پارىخورلۇقتىن ئىبارەت يامان ئىللەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلاردىن ھالقىپ ئەڭ ساپ دىل ئىنسانپەرۋەر شەخسلەر ھېسابلانغان دوختۇرلارغىمۇ يۇققانلىقى، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل يامان ئىللەتنى يامان كۆرمەس ھالغا كېلىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت تۇرمۇش پاجىئەسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىزگە مەلۇم، رېئالىزملىق ئىجادىيەت يولى تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدۇ، كەڭ، قايناق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇنىڭ خورىماس بۇلىقى، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى. بۇ تەرەپتىن ئالغاندا، رېئالىستىك ئەسەرلەر يازغۇچىلاردىن تۇرمۇشقا سادىق بولۇشنى، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىتابخانلاردا چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلالىغان، مەلۇم ئىجتىمائىي مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇۋاپىق ھەل قىلالىغان ئەسەرلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. «پىچاق ھەققى» دە بۇ خىل ئاكتىپ روھ ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەردىكى «مەن» ياتاقدىشىدىن دوستى ئادىلنىڭمۇ پارىخورلۇق يولىغا مېڭىپ ئۆزىنى سەمرىتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران قالىدۇ. چۈنكى «مەن» ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلارنىڭ، نو-

پۈس قولدۇرىدىغانلارنىڭ پارا ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، دوختۇرلارنىڭ پىچاق ھەققى ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بۇ چاغدا «مەن» دە ئادىلغا نىسبەتەن گۇمانسىراش، غەزەپلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئادىلنى ئۇچۇزۇقداپ قويۇش قارارىغا كېلىدۇ، ئادىلنىڭ ياسىداق ئۆيىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. شۇڭا ياپما گەپلەر بىلەن ئادىلنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىراق ئادىلنىڭ «دەردى» نى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا بوشىشىپ كېتىدۇ. ئادىلنى ئەيىبلەۋېرىشىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ پارىخورلۇقنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، پارىخورلۇقنىڭ جەمئىيەتتە ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يازغۇچى ئەسەرنىڭ چۈشۈرمىسىدە ئىلگىرى كۆپلەپ يېزىلغان مۇشۇ تېمىدىكى ئەسەرلەردىكىدەك ئادىلنى قامچىلاپ، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ ياسالمىلىق قىلمايدۇ، بەلكى ئادىلنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب تىلەيدۇ، ئاخىرىدا كىتابخانلارنى پارىخورلۇقنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا پارىخورلۇقنى يوقاتقىلى بولىدۇ؟ بۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە، پارتىيىمىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللاندى. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرمۇ پارتىيىمىزنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، پارىخورلۇق، چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى قامچىلايدىغان نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، يازغۇچىلار ئەسەر يېزىپ ھارمىدى، پارىخورلارنىڭ نەپسىمۇ قانمىدى. ئۇنداقتا پارىخورلۇقنىڭ يىلتىزى نەدە؟ يولداش جياڭ زېمىن دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزىدە: «مەسىلە ئاساسەن پارتىيە ئىچىدىكى خاتالىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېلىپ چىقتى، پارتىيە ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ ناھايىتى توغرا كۆرسەتتى. ئادىلدەك بىر پاك نىيەت ياشنىڭ ئاخىرى بېرىپ پارىخورغا ئايلىنىشى، ھەتتا تەپ تارتماستىن ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەر (ئاساسلىقى رەھبەرلەر) بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغانلىقى كىتابخانلاردىن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

«ھەئە، ماۋۇ يىگىت چوڭ ئوغلىمىزنىڭ بالىسى، ماۋۇ ئىككىنچى ئوغلۇمنىڭ قىزى. مېنى بىكار قالدى دەپ بۇلارنى ئەپكېلىپ قويىدى. باشتىلا ئۆزۈڭلار بېقىڭلار، دېسەم بوپتىكەن. چوڭ بىنىڭكىنى بېقىپ قويۇپتىكەنمەن، ئىككىنچىسىمۇ ئەپكەلدى، مەيلى. بېقىپ بېرەي دېدىم، قىزىمنىڭكىمۇ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانتى، ئۇمۇ بالامنى ئۆزۈڭ بېقىپ بېرىسەن دەۋاتىدۇ. نېمە دەيمەن، قېرىغاندا بىر يەسلى ئاچىدىغاندەك تۇرىمەن. ھازىرقى ياشلار ئەجەبمۇ تەلەيلىك ئىكەنسىلەر، خۇدايىم پۈتۈن جاپانى بىزگىلا بېرىپتىكەن ...» مانا بۇ «دۇنيانىڭ خۇۋلىقى» ھېكايىسىدىكى ئاتىسىدىن كىچىك قالغان تۇل بالىنى چوڭ قىلىش يولىدا كۆرمىگەن جەبىر-جاپالارنى تارتقان، قېرىغان مەزگىلىدە بالىلىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ كۈتۈلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە نەۋرە بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان ئايىم ھەدىنىڭ ھەسرەتلىك شىكايىتى، سورالماس

ئەرزى، شۇنداقلا رېئال تۇرمۇشىمىزدا ھېلىھەم بىر كىشىلىك ئورنىنى تاپالمىغان، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي، پۈتۈن ئۆمرىنى بۆشۈك يېنىدا ئۆتكۈزۈۋاتقان جاپاكەش ئانىلارنىڭ ھەسرەتلىك شىكايىتى، ئورتاق ئەرزى. ئاپتور بۇ ھېكايىدە ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دادىسىدىن كىچىك قالغان بالىلارنى تەربىيىلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ياشانغاندا بالا باققانىنىڭ راھىتىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئانىنىڭ نەۋرە بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلىنغانلىقىتىن ئىبارەت تۇرمۇش پاكىتى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك، ھە دېسە ئاتا-ئانىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىشقا قىستاش، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە يول قويماي، ئۇلارغا ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويۇش، ئۆزلىرى ئويۇن-تاماشا بىلەن كۈنىنى كەچ قىلىپ، پەرزەنتلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا تاشلاپ بېرىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق پاش قىلغان، قامچىلىغان، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەت ئەھلىنى ئانىلارنى ئاسراشقا، ھۆرمەتلەشكە، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشكە چاقىرغان.

ھەممىگە ئايان، ئانا ئۇلۇغ ئىنسان، خەلق ئارىسىدا «ئانىڭنى ھاپاش ئېتىپ ھەرەمگە يەتتە قېتىم ئاپىرىپ ئەكەلسەڭ، پەقەت ئۇنىڭ بىر قېتىم ئاستىڭنى قۇرۇقداپ قويغان قەرزىنى ئادا قىلالايسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. يەنە بىر تەرەپتىن، بالىنى ئۆزى بېقىپ قاتارغا قوشۇش — ئانىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى. جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بۇ نۇقتىنى ئالللىبۇرۇن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇڭا ھەربىر ئانا ئۆز پەرزەنتىنى ئۆزى بېقىشى، ياشانغاندا بالىلىرىنىڭ ھىممىتى ئاستىدا دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بىراق ھازىر بۇ نۇقتىغا يېتەرلىك ئېتىبار بېرىلمەيۋاتىدۇ، ئانىلار تېگىشلىك ئورنىنى تاپالمايۋاتىدۇ، بىلىش كېرەككى، ئانىمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان، ئۇمۇ بەختكە ئىنتىلىدۇ، ھۆرمەتلىنىشنى، ئۇلۇغلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

قىسقىسى، يازغۇچى ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ ھېكايىسىدا تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ناچار ئىللەت، ھادىسىلەر دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىنغان، ئىجتىمائىي مەسىلەر ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، كىتابخانلار چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇلغان. مەن يازغۇچى ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ قايناق تۇرمۇش دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇي مەھەللىدە قايتىدىن پەيدا بولغان يېڭى تۇراخۇنلار، يېڭى قىسمەتلىك ئايىم ھەدىلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن يېڭىلىق، خۇشاللىق، غەم-ئەندىشە، ھىجرانلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مۇھەممەت ئىمىن

# يۈرەكتىن تامغان تامچىلار

## ئارزۇ ۋە قانائەت

ھال رەڭ چېچەك پىچىرلايدۇ باھارغا،
شامىلىدا گۈل ھۆسنۈمنى بۇزما دەپ.
سولىشىپ ئۇ توزۇپ كېتەر ئاز ئۆتمەي،
شاخ-شاخلارنى شىېردىن مېۋە ئىگىلەپ.

ئاي چىراي قىز نازى بىلەن قارايدۇ،
ئاي چىرايىنى ئاي كۆرسەتكەن ئەينەككە.
ئىلتىجاسى لەيلەپ قېلىپ سامادا،
مۈكچىيىدۇ يەتمەي كۈتكەن تىلەككە.

قىران يىگىت ئات ئويىنىتىپ كېلىدۇ،
كېزىپ ئۈمىد دالاسىنى ئارمانسىز.
يىل پەنجىدە سۇنۇپ خىيال قامچىسى،
چاچ-ساقىلى قىراۋ باغلار، دەرمانسىز.

ئارزۇ گۈزەل، قانائەت رەھىمسىز،
ئاستا-ئاستا يېقىنلايمىز قەبرىگە.
قورقۇنچلۇق ئەمەس ئۆلۈم، قالدۇرساق،
ئەقلىمىزدىن يېقىپ چىراغ نەۋرىگە.

## قورچاق ۋە ئارتىست

كېلىپ قالدى قورچاقلارغا ھەۋىسىم،
ئۇسسۇللىرى شۇنداق لەرزان، ئەۋرىشىم.
قىلىقلىرى ئاندىن تاتلىق، يېقىملىق،
ئويناق كۆزلۈك، ئوماق چىراي، خۇشپىچىم.

جېنى باردەك پىرقىرايدۇ تىنىمسىز،
ئەمەس زادى ھېچ ھەرىكىتى رىتىمسىز.
ئەسىر قىلغان چاغدا سوراق دىلىمنى،
چۈشتى كۆزۈم تاناپ يىپقا تۇيۇقسىز.

قىزىقىشىم كۆتۈرۈلدى ئەۋجىگە،
ئۆتتۈم ئاستا ياندىن سەھنە كەينىگە.
باقسام، ساپتۇ بۇ ئارتىسلار ئۇسسۇلغا،
قورچاقلارنى كۆندۈرۈپ ئۆز مەيلىگە.

يىپنى تارتسا پىرقىراركەن بىتىنىم،
ھەرىكەتلىرى شۇنداق لەرزان، ئەۋرىشىم.
قورچاقلارغا ماھارەت ۋە جان بەرگەن
ئارتىسلارغا كېلىپ قالدى ھەۋىسىم.

**ھاجى ئەخمەت**

## ئىككى شېئىر

### تەئەججۇپ

ياشلىق ئۆمرى ئۆتتى بەھۇدە، پۇشايمانغا قوشۇپ تارتتى ئۇ،
بىلمىدى ھېچ ھايات قەدرىنى. قېرىغاندا كېسەل دەردىنى.

### مۆز چىراي

(ھەزىل)

دىلدا ھەۋەس قوزغىتار،
جامالىڭنىڭ ئۆزلىقى.
يۈرىكىمنى مۆزلىتار،
چىرايىڭنىڭ مۆزلىقى.

ئاڭلاپ شائىر سۆزىنى،
كەتمە جانان تېرىكىپ.
تۈگەت يۈرەك مۆزىنى،
مېھرىڭ بىلەن ئېرىتىپ.

**رەھمەخان خېۋىر**

## غەزەللەر

بۇ جاھانغا كۆز ئېچىپ ياندىم قەلەم ئىشقىدىمەن،
تەۋرىتەي ئىلكىمدە سېنى ئۇشبۇ كۈن ئىمكاندىمەن.
سىرۇ ئەسرارىمنى ئېيتاي، كەل بۇگۈن ھەمدەمدە بول،
قالمىسۇن كۆڭلۈمدە ئارمان ئۆزگىچە ئىلھامدىمەن.

* *

سۆزۈمنىڭ بېشى بىسمىللا ئاساسى بىر نەسىھەتتۇر،
نەسىھەت ئەمرىنى تۇتماق كىشىگە كۆپ پەزىلەتتۇر.
پەزىلەت ئەھلى بىرلەنكىم يارو دوست ھەمنەپەس بولسا،
بىرەردەم مۇڭدىشىپ ئالماق كىشىگە زەپ غەنىمەتتۇر.

غەنىمەت بىلمىسە ھەر كىم ئاقىللار سۆھبىتىنى گەر،
بولۇر مەھرۇم سائادەتتىن بۇ مەھرۇملۇق ئەجەب دەردتۇر.
نەدەردكى بىلمىگەن مۇشكۇل، نادان ئەلنىڭ ئىشى مۇشكۇل،
بىلىمدىن بەھرىسىز قالماق، تۈگەپ پۈتمەس نادامەتتۇر.
نە ئىللەتكى ھەۋەس قوغلاپ بىلىم ئالماي ئۆتتۇپ ياشلىق،
بويى دالدەك ئېگىلگەندە قاراپ تۇرماق قاباھەتتۇر.
قاباھەتتۇر سوراپ بىلمەي، بىلۇرمەندەپ غادايماقلىق،

شۇڭا ئاخىر يەنە ئېيتاي بىلىم ئالماق سائادەتتۇر.
سائادەتتىن ئالاي بەھرى دېسەڭ باغلا بىلىڭ مەھكەم.
بىلىم ئالغىن. بىلىم ئالماق ئۈچۈن ياشلىق غەنىمەتتۇر.

* *

مەن بېرىپ قالسام سالام تولغاپ بويۇن يارىم مېنىڭ،
تاق ئېتىپ ياپتى ئىشىك شۇددەم ئۇ دىلدارىم مېنىڭ.
خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇردۇم ئىشىكتە بىر زامان،
ئاھ دېدىم، ئاشتى بۇ كەمدە دىلدا ئازارىم مېنىڭ.
مەن ئىشەنچ ئەيلەپ شۇ كۈن بارغان ئىدىم ئۈمىد بىلەن،
يەتمىدى ھالىمغا ئەسلا، تۇل ئۈمىدۋارىم مېنىڭ.
ئىلتىپاتىدىن ئۈمىد ئۈزدۈم، شۇددەم بولدۇم بىزار،
ئەمدى قالماپتۇ جاھاندا دەپ خېرىدارىم مېنىڭ.
قايرىلىپ ئاستاغىنە ياندىم ئىشىكتىن خارۇ - زار،
زەپىراندۇر كۆرگۈچىلەر بولسا رۇخسارىم مېنىڭ.
ۋادەرىخا، يول يىراق، قايتماسقا مەندە يوق ئامال،
ئاھ ئۇرۇپ يانماقتىن ئۆزگە بولمىدى كارىم مېنىڭ.
شۇ ئېغىر كۈنلەردە قىلسام ئىلتىپاتىدىن ئۈمىد،
ئىلتىپات كۆرمەك نېمە، ئۇلغايدى ئازارىم مېنىڭ.
بولدى تار بۇ كەڭ جاھان، سەبرۇ ۋە تاقەت قالمىدى،
بولدى شۇدەم لەختە - لەختە بۇ يۈرەك - باغرىم مېنىڭ.

* *

قولۇمغا قەلەم ئالدىم، ئۆركەشلىگەچ ئىلھامىم،
ئىلھامغا بولۇپ ھەمدەم يارى بەرگەچ ئىمكانىم.
غەم ئېلىپ ماجالىمنى، ئەسلا قويماي ھالىمنى،
سەرسانە بولۇپ يۈردۈم زەررە قالماي دەرمانىم.
ئىزھار قىلماي ھالىمنى، كەتسەم گەر بۇ ئالەمدىن،
دەيتتىم دىلدا قالارمۇ تۈگىمەس پۇشايمانىم.
بۇ ھەسرەت چۈشۈپ دىلغا قالمىدى مېنىڭ ھالىم،
ئوت ئىچىدىكى قىلدەك تولغاندى ئېزىز جانىم.
شۇ دەمدە دېرىزەمدىن بېقىپ ئاھ دېدىم كۆككە،
بۈگۈن ئۆزگىچە كۈلدى تاڭ پەيتىدە چولپانىم.
ئۇنۇتقاندەك ئۆزۈمنى، ئاچتىم تېز دېرىزەمنى،
بەخت كۈيگە نەينى چېلىپ ئۆتتى چوپانىم.

**ئانا**

مىسلىسىز ئۇقتىدار يېتىلسە ماڭا، بىر مەررە ئاق سۈتۈڭ بەدىلى ئۈچۈن،
مەدھىيىلەپ مىسرالار تىزسام مەن ساڭا، مىڭ داستان پۈتسەممۇ ئەرزىمەس ئانا.

### شائىر قىزغا

زىيارەت قىلىشقا كېلىپسىز بىزنى،
قارشى ئالىمەن ھۆرمەتلەپ سىزنى.
ئېھتىمال بۇ بەلكى تۇنجى قەدەمدۇر،
كۆرمىگەن مەن سىزدەك بىر گۈزەل قىزنى.

تونۇتسام مەن ئۆزۈم نامسىز بىر ئادەم،
تۇرمۇشتا تاۋلانغان مۇندىن مۇقەددەم.
ئۇستازنىڭ ئورنىدا كۆرسىڭىز مېنى،
ئۆرنەكلىك سۆزۈمنى ئېيتسەمەن بۇدەم.

ياشلىقتا بىلىم دەپ سوقتى بۇ يۈرەك،
بولمىدى بۇ يولدا ماڭا بىر تىرەك.
ئۆكۈنسەم بۇ ئىشقا تېپىلماس چارە،
ئادامەت چەكمىكىم ئەمدى نەكېرەك؟!

ئۆتكەنگە ئۆكۈنسەم كەلمەيدۇ بىراق،
ۋاقىتنىڭ قايتمىقى ئەقىلدىن يىراق.
بۇ قىممەت ھاياتلىق پۇرسەتلىرىمنى.
مەنىلىك ئۆتكۈزمەك ئاندىن ياخشىراق.

بىلىڭكى، مەن ئۆزۈم ئاددىي بىر ئايال،
يولۇمدا دۇچ كەلدى كۆپ بوران - شامال.
نە شامال، دەھشەتلىك ئاققان دولقۇنلار
لەيلىتىپ - چۆكتۈرۈپ كەلتۈردى زاۋال.

ياشاندىم، سىز تېخى مەندىن تولا ياش،
ھاياتلىق تۇلپارى بولمايدۇ ياۋاش.
مەنزىللەر ئاتلايسىز شۇ تۇلپار بىلەن،
ئىززەتلەر ئالىسىز، تاۋلىنىدۇ باش.

ئارزۇلاپ بولۇشقا سىز بىر شائىرە،
ئىشتىياق باغلاپسىز قىزدىم ماھىرە.
مىڭ مەررە ئاپىرىن ئىرادىڭىزگە،
ئەل سۆيسۇن، شېئىرىڭىز بولسۇن نادىرە.

بىز كەتسەك ئەۋلادلار قولغا ئالىدۇ،
ھەم ئۆتكۈر كۆز بىلەن نەزەر سالىدۇ.
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا نەمۇنە بولۇپ،
تۆھپىمىز ئەبەدكە ئىز بوپ قالىدۇ.

ھەق سۆزنى ئېيتىمەن، ئىشتىڭ بىر رەت،
نە ئەجەب سۆزلىرىم بولسا بىر ئىبرەت.
رەنجىمەڭ، مەقسىتىم رەنجىتىش ئەمەس،
مېنىڭ پاك قەلبىمگە ئوقۇماڭ نەپرەت.

ئوقۇسام شېئىرىڭىز قۇرۇق گەپ بىراق،
ئەخلاقۇ ھايادىن، مەنىدىن يىراق.
ھەرقاچان ھەركىمگە سۆزۈمدۇر ئېنىق،
تاۋلىماي بولمايدۇ خام ئىكەن بىراق.

ئەنۋەر مەتسەيدى

## شېئىرلار

### ئەلىمىمنى باستىم كۆلكىدە

خىيالىمدا يەنە شۇ سوئال،
ئۆتمۇشۇمدىن كەلتۈرەر شەپە.
دىلنى ھىجران قىلغاندا قامال،
ئۆتتى ئۆمرۈم شۇنچە غەپلەتتە.

ئارزۇلىرىم تاپمىدى ۋىسال،
ئىشقىم مېنىڭ خورلۇق ئىلكىدە،
ۋىجدانىمدىن كەچمىدىم بىراق،
ئەلىمىمنى باستىم كۆلكىدە.

ئېسىت، روھى مەھكۇم جېنىمنى،
قىلالمىدىم يارىمغا پىدا.
ساۋاب ئىشقا بەرسەم دىلىمنى،
پۇلى بارغا يان باستى خۇدا.

ئىشقىم مېنىڭ خورلۇق ئىلكىدە،
ئەلىمىمنى باستىم كۆلكىدە.

**شۇڭا يىغلاپ ئۆتىمەن زار - زار**

گۈزەللىككە تولۇپتۇ قەددىڭ،
تەبەسسۇمىڭ گويا كى باھار.
جانىنى تەسلىم قىلار كۆزلىرىڭ،
چاچلىرىڭدىن پۇرايدۇ ئىپار.

كىرپىك قېقىپ بېقىشلىرىڭمۇ،
چاقماق كەبى كۆزۈمنى چاقار.
قولۇڭ سېلىپ يۈرۈشلىرىڭمۇ،
ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالار.

ھەتتا ئۇنسىز غەمكىنلىكىڭمۇ،
بۇ بىچارە كۆڭلۈمگە ياقار.
لاتاپىتىڭ، تەمكىنلىكىڭمۇ،
قىلار ئەقلى - ھوشۇمنى تارمار.

ئەپسۇس ساڭا يۈرەك سىرىمنى،
قىلالماسمەن ئەبەدىي ئىزھار.
بىراۋ ئۇتۇپ ئالغان كۆڭلۈڭنى،
شۇڭا يىغلاپ ئۆتىمەن زار - زار.

ھەسرەت بىلەن يۈرىكىم پارە،
ئۇرۇنۇشۇم ھەممىسى بىكار.
چۈنكى ئۆزۈم نامرات بىچارە،
خۇدايىممۇ بايلىققا خۇشتار.

سېنىڭدىمۇ ئۆلگەن جاسارەت،
تۇگىدى ھەم مۇھەببەت زىنھار.
بولۇپ قالدىڭ ئاخىرى بايلىق،
ئالتۇن جابدۇق - بېزەككە خۇمار.

شۇنچە خورلۇق ئازگىلىدا مەن،
بولۇپ قالدىم ساقايماس بىمار.
بىلگەن ئالتۇن قونچاق دېمەك سەن،
بىراۋ ئېلىپ، بىراۋغا ساتار.

* *

ئەپسۇس، ساڭا يۈرەك سىرىمنى،
قىلالماسمەن ئەبەدىي ئىزھار.
بىراۋ سېتىپ ئالغان تېنىڭنى،
شۇڭا يىغلاپ ئۆتىمەن زار - زار.

**يېڭى قىسسە باشلاندى شۇندىن**

مەن ئەزەلدىن بىلمەيتتىم سېنى،
چۈشۈمدىمۇ باقمىغان كۆرۈپ.
ئەقلىم ھەيران سىرلىق ئىشقۇ بۇ،
بىر كۆرۈپلا قالغىنىم كۆيۈپ.

مەنمۇ ساڭا ئىدىم ناتونۇش،
چۈشۈڭدىمۇ باقمىغان كۆرۈپ.
تۇۋا دەيمەن قىزىق ئىشقۇ بۇ،
قالدىڭ سەنمۇ مېنىلا سۆيۈپ.

ئېسىڭدە بار ئاشۇ بىر ئاخشام،
تۇيۇقسىزلا قالدۇق ئۇچرىشىپ.
يېڭى قىسسە باشلاندى شۇندىن،
ۋىسال بىلەن ھىجران قوشۇلۇپ.

كۆزلىرىڭدىن چۈشەندىم سېنى.
يۈرەك ئىشقىڭ تۇرار تۆكۈلۈپ.
سۆزلىرىڭدىن ئىشەندىم ساڭا،
دەم يىغلىدىڭ ۋە بىردەم كۈلۈپ.

دېمەك، شۇنداق كەتتىم مەلەگدىن،
دىلىم غەم ۋە ئىستەككە تولۇپ.
ئۆتەر كۈنۈم شۇنىڭدىن بېرى،
تەقدىرىمگە سوئاللار قويۇپ.

## چىدىماسمەن

جامالىڭغا ئەسىر بولدۇم ئۇماق قىز،
سېھرىڭ بىلەن بولدى مېنىڭ ئەقلىم لال.
سەنمۇ بەلكىم بىلدىڭ قەلب سىررىمنى،
كۆيلىرىمدە يۈرەكتىسەن بىماجال.
تاسادىپەن تونۇشقان بىز ئىككىمىز،
قول بېرىشىپ چىن دوستلۇققا ھەم ئاۋۋال.
خۇپپىيانە ئەمەكلىشىپ يۈرۈشتۇق،
ئارىمىزدا كۆرۈلمىدى غەيرىي ھال.
يېگانىلىق يالقۇنىدا ئۆرتىنىپ،
سېغىنغاندا يىراقتىكى يارىمنى.
بويۇڭ ئاشۇ ئامرىقىمنى ئەسلەتتى،
مېھرىڭ يەنە چەكتى يۈرەك تارىمنى.
گۈزەللىكىگە ئوخشايدىكەن يۈزۈڭمۇ،
جىلۋىلىرىڭ ئۇلغايتتى ھەم ئاھىمنى.
كۆپ ئۆتمەستىن قالدىڭ مېنى ياقتۇرۇپ،
گەرچە ئېنىق بىلمىسەڭمۇ ھالىمنى.
چىدىماسمەن كۆزۈڭ بىلەن قېشىڭغا،
يۈرىكىمگە نەشتەر گويا نىگاھىڭ.
پات ئارىدا ئايرىلسامۇ سېنىڭدىن،
قالار قەلبىم ئەينىكىدە چىرايىڭ.
ئېيتقىن، ماڭا سېھىر-ئەپسۇن قىلدىڭمۇ،
بەنت قىلدى دىلنى مەسۇم سىمايىڭ.
قالدۇردۇڭغۇ سۆيگۈمنى بىر تەڭلىكتە،
بارمىدى يا مەندىن ئىشق تەمەيىڭ!

چىدىماسمەن ئۇماق قىزچاق ھۆسنۈڭگە،
زىبالىقىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتەر،
ھېسلىرىمنى داۋالغۇتتى، ئۇلغايتتى،
دېمەك، باردۇر بۇنىڭدىلا بىر خەتەر.
ئەمما، ئاشىق-مەشۇقلاردەك قولدۇشۇپ،
باغ ئارىلاپ مۇڭداشساقمۇ بىز ئەگەر.
تارتىنىشتا بۇ بىچارە «سۆيگۈ» نى،
ساقلىدۇق بىز دىلدا پىنھان شۇ قەدەر.

چىدىماسمەن تۈز ۋە ئاپئاق كۆڭلۈڭگە،
ئىخلاسلىرىڭ قىلار مېنى كۆپ خىجىل.
رەشىك، ھەسەت قاپلار يەنە دىلىمنى،
كىممۇ مەندەك بولۇر ساڭا خۇپ ئىجىل.
ئاھ، بۇ شورلۇق قىسمەتلىرىم ئاجايىپ،
چۈشۈنمەمۇ بۇ، يەتمەس بۇڭا ھېچ ئەقىل.
دۇچار بولدۇم يەنە يېڭى ئازابقا،
ئۆزۈڭ ماڭا سەبرى-تاقەت ئاتا قىل.

چىدىماسمەن يەنە ساددا ئەقلىڭگە،
بەخت ساڭا، سەن بەختكە يارامسەن؟
ياكى بەخت يا پۇشايمان قۇچقاندا،
يۈرىكىڭدىن مېنى ئەسلەپ قويامسەن؟

## رازىيە

سىڭلىم، دېسەم سىزنى رازىيە،
تىلىم ئەمەس دىلىم كۆيىدۇ.
سۆيگىنىم سىز دېسەم رازىيە،
دىلىم ھەمدە تىلىم كۆيىدۇر.
نېمە دېسەك مەيلى رازىيە،
دەپ قويغانغا نېمە بولىدۇ؟
سۆيۈشمەيلى يىراق رازىيە،
بۇ ئىش بالا-دەردكە قويىدۇ.

سۆيگىنىم بار، چۈنكى رازىيە،
ئۇنى ھەردەم سۆيگۈم كېلىدۇ.
ۋاپاسىزلىق قىلسام رازىيە،
ھايال ئۆتمەي ئۆلگۈم كېلىدۇ.
شۇنداق تۇرۇپ نىچۈن رازىيە،
كۆزىڭىزدە چۆككۈم كېلىدۇ؟
دوست، دۈشمەندىن غەم يەپ رازىيە،
باغرىڭىزغا مۆككۈم كېلىدۇ...

# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

ئابدۇرېھىم نەۋرۇز (تاجىك)

## سۆيگۈ دەپلا سالىمەن چۇقان

### تۇنجى قەدەم

دەريا سۈيى ياسىغان دولقۇن،
مېھرى بىلەن سۆيەر ئانا يەر.
نۇر تەپتىدىن كۆز قىسار قۇملار،
ئىلھاملىرىم قاقار يۇمشاق پەر.

تاغ تەۋەللۇت قىلىدۇ شەپەق،
قىزىل قانغا بويىلار دەريا.
كۈچلۈك چاقماق چاقناشلىرىدەك،
چاقنايدۇ تاغ، چاقنايدۇ دۇنيا.

شەپەق تامان كېلىمەن مەغرۇر،
قىزىل نۇرغا بۆلىنىپ تۈگەل.
قىزىل نۇردا يۇيۇنۇپ غەيۇر
تاغ پەرىسى كېلىدۇ گۈزەل.

گىرە سالار بويىنۇمغا مەھكەم
لەۋلىرىمدىن ئاقار قىزىل قان.
ياشلىقىمدا، بۇ تۇنجى قەدەم.
سۆيگۈ دەپلا سالىمەن چۇقان!

### شاۋقۇنلىرىڭ ئەي ئانا دەريا

شاۋقۇنلىرىڭ ئەي ئانا دەريا،
بىر ناخشىدۇر سۆيگۈ مۇجەسسەم.
شاۋقۇنلىرىڭ كۈي تۆكەر دۇنيا،
شاۋقۇنلىرىڭ — ئۇ مېنىڭ ئەركەم!

شاۋقۇنلىرىڭ ئانا كۈلكىسى،
سەبىي بوۋاق بەختىچۇن كۈلگەن.
شاۋقۇنلىرىڭ جانان جىلۋىسى،
مەپتۇن قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن.

شاۋقۇنلىرىڭ ھاياتىم كۈيى،
گۈلگۈن ھايات كۈيلىنەر ياڭراق.
شاۋقۇنلىرىڭ ياشلىقىم ئۈنى،
زەپەرلەردىن تىكلىسەم بايراق!

### خەير ساڭا ساختا سۆيگۈلەر

قىلىشمىغان مۇھەببەتلىك قەسەملەر،
بىزدە بارى ئەندىشىلىك ئىشىنىش.
گاھى يەنە تاتلىق - تاتلىق ئەلەملەر.
چۈشلىرىمدە ئۇچراتمىدىم سېنى ھېچ.

تىنىقىمىز بەختىمىزگە ئۇل سالغان،
كۆزىمىزدە ئۇيۇلۇش ھەم ھولۇقۇش.
تەلمۈرمىگەن قۇچىقىڭغا ھېچ قاچان،
سەن دېمىدىڭ ئايرىلغاندا: «خەير-خوش».

يۈز ئۆرۈدى ئاپتاپپەرەس شۇ سۆيگۈڭ،
دەردىم تۇغدى يېڭى - يېڭى ئەلەملەر.
قۇياش كۈلەر بۈگۈن ئەتە ھەم ئۆگۈن،
تەكشى ئەمەس مۇھەببەتلىك قەدەملەر.

### جادۇ بىلەن سۆيگۈمىزنى رەڭلىدىڭ

قار دەپتىمەن ئاق كۆڭلۈڭنى ئاق بىلىپ،
قار ئاتقاندەك قارلىق دېسەم بىر چاغدا.

رەنجىتمىدىم كۆكۈللەرنى ساق بىلىپ،
ئويلىمىغان قالارمەن دەپ بۇ ھالغا.

ئوغرى يۈرەك، ئوغرى سۆيگۈ، ئوغرى ئوت،
كۆزلىرىمدىن ئېلىپ قاچتى ئۇيقۇلار.
بۆسۈپ كىردىڭ كۆكۈللەرگە ئۇشتۇمتۇت،
بېرىپ سۆيگۈ، بېرىپ ئاتەش تۇيغۇلار.

كۆزلىرىمنى كۆمۈپ قويدى كۆزلىرىڭ،
يۈرەك دېسەم بىر پارچە گۆش تەگلىدىڭ.
قاردەك سوغۇق ئەمدى سېنىڭ سۆزلىرىڭ،
جادۇ بىلەن سۆيگۈمىزنى رەگلىدىڭ!

## چېكەي دېسەم

كۆز قىسقان يۇلتۇز — ئاق كېچە،
خانەڭ تامان قالدۇرىمەن ئىز.
سۆيگۈ دېدىم، قول سوزدۇم نەچچە،
چېكەي دېسەم دېرىزەڭ ئېگىز.

تەلمۈرىمەن سۆزۈلگىچە تاڭ،
بالكونۇڭدا كۆرىمەن سېنى.
مەندە پەقەت سۆيگۈ دېگەن ئاڭ،
ئاھۇ كۆزۈڭ كۆرەمدۇ مېنى؟

بالكونۇڭدا بولسەن نازىل،
شېرىن كۈلكەڭ ئۆلتۈرەر مېنى.
سەن پەرىزات، ياق! سەن ئەزرائىل،
نېمىشقا سەن ئاشۇنداق جېنىم؟...

## سۆيگۈ ...

سۆيگۈ — ئۇلۇغ، سۆيگۈ — مۇقەددەس،
سۆيگۈ بىلەن يارالغان ئالەم.
سۆيگۈ ئاچار قەلبلەرنى، بەس!
سۆيگۈ بىلەن قەدىرلىك ئادەم.

سۆيگۈ بىلەن سېھىرلىك كۆزلەر،
سۆيگۈ بىلەن سوقىدۇ يۈرەك.
سۆيگۈ بىلەن زەپ شېرىن سۆزلەر،
سۆيگۈ گۈلگۈن، گۈزەلدۇر دېمەك.

سۆيگۈ تۆكەر سۆيۈملۈك شۇ، تار،
سۆيگۈ بىلەن جاراڭلار ناخشام.
سۆيگۈ بىلەن ئادەملەر يېقىن،
سۆيگۈ بىلەن گۈزەلدۇر ئاخشام.

## ئەجەب يەللىق سېنىڭ شۇ سۆزۈڭ

«ساراڭ، ساراڭ» ئەجەب يەللىق سۆز،
قايسى ئىنسان دېگەنىكىن باشتا.
ھەر نۆۋەتتە دېسەڭ قارا كۆز،
كۆيەر يۈرەك ئوتلۇق بىر ھېستا.

ئەجەب يەللىق سېنىڭ شۇ سۆزۈڭ،
شۇ سۆزنىلا بىلەمسەنكىن تاڭ.
كۆزلىرىڭگە چۈشكەندە كۆزۈم،
تۇرالمايمەن بولسەمن ساراڭ.

## شۇنداقلارغا ...

تۇغقىنىدا تۇخۇمنى مىكىيان،
پەخىرلىنەر ئۆزىدىن شۇئان،
لېكىن خوراز دەيدۇ مىكىيانغا:
«ئاشۇ تۇخۇم — مېنىڭدۇر ھامان»
شۇنداق ئىنسان باركى دۇنيادا،
خەق ئەجرىدىن قوچار شەرەپ - شان.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

راھىلە، پەرھات، سۇرئەت

# ئاتىمىز ياققان چىراغ

(ئەسلىمە)

كونىلاردا «ئاتاڭ ياققان چىراغنى ئۆچۈرمە» دېگەن گەپ بار. بۇ سۆز ئاتاڭنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىل، ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى داۋاملاشتۇر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بىز ئاتىمىز ياسىن ھاجى خۇدا بەردى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدۇق.

پەرزەنت ئۈچۈن دۇنيادا ئاتا-ئانىدىن ئۇلۇغ ۋە ئەزىز نەرسە يوق، ئۇلاردىن ئايرىلىش ھەقىقەتەن ئېغىر. بىز ئاتىمىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدۇق.

دادىمىز مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل، كەمتەر ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس مىجەز-خۇلقىمىزنى، نېمىنى ياخشى كۆرۈپ، نېمىنى يامان كۆرىدىغانلىقىمىزنى، ئەقىل-پاراسىتىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تولۇق بىلەتتى ۋە شۇنىڭغا قاراپ ھەر بىرىمىزگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلاتتى. بىراق ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدە، ھەتتا ئېچىنىپ ئېيتقان تەنقىدىي پىكىرلىرىدىمۇ ئاتىلىق مېھرى-مۇھەببەت جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. دادىمىز ھېچقاچان ھېچقايسىمىزنى ئورۇنسىز ئەيىبلىمەيتتى، پەقەت بىزنىڭ جەمئىيەتكە پايدىلىق، خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتى.

مېھرىبانلىق بىلەن تەلەپچانلىقنى، ئىززەت-ئېتىبارنى ساقلاش بىلەن كەمتەرلىكنى، توغرا سۆزلۈك بىلەن مۇلايىملىقنى بىرلەشتۈرۈش — دادىمىز ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ھەرقاچان بىزدىن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىمىزگە باشلىقنىڭ بالىسى دەپ تەمەننا قويماسلىقنى، ئاددىي-ساددا بولۇشىمىزنى، ئۆزىمىزنى ئەر بىلىسەك باشقىلارنى شىر بىلىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى. ئەخلاق، بىلىم جەھەتتە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا سېلىشتۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە تۇرمۇش ئەھۋالى ئۆزىمىزدىن تۆۋەنلەرگە سېلىشتۇرۇش توغرىسىدا ئىزچىل تەربىيە بېرەتتى. دادىمىز بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىمتىيازلارنى سۇيىئىستېمال

قىلماسلىق، باشقا ئورۇنلاردا دادىمىزنىڭ نامىدىن پايدىلانماسلىق — ئۇ بىزگە قويىدىغان قاتتىق تەلەپلەرنىڭ بىرى ئىدى.

دادىمىز ياسىن ھاجى خۇدا بەردى ئۆزىدىن ياردەم سوراپ كەلگەن كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. روھىي جەھەتتىن كەمسىتىلگەن كىشىلەرنى يۆلەش، ئۇلارغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىش، ئىش ئىزدەپ كەلگەنلەرنى مۇۋاپىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇستىدە باش قاتۇرۇش — ئۇنىڭ ياخشى خىسلىتى ئىدى. بىراق ئۆز سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ بىزنى ئۆزىمىز مۇناسىپ بولمىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايتتى. «ئاۋۋال ئۆزۈڭلار شۇ ئىشقا لايىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىڭلار، ئۆگىنىڭلار، تىرىشىڭلار، تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەڭلار، شۇ چاغدا باشقىلارمۇ ئۆز جايىڭلارنى تېپىشىڭلارغا ياردەم بېرىدۇ» دەيتتى ئۇ.

دادىمىز ئۈمىدۋار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يىللىرىدا تولىمۇ روشەن بايقالدى. ئۇ چاغدا بىز كىچىك بولساقمۇ نازارەت ئاستىدا ياشايتتۇق، مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كېلىدىغان ئازاب كۆپ ئىدى. ئەمما بىز دادىمىزنىڭ بىرەر قېتىممۇ روھىنى چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرمىگەنىدۇق. «بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ھادىسىلەر، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ دەپ خەلقىمىز بىكار ئېيتمىغان» دەيتتى ئۇ ۋە بىزنى ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈگىتەتتى. دادىمىز تۈرمىدە 5 يىل يېتىپ چىقىپ تارىمغا سۈرگۈن قىلىنغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئۈمىدۋارلىق روھى، كېلىچەككە بولغان ئىشەنچىسى يوقالمىدى. ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقتا تولغان باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىغا، ئادالەتنىڭ جەزمەن تەنتەنە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ ياشىغانىدى.

خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە قۇربان قىلىش، ھەمىشەم ئومۇمنىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، ئەمەل ۋە ئىمتىيازنى ئۆزگىلەردىن ئۈستۈن تۇرۇش قورالى ئەمەس، بەلكى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەڭ مەسئۇلىيەتلىك ۋاسىتىسى سۈپىتىدە چۈشىنىش — دادىمىزنىڭ يەنە بىر ئېسىل پەزىلىتى ئىدى. بۇ پەزىلەت ئۇنىڭ بىزگە تەلەپچانلىقىدىمۇ، خىزمەتداشلىرىنى باھالاشتىمۇ، ئىشنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىشىدىمۇ بايقىلاتتى.

بىر قېتىم باللاردىن بىرى دادىمىزنىڭ «ھايات ساداسى» ناملىق كىتابى چىققاندىن كېيىن: «سەن 30 - يىللاردىن تارتىپلا شېئىر يېزىپتىكەنسەن، ھازىر 40 - يىللاردا شېئىر يېزىشنى باشلىغانلارنى پېشقەدەملىرىمىز دەپ كىتابلارغا يېزىۋاتىدۇ، سەن نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشاش ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنلا شۇغۇللانمىغان ئىدىڭ؟» دەپ سوراپ قالدى. دادىمىز ئالدىدىكى كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ: «شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت شارائىت مەندىن تەشكىلىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئىجادكار ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان، تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان ئادەملەر كېرەك. 1940-يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن تاكى ھازىرغىچە ئەنە شۇ خاس ۋەزىپىنى بېجىرگەنلىكىم

ئۇچۇن يۇشايمىنىم يوق. بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى 1950 - يىللاردا كۆچلۈك تەشكىلاتچىلارغا، مەمۇرىي كادىرلارغا موھتاج ئىدى. شۇنداق بىر پەيتتە مەن ۋە ماڭا ئوخشاشلار شېئىر يازىمەن دەپ چەتكە چىقىۋالساق بولاتتىمۇ؟ ئىجادكارلارنى يۆلەش، قوللاش، پەرۋىش قىلىشمۇ بەخت» دېگەنىدى.

دادىمىز ئۇچۇن ۋەتەن ۋە خەلق ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارىمايتتى. خەلقسىز ۋەتەن، ۋەتەنسىز خەلق روناق تاپالمايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن بېشىغا نەڭ ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمىدى.

ئىجادكارلارنى ئاسراش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش، تالانت ئىگىلىرىنى يۆلەش— دادىمىز ياسىن ھاجى خۇدا بەردىنىڭ يەنە بىر پەزىلىتى. ئۇ ئۇزاق يىللار جەريانىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە رەھبەرلىك قىلىپ كۆپلىگەن شائىر - يازغۇچىلارنىڭ، ناخشىچى، سازەندە، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ خەلققە تونۇلۇشىغا يار - يۆلەك بولدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا — ئېغىر ئاغرىپ ياتقان پەيتلەردىمۇ قايسى شائىر، يازغۇچىنىڭ ياكى ناخشىچى، سازەندە، ئۇسسۇلچىنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ئىگىلەپ، بىلىپ تۇرغانىدى. دادىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ۋە رەڭمۇرەڭ سەنئىتىگە بولغان مۇھەببەت ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىدى. ئېھتىمال شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا كېرەك، تالانت ئىگىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇ زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە ئوخشاش شائىر، يازغۇچىلار، زېكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوۋ، ھۆسەنجان جامى، پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان، ئەمەت ئۆمەر، غازى ئەمەت قاتارلىق سەنئەتكارلارنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئۇلارنى «مەدەنىيىتىمىزنىڭ پەخرى» دەپ ھېسابلايتتى. بولۇپمۇ زۇنۇن قادىرنىڭ توغرا سۆزلۈكىنى، ئاق كۆڭۈللۈكىنى، يازغۇچىغا خاس ئادىللىقىنى، پاكلىقىنى يۇقىرى باھالايتتى. ئۇ: «زۇنۇن قادىر خەلقنىڭ ۋەكىلى، ۋەتىنىمىزنىڭ پەخرى» دېگەنىدى. دادىمىز تالانت ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلاتتى. مەسىلەن، دادىمىز دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىغا 40 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس ئادەم كېلىپ ئۇنى تارىمنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ژۇرنال سەھىپىسىدە تونۇشتۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، دادىمىز مۇنداق دېدى: «ژۇرنالنىڭ چىقىشىغا ۋە بۈگۈنكى ھالەتكە كېلىشىگە كۈچ چىقارغانلار كۆپ، سىلەر مېنى تونۇشتۇرغاندىن كۆرە، ئارىمىزدىن مەڭگۈلۈك كەتكەن تالانتلىق ئەدىبلىرىمىزنى مەسىلەن، زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجىلارنى ياخشىراق تونۇشتۇرۇڭلار، مەن تىرىك، ئۇلار بولسا ھاياتتىن كۆز يۇمۇپ، تالاي ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىنى ھىجران ئوتىدا كۆيدۈردى.»

دادىمىز ھەمىشەم ھەقىقەتنى قوغداشقا تەييار تۇرۇپ، ئۆز پىكرىنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈزىگە ئېيتالايتتى، ئۇ بەزىلەرنىڭ تارىخي ھەقىقەتنى بۇرمىلايدىغان كۆز

قاراشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلاتتى، ئۆز پىكرىنى ئېغىزىدىلا ئىزھار قىلىپ قالماي، ماقالىلىرىدىمۇ ئىزھار قىلاتتى.

دادىمىز ياسىن ھاجى خۇدا بەردىگە خۇشامەتچىلىك، كىمنىڭدۇر ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ئوخشاش رەزىللىكلەر يات ئىدى، ئۇ بۇنداق ئادەملەردىن نەپرەتلىنەتتى، «خۇشامەتچىلىك ئەڭ يامان ئىللەت، — دەيتتى بىزگە پات - پاتلا، — جان چىقىپ كەتسىمۇ راست گەپ قىلىشقا ئۆگىنىڭلار، خۇشامەت قىلىپ ئەمەلدار بولۇش كويىغا كىرمەڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشچانلىقىغا، ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىڭلار، تاماخور، ئاجىز ئادەملەر خۇشامەتچى كېلىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئۆزى ساقلىشى كېرەك. شۇڭلاشقا، باللىرىم، بىزدىن كېيىن قالغاندىمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن خەلققە ياخشى خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىڭلار».

دادىمىز ياش ئىجاتكارلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ھېچقاچان يادىدىن چىقارمىدى. ئۇ تالانت ئىگىسىنىڭ پەرۋىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولىنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى، شۇڭلاشقا يېڭىدىن تونۇلۇشقا باشلىغان شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقېنىپ ئوقۇپ چىقاتتى ۋە ئۆز باھاسىنى بېرەتتى. ئۇ 80 - يىلدىن كېيىن ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلارنى جەلپ قىلغان بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ نامىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالاتتى. دادىمىز ياسىن ھاجى خۇدا بەردى بۇ ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پىكىر چوڭقۇرلۇقىنى قوللاش بىلەن بىللە، بەزىلەرنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەتنى رەت قىلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ۋە شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ مودېرنىزمغا قارىغۇيۇق قارشى تۇرۇشىنى ئەيىبلىگەنىدى.

دادىمىز ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتچىسى ئىدى. بىز كۆپ چاغلاردا دادىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋاللىرى توغرىلىق سۆزلەپ مەسلىھەت سوراۋاتقان ئادەملەرنى كۆرەتتۇق. ئۇلار دادىمىزنىڭ يېنىدىن مەسلىھەت، مەدەت ئېلىپ، روھى كۆتۈرۈلگەن ھالدا، خۇشال - خۇرام قايتاتتى. ئۇ ھەمىشەم بىزگە: «شۆھرەتكە ئىنتىلىپ، ۋىجدانىڭلارغا خىيانەت قىلىشتىن، ئابروي ئۈچۈن ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئەمەل ۋە شۆھرەت ئالدامچى كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ساختا يول بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن كىشى كېيىن قانداق غۇلاپ چۈشكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالىدۇ، ئادەمنى پەقەت قەتئىي ئىرادە، ھالال ئەمگەك، توغرا نىيەت، يۈكسەك ئارمانلا خەلقنىڭ نەزەر ئېتىبارىغا ئېرىشتۈرۈپ، پارلاق نەتىجىلەرگە ئىگە قىلىدۇ، بۇنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار» دەيتتى.

بىز دادىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى زادىلا ئەستىن چىقارمايمىز. ئۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي، چىن دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەم بولىمىز.

ماخمۇتجان ئىسلام

# ئۇ ئۇمۇمىيەتچىل ئادەم ئىدى

ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ھامان ئەسكە ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى ياخشى خىسلەت-پەزىلەتلىرى بىلەن تىلغا ئېلىنسا، پەزىلەتلىرى ئەسكىلىكلىرى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئادەم ياخشىلارنى ئەسلىگەنسېرى ئۇنى شۇنچە سېغىنىدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ئاشىدۇ، ئۇنىڭ قەد-رىگە شۇنچە يېتىدۇ؛ ئەسكىلەرنى ئەسلىگەنسېرى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچە نەپرەتلىنىدۇ. كو-نىلارنىڭ: «ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات» دېگەن سۆزى راست بولسا كېرەك.

مەن پېشقەدەم ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدابەردىنى ئەسلەپ، يۇقىرىقىلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە، ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى شۇنچە ھېس قىلدىم.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تونۇلغان جامائەت ئەربابى، پېشقەدەم ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدا بەردى بەختكە قارشى ۋاپات بولۇۋىدى، ھەممىيلەن قايغۇردۇق، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ بىر قابىلىيەتلىك يېتەكچىسى، تەشكىلاتچىسى، مېھرىبان پەرۋىشكارىدىن، قىزغىن ئىجادكارىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى، دېيىشتۇق. بۇ ئۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدە قالدۇرغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىسپاتلىدى.

مەن ياسىن ھاجى خۇدابەردى بىلەن ئىككى-ئۈچ قېتىم يىغىنلاردا ئۇچراشقاندىن باشقا، كۆپرەك ئالاقىلاشقان، سۆھبەتلەشكەن ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئۇ ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىدىن باشقا، ئۇ ھەقتە كەڭرەك، چوڭقۇرراق تونۇشقىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ سۇرلۇك، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. 1989-يىل 4-ئايدىكى ئۇنىڭ بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت مېنىڭ ياسىن ھاجى خۇدا بەردى توغرىسىدىكى تونۇشۇمنى ئۆزگەرتتى. توغرا، ئۇ باشقىلار دېگەندەك سۇرلۇك ئىكەن، ئەمما قوپال، توڭ، تەرسا ئەمەسكەن، خۇشچاقچاق، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئىكەن. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى: ئومۇمىيەتچىل ئىكەن.

ئۇ مېنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىغا يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ئالدىمغا ياسىن ھاجىكامنىڭ «تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا بىر-ئىككى ئېغىز سۆز» دېگەن ماقالىسى كېلىپ قالدى. مەن ماقالىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تولۇقلاشقا، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتا بارلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ماقالىنى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇندۇم. ئۇلارمۇ مېنىڭ پىكرىلىرىمنى مۇۋاپىق كۆردى. بىز ماقالىنى تەھرىرلەشتىن ئىلگىرى ياسىن ھاجىكامنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كۆرۈشنى لايىق تاپتۇق. بۇ چاغدا ياسىن ھاجىكام ئاغرىق بولۇپ، ئۆيىدە داۋالىنىۋاتاتتى. بىرنەچچەيلەن ياسىن ھاجىكامنىڭ قېشىغا بېرىشتىن يالتايدى. ئۇلار: «ھاجىكامنىڭ ئاچچىقى يامان،

گەپ تالىشىپ قالساق ياخشى ئەمەس» دېيىشتى. ئاخىرى ئۆزۈم بىرىنچى توغرا كەلدى. بەزىلەر ماڭا: «ھاجىكام تەرساراق، ئۆز پىكرىدىن يانمايدىغان ئادەم. سەن بۇ يەرگە يېڭى، خېلى چوڭ-چوڭ باشلىقلار بارىدىغان يەردە سەن بىرىپ سۆزلەشسەڭ، ئۆزۈڭگە ياخشى بولماسمىكىن» دېدى. مەن ئارىسالدى بولدۇم. ئاخىر ھاجىكامغا تېلېفون بىرىۋېدىم، كېلىڭ، كەڭ-كۇشادە سۆزلىشەيلى، دېدى.

مەن ئۆيگە كىرگەندە ياسىن ھاجىكام كارىۋاتتا ياتقانىكەن، ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، مەن دەرھال:

— يېتىۋېرىڭ، يېتىۋېرىڭ، — دېدىم.

— مېنى ھاكاۋۇر، تەكەببۇر ئىكەن، دەپ قالارسىز، — دېدى ئۇ ۋە كۈلۈپ كەتتى. دەرھاللا باللارنى داستىخان تەييارلاشقا بۇيرۇدى. ئاشۇ كۈلكە ۋە باللارغا داستىخان تەييارلاش توغرىسىدا بىرىلگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ مەندىكى ئەندىشە، تارتىنىش يوقالدى. مەن كۆڭلۈمدە ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا: «ھە نېمە پىكىرلىرىڭ بار، قېنى دە» دېيىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. ھاجىم ئالدى بىلەن مەندىن ئۆزۈمنىڭ، بالا-چاقىلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى، ئاندىن «تارىم» دىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئەسەرلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى سورىدى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ «تارىم»نى ياخشى چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. بىز ئەسلى تېمىغا كۆچۈشتىن ئىلگىرى چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئۇرغۇن پاراڭلاشتۇق. ياسىن ھاجىكام ئەدەبىيات-سەنئەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە باشقىلار ھەققىدە ئەھمىيەتلىك گەپلەرنى قىلدى. ئاخىرىدا ماڭا ئاقلانغان نەشپۇتنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— قېنى، ئەمدى دەڭ، مېنىڭ ھېلىقى ماقالەم توغرىسىدا قانداق پىكىرلىرىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭچە، ماقالىدە تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك مۇنداق ئىككى نۇقتا بار، — دېدىم مەن ھاجىمنىڭ چىرايىغا قاراپ. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەستايىدىللىقتىن باشقا ئىپادە يوق ئىدى، — بىرى، تەھرىرلەر جاپاكەش، ئەمما ماقالىدە ئۇلارنىڭ ئورنىغا تولۇقراق باھا بېرىلمەپتۇ.

— توغرا، تەھرىرلەر ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە، خۇددى ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاشلا، ئۇن قەدەم نېرىدىن تەزىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر، ئۇلارنى قانچە مەدھىيىلىسەك ئەرزىيدۇ. بۇنى تولۇقلاش كېرەك. يەنە بىرىچۇ؟ — دېدى ياسىن ھاجىكام.

— يەنە بىرى، تەھرىرلىك ئىشلىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بەزى سۆزلەرنىڭ سالمىقى ئېغىر، بۇ سۆزلەر بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە پايدىسىز، — دېدىم مەن.

— ھە، ھە، كونكرېتراق سۆزلەڭ، — دېدى ياسىن ھاجىكام، — بىزنىڭ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىشتىن مەقسىتىمىز — تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش.

— مەن دېسەم خاپا بولۇپ قالارسىزمىكىن؟

— ھە، سىزگە بەزىلەر شۇنداق دېگەن ئىكەن-دە! — دېدى ياسىن ھاجىكام كۈلۈپ، — خاتالىق بولسا تۈزىتىش، بولمىسا دىققەت قىلىش — بىزنىڭ پرىنسىپىمىز. بۇ پرىنسىپ مۇشۇ بىر ماقالىغىمۇ، ماڭىمۇ باب كېلىدۇ. سۆزلەۋېرىڭ، كۆڭلۈڭىزدىكىنى، راست گەپنى دەڭ.

— سىز ماقالىدە تەھرىرلىك ئىشلىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە

ئاىچە گەپ قىلماپسىز. مەلىبە-سەۋەب ياخشىراق كۆرسىتىلمىسە، ھەممە سەۋەنلىك تەھرىرى-
لىڭ ئۈزىگىلا ئارتىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ماقالىڭىزدە بەزى تەھرىرلەر ئەسەر تاللىغاندا
«ئەسەرگە ئەمەس، مەلىپەتپەرەسلىك نۇقتىسىنەزەرى بويىچە ئادەمگە، ئۈلپەتچىلىك جەھەت-
تىكى يېقىن-يىراقلىققا قارايدۇ. مۇھاپىزەت كۇنلۇكى بولالايدىغان، نەپ تېگىدىغان ئاپ-
تورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسەرگە ئوخشىمىسىمۇ ئېلان قىلىشقا ئالاھىدە تىرىشىدۇ... قەلەم
ھەققىنى بېكىتىشتە ئالاھىدە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ...» دېگەنىدەك سۆزلەر بار. گەرچە
بىرە-يېرىم كىشىدە مۇنداق ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئومۇمىيلىق ئەمەس، كۆپ ساندىكى
تەھرىرلەر ياخشى، ئۇلار پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا: «بۇ، ئومۇمنىڭ خەزىنىسىنى
باشقىلارنىڭ تاپاۋەتخانىسىغا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى ئىنتىزامسىزلىقتۇر» دەپسىز. شۇنداقلا
«ئايرىم گېزىت-ژۇرناللاردا تەھرىر تونۇشى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن توپا بېسىپ ياتقان،
ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىۋېتىلگەن ئەسەرلىرىمىزنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟» دېگەنىدەك سۆز-
لىرىڭىزمۇ بار. مېنىڭچە، مۇنداق سۆزلەر مەنبۇئاتتا ئېلان قىلىنسا جان پىدالىق بىلەن
ئىشلەۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەھرىرلەرگە ئۇۋال بولىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى سىز ئۇزۇن يىل ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى
ئىشلىگەن، ھازىرمۇ سىز ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخ-
رىي رەئىسى، ئاما ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋىتىڭىز بار. شۇڭا سىز دېگەن بۇ ئەھۋاللارنى
بىر قىسىملار ئومۇمىيلىق دەپ قارىشىلىشى، شۇ ئارقىلىق تەھرىرلەرگە ئىشەنمەيدىغان، ئۇلار-
نىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە تەھرىر-
لىك خىزمىتىگە، تەھرىرلەر بىلەن ئاپتورلار، كىتابخانلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە پايدىسىز.

ياسىن ھاجىم بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— سۆزلىرىڭىز دۇرۇس، — دېدى خۇشاللىق بىلەن، — مەن سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىش-
نىلا ئويلاپ، سىز دېگەن تەرەپلەرنى ئانچە ئويلىنىپ كەتمەپتىمەن. راست، بىز تەھرىر-
لەرنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلار ئەڭ جاپاكەش كىشى-
لەر، يۈكىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات. شۇنداق ھالەتتە بىز
يەنە ئۇلارنى «نامسىز قەھرىمان»لار دەپ قۇرۇق نام بىلەنلا ئاغزىغا ئىمىزگە سېلىپ
قويۇپ، يۈكىنىڭ ئېغىرىنى ئىتتىرىۋەرسەك، ھەدەپ تەنقىدلەۋەرسەك بولمايدۇ. سىز ماقالىنى
يۇقىرىقى پىكىرلەر ئاساسىدا تەھرىرلەڭ، ئاندىن مەن كۆرۈۋېتەي.

«مانا بۇ ئومۇمىيەتچىلىك، ئومۇمنى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقانلىق، پرولېتا-
رىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس كەڭ قورساقلىق!» دېدىم مەن ئىچىمدە.

بىز ماقالىنى تەھرىرلەپ بولۇپ ياسىن ھاجىمغا كۆرسىتىۋىدۇق، مەمنۇن بولدى.
ماقالە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ ياخشى بولدى.
بۇ خۇددى كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمىگەندەكلا ئىش بولدى، تەھرىرلەر مەدھىيىلەندى،
ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكى، قانداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى كۆرسىتىلدى.

مەن ھەر نۆۋەت شۇ قېتىملىق سۆھبەتنى ئويلىسام، ياسىن ھاجىمنىڭ ئومۇمىيەت-
چىلىكىدىن ھاياجانلىنىمەن ۋە ھەممە ئادەم، بولۇپمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە، رەھبەرلىك
خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلار ياسىن ھاجىمدەك ئومۇمىيەتچىل، كەڭ قورساق بولسا، خىزمەت-
لىرىمىز نەقەدەر ئوڭۇشلۇق بولغان بولاتتى، دەپ ئويلايمەن.

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

## ۋارىسلىق قىلىش، ئىنتىلىش، ئىزدىنىش

### — ھازىرقى زامان ئەنگلىيە پروزىچىلىقىدىكى بەزى يۈزلىنىشلەر

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان، بەزى ئوبزورچىلار ئەنگلىيە پروزىچىلىقىنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، «بۇرۇنقىدىن ناچارلىشىپ كەتتى» دەپ زارلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرقى ئەنگلىيە ئەدەبىيات سەھنىسىگە يېڭى تىرولوپلار چىقمىسا بولمايدۇ، دېيىشتى؛ بەزىلىرى بولسا جوئىس، ۋولف قاتارلىق مەشھۇر مودېرنىزمچىلاردىن كېيىنكى ئەنگلىيە پروزىچىلىقى ناچارلىشىپ كەتكەنىدۇ، ئۇنىڭدا ۋارىسلىق قىلغۇدەك بىر نەرسە قالمىغانىدۇ، دېگەندەك گۇمانلاردا بولدى؛ يەنە بەزىلەر ئامېرىكىنىڭ ھەر خىل يېڭى ئېقىمدىكى سىناق ھېكايىلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ «يېڭى ھېكايە» ئېقىمىنىڭ شىددەتلىك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئەنئەنىۋى يولدا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە پروزىچىلىقى چېنىپ قالدى، ئەسلىدىكى رەڭگىدىن كەتتى، دەپ چۇقان سېلىشتى. گەرچە بۇ ئوبزورچىلار ئەنگلىيە پروزىچىلىقىغا كۆيۈنۈشنى چىقىش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا بىر تەرەپلىمىلىك ۋە تېيىزلىك بار. ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى پروزىچىلىقى راستىنلا «ناچارلىشىپ كەتتى»مۇ؟ تېخىمۇ كۆپ ئوبزورچىنىڭ جاۋابى «ياق!» دېگەندىن ئىبارەت. نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىرى كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئەنگلىيە پروزىچىلىقىنىڭ «ناچارلىشىپ» كەتمەيلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى ئەنگلىيە پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا مۇنداق يۈزلىنىشلەر بار:

بىرىنچى، ئەنگلىيە پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان جوئىس، ۋولف قاتارلىق يازغۇچىلار ۋەكىللىك قىلغان مودېرنىزمچىلارنىڭ سىناق پروزىچىلىقىنىڭ تەسىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن زور دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئەنئەنىۋى پروزا شەكىللىرىگە «قايتىش» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر خىل يېڭى يۈزلىنىش ئىگىلىدى. نۇرغۇن يازغۇچى يېزىقچىلىقتا جوئىسنى ئەمەس، بەلكى دىككېنس ياكى ئوستېننى ئۇستاز قىلىدىغان بولدى. ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقنى تەشكىل قىلغۇچى ھېكايە، ۋەقەلىك، پېرسوناژ قاتارلىق ئامىللارغا بىر مەزگىل سەل قارالغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورنىنى ئىگىلىدى. مەسىلەن، ئايال يازغۇچى ئەيلىس مودوك: «مەن جوئىس، ۋولفقا قارىغاندا دىككېنس ۋە دوستويېۋسكىغا يېقىنراقمەن»

دېدى. ئەيمىس بولسا، فېلدىڭنىڭ ماڭا تەسىرى تېخىمۇ چوڭراق بولدى، دېدى.

ئىككىنچى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى خىلمۇخىل مۇرەككەپ زىددىيەتلەر يازغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىلدە، ئەنگلىيە جەمئىيىتى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مالىمانچىلىق ۋە تەۋرىنىشنى باشتىن كەچۈردى. ۋىكتورىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرى پارچىلىنىپ، گۇمران بولۇپ يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە يېڭى ئاڭ كەڭ كۆلەمدە تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۈندىن كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىك تۇرغۇنلاشتى، ئارقا ئارقىدىن ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، مىللىي زىددىيەت جىددىيلەشتى، مائارىپتا كرىزىس پەيدا بولدى. بۇلار يازغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزلىرىنى ئىسكەنجىگە ئالغان ئىجتىمائىي رېئال مەسىلە- لەرنى ئەكس ئەتتۈردى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش دائىرىسى تامامەن دېگۈدەك ئوخشاش بولمىسىمۇ، رېئال مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ھەر خىل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ رېئال جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدە، شەك - شۈبھىسىزكى، توپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەر مۇجەسسەملەشكەن، شۇن- داقلا يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى سىڭگەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ رېئاللى- قى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نۇرغۇن كۆپ توملۇق رومانلارنىڭ نەشر قىلىنىشى، «غەزەپلەن- گەن ياش» ئېقىمىدىكى يازغۇچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى دىككىنس، فېلدىن، ئوستىننىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشتا ئۇنى ئاددىي ھالدىلا دوراپ ياكى قايتىلاپ، تەكرارلاپ ئولتۇرمىدى، بەلكى 20 - ئەسىرنىڭ ھازىرقى ئادەملىرىنىڭ ئىدىيە ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىزدەندى ۋە يېڭىلىق ياراتتى، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ چۈشىنىش ۋە بەھرىلىنىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تېپىش يولىدا تىرىشتى.

تۆتىنچى، كۆپلىگەن يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن ئىجتىمائىي مەزمۇنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، كىتابخانلار ئوڭايراق قوبۇل قىلىدىغان ئاممىباب ھېكايىچىلىق شەكلىنى قوللاندى. 20 - ئەسىردىن كېيىن، پروزىچىلار ئىجادىيەت سىناقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى ماھارەت، يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. بەزى كىشىلەر ئەنئەنى- ۋى ھېكايە ئۇسۇلىدىن بارا - بارا يىراقلاپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاددىي كى- تابخانلار چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن ئۆز ئار- تۇقچىلىقىنى نامايان قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئاممىباب ھېكايىلار بارلىققا كەلدى. مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ، ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن «جىددىي ئەدەبىيات» ۋە «ئاممىباب ئەدەبىيات» ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولغانىدى. يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئەھ-

ۋال ئۆزگەردى، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار بارا-بارا ھەر خىل شەكىلدىكى ئاممىباب ھېكا-
يىچىلىق تۇغرىسىدىكى كەمستىش ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاشۇنداق
شەكىل بىلەن پائال تۈردە جىددىي ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان بولدى. ئۇلار-
نىڭ تەسىرى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن بىر تۈركۈم تەسىرى زور ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە پروزىچىلىقىدا كۆپ قىسىملىق رومان ئىجا-
دىيىتى گۈللەندى. مەزمۇننى ئىپادىلەش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كۆپ قىسىملىق رومانلار
ئاددىي ھېكايىلارغا قارىغاندا يازغۇچىدىن تارىخ بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ
زىچلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق رومانلىرىنىڭ تولىسى مەزمۇن
جەھەتتە ناھايىتى كەڭ تارىخ رېئاللىقنى نامايان قىلدى، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇ-
شى ئوتتۇرىسىدا ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋە شەخس-
لەرنىڭ شۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر داۋامىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلىدى. كۆپ
قىسىملىق رومانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي زور ئۆزگىرىش دەۋرىگە
نىسبەتەن بىلدۈرگەن ئاكتىپ ئىنكاسى بولدى. مانا شۇ كۆپ قىسىملىق رومانلار ئىچىدە
چ. پ. سنونىڭ ئون توملۇق رومانى «ناتونۇش ئادەم ۋە قېرىنداشلار»، ئا. پاۋىلنىڭ
«زامان كۈيىگە تەڭكەش ئوينالغان ئۇسسۇل» ناملىق ترىلوگىيىسى، يېۋلىننىڭ «شەرەپ
خەنجىرى» ناملىق ترىلوگىيىسى، ئايال يازغۇچى مەننىبېۋنىڭ «بالقان ترىلوگىسى» قاتارلىق-
لار ئالاھىدە شۆھرەت قازاندى. بۇ رومانلاردا رېئاللىق، رېئاللىق بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى،
جەمئىيەت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى قاتارلىقلار ئىپادىلەندى.

ئەنگلىيە پروزىچىلىقىدا ئايال يازغۇچىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىمۇ زور بىر ئالاھىدى-
لىك. ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇۋاتقان مولېرسپاك، ئەيلىس مودوك،
دولىزلەيشىن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگىنى يالغۇزلا ئاياللار ئازادلىقى ۋە ئايال-
لار ھوقۇقى مەسىلىلىرىلا بولۇپ قالمىدى، ئۇلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارى پۈتكۈل ئىنسانىيەت
دۇنياسىغا تەئەللۇق مەسىلىلەر بولدى. ئۇلار بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پۈتكۈل ئىنسانىيەت-
نىڭ باياناتچىسى بولۇش، دېيىشتى. ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىكى تەرەپدارلىرى ئاياللارنىڭ
زۇرۇر دەرسلىكى دەپ كۆككە كۆتۈرگەن «ئالتۇن خاتىرە» دېگەن كىتابنى يازغان دولىز-
لەيشىن شۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ئوچۇق ئاشكارىلا گەرچە بۇ كىتاب «ئاياللار ئازاد-
لىقىنى قوللىسىمۇ»، ئەمما ئۇ «ئاياللار ئازادلىقى ئۈچۈن كۈيپاڭچىلىق قىلمايدۇ» دەپ
يازدى. ئەيلىس مودوكمۇ بىر نۆۋەت مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «مەن ‹ئا-
ياللار دۇنياسى› ۋە ‹ئاياللار قارىشى› دېگەندەك تەشەببۇسلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەي-
مەن. بىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە سىڭىپ كېتىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ بىڭى بۆلگۈنچىلىك
پەيدا قىلماسلىقىمىز كېرەك» دېدى.

بۇ ئۈچ ئايال يازغۇچى ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى جىددىي ئويلىنىپ،
غەربنىڭ كېسەل ھالەتتىكى جەمئىيىتى كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بوھران تۇيغۇسىنى
خىلمۇخىل شەكىلدە، ئوخشاشمايدىغان نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈردى. مولېر سپاك بىر
ئەسىرىدە ئەسەر قەھرىمانىنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېدى: «مېنىڭ شېئىر ۋە ئەسىر-

لەرنى يېزىشىم كىتابخانىلاردا بۇ ئەجەبمۇ ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ئاياللىكىنە، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۆز تىلىم ئارقىلىق ھەقىقەت ۋە مۆجىزە قارىشىنى تارقىتىش ئۈچۈندۇر». دولىنزلەيشىن ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى بىر ماقالىسىدە «يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاممىنىڭ باياناتچىسى بولۇش... بىر يازغۇچىدا ئەڭ ئەقەللىسى مۇنداق ئۆزىنى بىلىش تۇيغۇسى بولۇشى زۆرۈر: ئۇ روشەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى تۆۋەن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى. يازغۇچى ئاشۇلارغا ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنى ئىپادىلىسە ۋە ئۇلاردىن دائىم ئوزۇق ئېلىپ تۇرالىسا، ئاندىن يازغۇچى دېگەن نامغا مۇناسىپ بولالايدۇ. ئۇ ئاشۇ ئادەملەرگە تەئەللۇق، شۇڭا ئۇلارغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك» دەپ يازدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەنگلىيىنىڭ كۆپ ساندىكى يازغۇچىلىرى ئاممىباب ھېكايىلارنى ياراتمايدىغان كۆز قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىلمىي فانتازىيە، ۋەھىمىلىك ۋەقە، رازۋېدكا قاتارلىق ئاممىباب ھېكايە شەكلىدە ئەسەر يېزىشقا باشلىدى. موللېر سىپاكنىڭ «شوپۇرنىڭ ئورنى» ناملىق رومانى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش رومانىغا، «مەندىبام دەرۋازىسى» ناملىق رومانى ۋەھىمىلىك رومانغا ئوخشايدۇ. شىلىۋنىڭ «ئىزنى بايقاش» ۋە «تۇرمۇش داۋام قىلماقتا» ناملىق رومانلىرى جەمئىيەتنىڭ قارا پەردىلىرىنى يازغان رومانلارغا ئوخشايدۇ، ئەمما بۇ رومانلار ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يېزىلغان ئاممىباب ھېكايىلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە جىددىي مەسىلىلەر، يازغۇچىلارنىڭ ھاياتلىق توغرىسىدىكى ئوي-خىياللىرى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ئىپادىلەنگەن.

ئاممىباب شەكىل ئىچىدە، ئىلمىي فانتازىيە شەكلى كۆپ يازغۇچىغا يېقىپ قالدى. خۇددى بىر فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىدىغان ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ئېيتقاندەك، فانتازىيە شەكلىنىڭ يازغۇچىلارغا يېقىپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، «ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر بىر دەۋرنىڭ ئۈمىدى، ئارزۇ-تىلىكى، قورقۇنچىسى، ئىچكى دۇنياسىدىكى تىتتىتلىق ۋە بېسىمنى ناھايىتى روشەن نامايان قىلدى.»

ئومۇمەن قىلغاندا، ئەنگلىيە يازغۇچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ھەمدە ئىپادىلەش ماھارىتى قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپلەردە ئىزدەنمەكتە، سىناق ئېلىپ بارماقتا. بۇ ئىزدىنىشلەر ۋارىسلىق قىلىشنى چەتكە قاققىنى يوق. ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش بىر-بىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا بولماقتا.

ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

(ۋېن مېيخۇيىنىڭ «ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1990-يىل 7-ئىيۇل سانىغا بېسىلغان شۇ ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.)

مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ماھىرلىق بىلەن سىزىلغان «ئېكران سىرتىدىكى سۈرەتلەر»

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 10 - سانىغا ئاپتور قۇربان ئەمەتنىڭ «ئېكران سىرتىدىكى سۈرەتلەر» ماۋزۇلۇق بىر-قانچە شېئىرى بېسىلدى. ئاپتورنىڭ بۇ شېئىرلىرى كىتابخانىلارنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى. بۇ شېئىرلار بىزنى گۈزەل، پاك، توختاۋسىز دولقۇنلاپ تۇرىدىغان لىرىك دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. مۇنۇ مىسرالارغا قاراڭ:

ئاھ كۆزۈڭ ئاققۇزغان دەريا،
دولقۇنلاندى زىناقلىرىڭدا.

ئاھ كۆز ئاققۇزغان دولقۇنلۇق دەريا قايسى دەريادۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى دەريا، ئەمەلىيەتتە، ئۇ، چىرايلىق بىر قىزنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئېقىپ چىققان ياش! خوش، ئۇنداق بولسا بۇ قىز نېمىشقا يىغلايدۇ؟

ھەسرەت ھىدى تارقىتىپ دۇنيا،
ئوت ياندۇردى دىماغلىرىڭدا.

شۇنداق، بۇ دۇنيانىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرى قىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوتتەك كۆيدۈرمەكتە، ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياش زىناقلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشمەكتە، بىزنىڭ قەلبىمىزمۇ ئىختىيارسىز ھالدا قىزنىڭ قەلبى بىلەن بىللە ھەسرەت چەكمەكتە، بىراق «رەھىمسىز» شائىر بىزنىڭ ھەسرەت چېكىشىمىزگە يول قويمايدۇ، ئەكسىچە بىزنى قىزنىڭ يىغىسىدىن، ئۇنىڭ چىرايىدىن، ئۇ پەيدا قىلغان مۇھىتتىن ھوزۇرلاندۇرماقچى بولىدۇ:

كىرپىكلىرىڭ چاقناتقان پانۇس،
شولا يايدى دەريا يۈزىدە.
نازۇك لېۋىڭ توسمىسى، ئەپسۇس،
ئېقىنلارنى توستى ئۈزىدە.
مەجنۇنتاللىق دەريانىڭ بويى،
چېچىڭ سۆيەر دەريالىرىڭنى.
كۆزۈڭ-ئۇپۇق، كۆرسەتسە قۇياش،
نۇرغا چۆمكەر سەھرالىرىڭنى.

شائىر سىزىپ بەرگەن بۇ گۈزەل سۈرەت بىزنى سۆيۈندۈردى، بىز قىزنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالىمىز، قەلبىمىز ھەسرەتكە ئەمەس، لەززەتكە تولىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر بىچارە قىزنىڭ يىغىسىغا ھېسداشلىق قىلماي، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشىمىز ھەقلىقمۇ؟ شائىر بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ:

بەس، مۇڭلانما، كۈلمەكتە قۇياش،
جىلۋە بىلەن بۇلاقلىرىڭدا.

شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھۇزۇرلىنىشىمىزنىڭ سىرى ئايان بولىدۇ، ئەسلىدە ياش چېقىۋاتقان بۇلاقتەك كۆزنىڭ تەكتىدە يەنە قۇياشتەك جىلۋە قىلىۋاتقان كۈلكە بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟! قىسقىسى، «ئاھ كۆزۈڭ ئاققۇزغان دەريا» ناملىق بۇ شېئىر كىشىگە بىر خىل خۇش پۇراق، لېكىن ئاچچىق-چۈچۈك مېۋىنىڭ تەمىنى بېرىدۇ.

ئاپتورنىڭ «يۇلتۇزلۇق ئاخشام» ناملىق يەلە بىر شېئىرىدا بەخ :. پەيزىكە چۆمۈلگەن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر كۆرۈنۈشى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. بۇ كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلغان مۇھىت مۇنداق:

كىرپىكلەردىن ياغدۇرۇپ ئاق نۇر،
ئاي مارايدۇ قايرىلسا پەردە.
سالقىن شامال يۇگرەيدۇ غۇر - غۇر،
خاتىرجەملىك كۆلگەن مەھەلدە.
ئاستا مېڭىپ يۇرەر ياش ئانا،
تۆشەك ئارا پۇشۇلدار بوۋاق.

بۇ يەردە شائىرنىڭ تەسۋىرلەۋاتقىنى خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ھۆكۈم سۈرگەن ئائىلىدىكى ياش ئانا ۋە بوۋاقتىن ئىبارەت، ئەمما «پەردە قايرىلغاندا ئاق نۇر ياغدۇرۇپ ماراۋاتقان ئاي» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بىز ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز:

بىرىنچىسى، بۇ، پەردە قايرىلغان ھامان دېرىزىدىن كۆرۈنگەن ئاسماندىكى ئاي.

ئىككىنچى، بۇ ئاي — پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى كۆرۈش ئۈچۈن پەردىنى قايرىپ، كۆزلىرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ تۇرغان ئانا.

ئۈچىنچىسى، بۇ ئاي — جورىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە تەقەززا بولۇپ، پەردىنى قايرىپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتقان چوكان.

بۇ يەردە كىتابخانىنىڭ تەپەككۇرى چاچما تەسەۋۋۇر بويىچە قانات قاقىدۇ، بۇ «ئاي» زادى ئاسماندىكى ئايمۇ ياكى جورىسىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ ئىشقىدا يېنىۋاتقان ياش ئانىمۇ؟ بەلكىم ھەر ئىككىلىسىدۇر، چۈنكى شائىرنىڭ نەزەرىدە «ئاي» بىلەن «ئانا» نىڭ ئانچە پەرقى يوق، قاراڭ:

پەردىلەرنى چۆمكەيدۇ ئاتا
تۆشىكىگە باش قويسا بوۋاق،
كۆلەر ئۆيدە تولۇن ئاي گويا
نۇر سەپكەندەك بىر ئالتۇن تاۋاق.

بوۋاق ئۆز تۆشىكىدە ئۇخلىغاندا ئاتا پەردىلەرنى چۆمكىۋېتىدۇ، بىراق بۇ ۋاقىتتا بىز يەنىلا ئۆيدە نۇر چېچىپ كۈلۈپ تۇرغان تولۇن ئاينى كۆرىمىز، شەك - شۈبھىسىزكى، شائىرنىڭ قەلبىدە نۇرلۇق ئاي بىلەن ئۇلۇغ ئانا بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن.

ئىشىك ياقتىن كىرگەندە ئاتا،
سالقىن بېرەر رەيھاندىن پۇراق.

تاتلىق تامشىپ ئويغىنىپ بوۋاق،
ئاتىسىغا سالار چىلىك كىرە.
ياش ئانىنى سۆيەر بەك ئوماق،
ئېھ، بۇ ئەجەب ئىللىق مەنزىرە.

بوۋاق پۇشۇلداپ ئۇخلايدۇ، ئەمما ياش ئانا بوۋاقنىڭ ئاتىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ، مۇشۇنداق پەيتتە بىردىنلا ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئاتا تەشنا بولغان ئانا ئۈچۈن رەيھان پۇرىقىنى ئېلىپ كىرگەن سالقىن ھاۋانىڭ سېزىمىنى بەرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ شائىر بىزگە بۇ خىل نازۇك تۇيغۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. گەپ بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئاتىنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كىرگەن خۇشاللىقى بوۋاقنىمۇ ئويغىتىۋېتىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ بويىنغا كىرە سالىدۇ، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئانىسىنى سۆيىدۇ، بۇ چاغدىكى ئائىلە لەززىتىنى، بۇ مەزگىلدە ئاتا - ئانىنىڭ قانچىلىك شادلىققا چۆمۈلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ ھالەتتىن قانچىلىك مەست بولۇشقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىز ئۈچۈن ئانچە تەس ئەمەس، شائىر بىزگە ئائىلە ھاياتىنىڭ ئاجايىپ شېرىن شەربەت-

لىرىنى تېپتىدۇ، بىزنى بەختىيار ئائىلىنىڭ جەننىتىگە باشلاپ كىرىدۇ.

تەبىئەتنىڭ ئەللەيلىشىدە،
گۈلزار ئارا ئۇخلايدۇ قورا.
سانسىز يۇلتۇز شېرىن چۈشىدە،
بىتاقەتتە ئىزدەيدۇ جورا...

ئانا تەبىئەت ئۆزىنىڭ گۈلزارلىقىدا ئۇ ئائىلىگە بەخت ئاتا قىلىپتۇ. شائىر بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى تىلەيدۇ.

دېمەك، بۇ شېئىردا بىز شائىرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنى، ئۇنىڭ چوڭقۇر سۆيگۈگە تولغان قەلبىنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكى ئىچىدە ئېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئاپتورنىڭ «مۇھەببەت» ناملىق شېئىرىنىمۇ ئوخشاشلا لىرىك ھېسسىياتنىڭ يارقىن ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن، بۇ شېئىردا مۇھەببەتنىڭ «گاچىلارغا تىل»، «ئەمالارغا كۆز»، «ئاجىزلارغا قۇۋۋەت»، «كۆرۈمسىزگە گۈزەللىك» ئاتا قىلالايدىغان ئاجايىپ كۈچ قۇدرىتىگە كۈچلۈك مەدھىيە ئوقۇلغان، سىرلىق مۇھەببەت ھادىسىسى باشقىچە بىر نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «ئېكران سىرتىدىكى سۈرەتلەر» نامى ئاستىدىكى بۇ بىرنەچچە شېئىر ھازىرغىچە سەنئەت ئېكرانىنىڭ سىرتىدا قالغان تۇرمۇش سۈرەتلىرىنى كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە نەپىس تىل ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بەرگەن.

مەن شائىرنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز. شۇڭا ئاددىي كىتابخان سۈپىتى بىلەن مەندە كۈچلۈك ھاياجان قوزغىغان بۇ بىرقانچە شېئىر ھەققىدىكى قىسقىچە كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. مەن ئاپتور قۇربان ئەمەتنىڭ بىزگە يەنىمۇ تەملىك، خۇش پۇراق ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى تەقدىم قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈرۈمچىدىن ئوسمان ئىسمايىل

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## «سىزنى سۆيەتتىم...» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى

«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1990 - يىل ٩ - سانىغا ياسىن نىيازنىڭ «سىزنى سۆيەتتىم...» ناملىق ھېكايىسى بېسىلدى. بۇ ھېكايە ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە ئۇنىڭدا ئېچىپ بېرىلگەن تۇرمۇش ھەقىقىتىنىڭ تەربىيەۋى رولى بىلەن كەڭ كىتابخانلاردا ئالاھىدە قىزىقىش قوزغىدى.

بۇ ھېكايىدا يارىتىلغان تۇرمۇش مۇھىتى ئەڭ دەسلەپتىلا بىزگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قوشنا ئولتۇرغان بويتاق ئەر بىلەن تۇل چوكاننى تونۇشتۇرىدۇ، ئاپتور كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىگە «بۇ ياش بويتاقلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش چىقىدىغان بولدى» دېگەن شەيتان ۋەسۋەسىنى سېلىپ قويىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، مۇنۇ بايانغا قاراڭ: «... ئۇ

دالان پەشتاقلىرىغا قەدەم باسقاندا، مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە، تولغان ساغرىسىغا قاراپ قالاتتىم... قوشنامنىڭ چىرايلىق ھۆسن - جامالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم ... ئۇچرىشىپ قالساق ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدى.» بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتكە قىزىقسىنماي، شۈبھىلەنمەي قالاتتۇقمۇ؟ مەدەنىي ئەللەردە، مەدەنىي مىللەتلەردە بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ قوشنا ئولتۇرۇشى، بىر - بىرىسىگە قارىشى، تەبەسسۇم قىلىشى ۋە سۆزلىشىشى نورمال ئىش، باشقىلار ئۇنىڭدىن غەيرىلىك ھېس قىلمايدۇ. بىراق بىز ئاشۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە سەزگۈرلۈك بىلەن ئالاھىدە دىققەت قىلىمىز. جەمئىيىتىمىز كىشىلىرىنىڭ بۇ خىل پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئاپتور ئۆز بايانىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمىغان: «ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغۇسى بار ئىدى - يۇ، بىراقتىكى ئايالىمنىڭ غايىبانە كۆزلىرىدىن قورقاتتى ... مەنمۇ يېنىمدا يوق ئايالىمنىڭ كۈندەشلىكىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتىم.» قاراڭ، ئۇنىڭ ئۇستىلىقىنى! يوق ئادەمدىن كىم قورقاتتى؟ ئۇلارنىڭ قورقۇۋاتقىنى — دەل بىزدەك باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا باشقىچە قىزىقىدىغانلارنىڭ كۆزىمىز ئەمەسمۇ؟

شۇنداق، ھېكايە ئاپتورى باشتىلا ئۆزى ياراتقان سىرلىق ۋە سۈرلۈك كەيپىيات بىلەن بىزنى جەلپ قىلىپ قويۇپ، قەلىمىنى بىر بۇراپلا، كىتابخانلارنى ھېلىقى تۇل ئايال رۇقىيەنىڭ ياشلىق باھارىغا، كۆيگەن ئاشىقى، جۈرئەتسىز يىگىت «مەن»نىڭ نالە - پەريادلىق روھىي دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ھەقىقىي ھېكايە شۇندىلا باشلىنىدۇ، ھېكايىنىڭ ھەقىقىي باش قەھرىمانىمۇ شۇندىلا مەيدانغا چىقىدۇ. ھېكايە قۇرلىرىنى زېھىن قويۇپ ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا ئالىي مەكتەپ مۇھىتى يارىتىلغانلىقىنى، ھېكايىدا ئوتتۇرىغا چىققان قىز - يىگىتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئاندىن ئاپتور بىزنى ھېكايىدىكى ئاساسلىق ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشى يۈز بەرگەن ۋە راۋاجلانغان تۇرمۇش مۇھىتىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئاپتور ئەنە شۇ مۇھىتتا تىپىك ئوبرازلىق خۇسۇسىيەتنى ھازىرلىغان ئىككى پېرسوناژنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى دىققىتىمىزنىڭ مەركىزىگە قويىدۇ.

ئاپتور بۇ ئىككى پېرسوناژنى ئۇلارنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا چىن رەۋىشتە تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قانۇنىيىتى ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، كىتابخاننى بەدىئىي زوقلىنىشتىن بەھرىمەن قىلىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئەقىللىق كىتابخان ئويلىماي قالمايدۇكى: رۇقىيە بىلەن مۇراتنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مۇرات رۇقىيەگە شۇنچە كۆيگەن ۋە بىر مۇھىتتا ياشىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مۇھەببەتكە نائىل بولالمىدى؟ ئۇنىڭغا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟ رۇقىيە ئاتلىق گۈزەل قىز نېمە ئۈچۈن بەختلىك ئائىلە قۇرالماي، بىر بالا بىلەن تۇل قېلىپ، «خۇددى روھىي تېنىدىن ئاجراپ

كەتكەندەك ئاجايىپ بىر مۇڭلۇق ھالەتتە ياشاش» ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى؟ ئاپتور كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا قويماقچى بولغان ۋە كىشىلەرنى ئويلاندۇرماقچى بولغان مەسىلىمۇ دەل مۇشۇ بولسا كېرەك.

ئاپتور بايان قىلىش نۇقتىسىنى ناھايىتى ياخشى تاللىغان بولۇپ، يىگىتنىڭ تۇرمۇش ۋە پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى «مەن» نىڭ تىلىدىن تەپسىلىي بايان قىلىپ، كىتابخانلارنى بۇ جۈرئەتسىز يىگىتنىڭ بىچارىلىقىغا ئېچىندۇرىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ. ئاپتور «مەن» نىڭ مۇھەببەت ۋە تۇرمۇشتا ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ھەدەپ ياش تۆكۈپ يىغلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ھېسابلاپ باقسام، «مەن» مۇشۇ جەرياندا 12 قېتىم ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياش تۆكۈپ يىغلاشلىرى نېمە مەسىلىنى ھەل قىلدى؟ ئاپتورنىڭ ئېچىپ بەرمەكچى بولغان بىر تۇرمۇش ھەقىقىتىمۇ ئەنە شۇ: بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ھامان، ئاكتىپ ھالدا چارە ئىزدىمەي، تەدبىر قوللانماي، ھەرىكەت قىلماي، ھەدىسىلا «مەن»دەك ئاچچىق ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە رىقابەت سىڭىپ كەتكەن بۈگۈنكى زاماندا، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجىسى بولالمىغان، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، زېرەك، تېتىك ياشاش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان كىشى ھاياتنىڭ كۈچلۈكلىرى، غالىبلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. بۇ نۇقتىنى «مەن» نىڭ ئۆزىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى ئېتىغاندىن كېيىن چۈشىنىپ يەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ «جۈرئەتسىزلىكىم تۈپەيلى خۇدا سىزنى ئۇ ئەرگە چېتىپ مېنى جازالىدى» دېگەنلىكى مۇشۇ يەكۈنىمىزگە دەلىل بولىدۇ. «مەن» نىڭ بەختسىزلىكىمۇ ئۇنىڭ جۈرئەتسىزلىكىدىن بولدى، ئۇنداقتا رۇقىيەنىڭ بەختسىزلىكىچۇ؟ بۇ ھەقتە ئاپتور يەكۈن چىقارماي، ئۇنىڭ بىر بالا بىلەن تۇل قالغانلىقىنىلا ئەسكەرتىپ، قالغىنىنى زېرەك كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇرغان. ئويلاپ باقايلى، بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا، رۇقىيەگە ئوخشاش قىزلىق ئىپپەت - نومۇسىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن سېتىۋەتكەن بىر قىزنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ بىر بالا بىلەن تۇل قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا «ئەندىكىنچە تىمىسقىلاپ مېڭىش»، «يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەسلىك» ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئەنە شۇ بەختسىزلىكنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ گەرچە ئاپتور ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا بۇ بەختسىز تۇل چوكانغا ھېسداشلىق قىلىپ، «بىر يىگىتنىڭ ئاشۇنداق مەجنۇنانە سۆيۈشىگە نائىل بولغان بۇ ئايالنى كىممۇ بەختسىز دېيەلىسۇن» دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بويىنىغا كەلگۈسى بەختىنىڭ نۇرلۇق گۈل چەمبىرىكىنى ئېسىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا ئۇ چوكاننىڭ بەختلىك بولالىشىغا شۈبھە بىلەن قارايمىز. ئۇنى مەجنۇنانە سۆيگەن «مەن» ئاخىرى ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقان ھالەتتىمۇ، چوكاننىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشلىرى ئەرنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلىماسلىقى، ئوڭايلا ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ توغرىدىمۇ «مەن» نىڭ خېتى رۇقىيەگە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبىنى تونۇتۇشتا سىگناللىق رول ئوينىغان: «سىزگە بۇ رەزىللىكلەر مۇناسىپ ئەمەس

ئىدى، سىز قىزلىق تېنىڭىزنى، روھىڭىز-
نى قەدىرلىشىڭىز، پەرىشتىدەك پاك ياشى-
شىڭىز، مۇھەببىتىڭىزنى ئېگىسىگە تاپشۇ-
رۇشىڭىز كېرەك ئىدى، بىراق قىزلىق
تەلپۈنۈشلىرىڭىز ھەممىنى بەربات قىلىۋەتتى،
ئەتىكى كۈندە مۇشۇ رۇقىيە ھالال ئەرنىڭ
ئالدىغا قانداق بارىدۇ؟» رۇقىيەنىڭ تۇر-
مۇشتا بەختلىك بولۇش-بولالماسلىقىدىكى
ئاچقۇچ دەل مۇشۇ يەردە. تۇرمۇشتا بەخت-
لىك بولۇشنىڭ تەبىرى نېمە؟ قايسىبىر
مۇتەپەككۇر بۇ ھەقتە: «بەخت دېگەنلىك ــ
بىراۋنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلىقىنى تۇيۇپ
تۇرۇشتا» دېگەنىدى. دېمەك ھەقىقىي سۆ-
يۈش ۋە سۆيۈلۈش بەخت دېمەكتۇر.
بىراق، ئاشۇ رۇقىيە قايسى يۈزى بىلەن
«مەن» نىڭ چىن سۆيگۈسىگە مۇناسىپ
بولالايدۇ؟ قايسى يۈزى بىلەن «مەن» نىڭ
ئالدىدا ئۆزىنى بەختلىك سېزەلەيدۇ؟ مانا
مۇشۇلار ئاپتور ئېچىپ بەرمەكچى بولغان
تۇرمۇش ھەقىقىتى.

ئىدرىس بارات

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

## «چەت - ياقا يۇرت» تىن سادا

قولۇمدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 -
يىللىق 7 - سانى، ئاپتور ياسىن نىيازنىڭ
بۇ سانغا بېسىلغان «تاللاش» ناملىق ھې-
كايىسى مېنى ھەيران قالدۇردى. گەرچە
بۇ ئەسەردە تەسىرلىك بايانلار خېلى كۆپ
بولسىمۇ، قەلبىمدە ھېچقانداق زوق قوز-
غىيالمىدى، چۈنكى «تاللاش» تا ئىلگىرى
سۈرۈلگەن خاھىش ساغلام ئەمەس ئىدى.

«تاللاش» تا تەسۋىرلەنگەن «مەن»
ئايرىلغىنىغا 20 يىل بولغان، ئەمما ئۆزى
بىلمەيدىغان ئاتا - ئانىسىدىن ئۇشتۇمتۇت
بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋېلىپ گاڭگىراپ
قالىدۇ ۋە بېقىۋالغان ئاپىسى ئايىمخانغا
خەت يېزىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن
ئىدىيىسىدە «تاللاش» تىن ئىبارەت جىد-
دىي كۈرەشكە دۇچ كېلىدۇ.

«مەن» نىڭ قەلبىمى ئارقىلىق ئى-
پادە قىلىنغان تۆۋەندىكى: «ئاھ خۇ-
دا، ئاتامدىن ئايرىلىپ ھەمراھسىز قال-
غان شۇ بەختسىز ئاپام ئەمدى مەندىنمۇ
ئايرىلىپ، بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە قالار-
مۇ؟» دېگەن بايانىدىن كۆرۈش مۇمكىنكى،
ئاپتور ئالدى بىلەن سۆز ئىشلىتىشكە دىق-
قەت قىلمىغان. ئەسەردىكى «مەن» بىرەر
قېتىم قاتتىق ئاغرىپ قالمىغان ياكى بىرەر
چوڭراق ھادىسىگە يولۇقۇپ، ھاياتى خەۋپ
ئىچىدە قالمىغان تۇرسا، ئاپتور نېمە ئۈ-
چۈن ئادەتتىكى ئايرىلىشقا ساكراتتىكى ئا-
دەمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاھۇ پەريادىنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش-
كە مەجبۇر بولىدىكىن؟ ئېنىقراق ئېيتقاندا،
«چەت - ياقا يۇرت» قا قايتماي، ئۇرۇمچى-
دە قېلىشنى «رەھىمسىزلىك بىلەن» ئۇ دۇن-
ياغا سەپەر قىلغانلىق دېيىش تولىمۇ بى-
مەنىلىك بولمامدۇ؟

ئەڭ مۇھىمى، «تاللاش» تا ئىلگىرى
سۈرۈلگەن ئىدىيە توغرا ئەمەس.

«تاللاش» تا خېلى ئېتىبار بىلەن تەس-
ۋىرلەنگەن پېرسوناژ ــ قىيىن يىللاردا
چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، زامان ئۆزگىشال-
غاندا ۋەتەنگە قايتقان، «زامانغا مۇناسىپ
ئىلمىي ئادەم» يارمۇھەممەت ئوغلىغا مۇن-
داق مەسلىھەت بېرىدۇ: «بالام، ئادەم بۇ
دۇنياغا كەلگەن ئىكەن، چوقۇم ئىنسانىي

بۇرچىنى ئادا قىلىشى، ئىنسانلىق قىممەتنى يارىتىشى كېرەك. سەن ئۆزۈڭنىڭ چىقىش يولىنى شېئىرىيەتكە باغلاپسەن، لېكىن شۇنى ئويلاپ كۆردۈڭمىكىن، كەسىپ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ شارائىت بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟ مېنىڭچە، ئەلۋەتتە بار ... بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرىدىكەنسەن، ئالدىڭدا تەقسىمات مەسىلىسىگە دۇچ كېلىسەن، يول تاللايسەن، ئىستىقبالىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياشاش، تىرىشىش، كامالەتكە يېتىش شارائىتىنى تاللايسەن ... بۇ سېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق پەيت ...» بىز ئاپتورنىڭ «تاللاش» تا زادى قانداق ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەش ئۈچۈن «مەن» نىڭ ئاتىسىنىڭ مەسلىھىتىگە جاۋابەن يازغان خېتىدىكى مۇنۇ ئىقرارىنىمۇ قوشۇپ تەھلىل قىلايلى: «... راست! سىز ئېيتقاندەك مەن ئۈرۈمچىدىن ئاشۇ چەتتىكى يۇرتۇمغا كەتسەم مەندىكى تالانت، سەۋىيە كۆمۈلۈپ قالار ...» ناھايىتى ئېنىقكى، ئاپتور بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشەندۈرۈپ، قانداقتۇر «... ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياشاش، تىرىشىش، كامالەتكە يېتىش» تەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت چوڭ، كاتتا شەھەرلەردىلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئىش، ھەتتا «ئىنسانىي قىممەتنى يارىتىش» تەك مۇنداق چوڭ ئىشمۇ چوڭ شەھەرلەردىلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «چەت - ياقا يۇرت» لارنى خاتا ھالدا خۇنۇكلەشتۈرگەن. كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، «چەت - ياقا يۇرت» تا تالانت، سەۋىيە «كۆمۈلۈپ قالار» ئىمىش، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە «چەت - ياقا يۇرت» لارنىڭ قايسى بىرى «تالانت، سەۋىيە» لەرنى دەپنە قىلىدىغان قەبرىستانلىق بولۇپ قاپتۇ؟! بۇ يەردە ئاپتورنىڭ پەقەت ئۆز ھېسسىياتىغىلا ئەسىر بولۇپ، پاكىتلارغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقى كىشىنى چوڭقۇر ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

دۇرۇس، چوڭ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزگىچە ئەۋزەللىكلىرى بار. ئەمما ئۇ يەرلەرنىڭ شارائىتى ئەدىبلەرنىڭ «تالانت، سەۋىيە» سىنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر ئاساس ئەمەس، «چەت - ياقا يۇرت» لارمۇ «ئىنسانىي قىممەتنى يارىتىش» ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان تالانت ئىگىلىرىنى ئەۋزەل «شارائىت» بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. چەت - ياقا يۇرتلاردىنمۇ كۆپلەپ تالانت ئىگىلىرى چىقماقتا. يازغۇچى ئۈچۈن «چەت - ياقا يۇرت» لار تېخىمۇ كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇ يەرلەر يازغۇچىنى مول، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ بىر ئەقەللىي ساۋات.

ئۇنىڭدىن باشقا «تاللاش» تا ئاپتور ھازىر جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنى ئىنتايىن بىزار قىلىۋاتقان نامۇۋاپىق غەيرىي تەقسىمات مۇناسىۋىتىگە ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان.

خۇلاسە شۇكى، «تاللاش» نىڭ كىشىگە ئازراقمۇ زوق بېغىشلىيالمىغانلىقىدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، ئاپتورنىڭ زامان ۋە ماكانغا بولغان قارىشىنىڭ يۈزە بولغانلىقى، ئىككىنچىدىن، ئەسەر قەھرىمانلىرىنى دەۋر روھىنىڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلمىگەنلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بورىتالادىن نۇرمۇھەممەت ئىسمايىل

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىي ھايات ـ ۋەئۇچۇرلار

△ سوۋېت ئىتتىپاقىدا لاۋشې قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا لاۋشېنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ توغرىلىق مەخسۇس كىتاب ۋە نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلدى. ئۇنىڭ ھەممە ئەسىرى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى خەنزۇشۇناسى ئانتىنوۋېسكى لاۋشېنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئېغىر خاتالىق سادىر قىلغان دەپ قارالغان «مۇشۇكلەر شەھىرى» ناملىق رومانى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ جاھان ساتىرىك ئەسەرلەر تارىخىدىكى ئەڭ نادىر ئەسەر، يازغۇچى بۇ رومان بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى سىېدامن، فرانسى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشقا تامامەن مۇناسىپ. «مۇشۇكلەر شەھىرى» دە جۇڭگونىڭ مىللىيلىكى مەدەنىيىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ قورقۇنچاقلىقى، شۈكرى - قانائەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇشلىرىنى كۆرۈپ يەتكەن. بۇ ئەسەر لۇشۇننىڭ «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» غا ئوخشاش، تارىخىي ئەھمىيەتلىكىنى بېزەپ كۆرسەتمىگەن، دېگەن. موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا، ئافرىقا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى سىمىنوۋ: «مۇشۇكلەر شەھىرى» دە جاڭجيېشىنىڭ مەدەنىيەت سىياسىتى مەسخىرە قىلىنغان ھەمدە بۇ رومانىدىن لاۋشېنىڭ ئىنتايىن سولچىل خاھىش توغرىسىدىكى ئالدىن كۆرەرلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى لى فۇچېڭنىڭ قارىشىچە: «مۇشۇكلەر شەھىرى» دە ئاپتور تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى بىلەن 30 يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالدىن كۆرەرلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئەسەردىكى مەدەنىيەت تەنقىدىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى دۇنيا ساتىرا تارىخىدىكى بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ بىرى، دەپ قارىماقتا.

△ ئەدەبىياتنى قاتلاملارغا بۆلۈش توغرا ئەمەس.

«زامانىمىزدىكى يازغۇچىلارغا باھا» ژۇرنىلىغا «ئەدەبىياتنى قاتلاملارغا بۆلۈش توغرا ئەمەس» ناملىق ماقالە بېرىلگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: بەزى تەنقىدچىلەر ئەدەبىياتنى بىرنەچچە قاتلامغا بۆلۈۋاتىدۇ. ئۇلارچە ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئەدەبىيات ۋەقەلەرنىلا بايان قىلىپ قويىدىكەن، پېرسوناژنى تەسۋىرلەيدىغىنى سەل يۇقىرى قاتلام بولىدىكەن، پىسخىكىنى، مەدەنىي ئىپادىلەرنى ئېچىپ بېرىش يۇقىرى قاتلام بولىدىكەن، مەلۇم پەل-

سەپىۋى پىكىر ئىپادىلەنگىنى ئەڭ يۇقىرى قاتلام بولىدىكەن.

ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوخشاش بولمىغان نۇقتا بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى تەھلىل قىلىنغاندا، بۇ خىل ئايرىشنىڭ مۇئەييەن داۋلىسى بار، لېكىن قاتلامغا ئايرىلسا كىشى ئۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپ قالىدۇ.

1. ياخشى ئەسەر كۆپىنچە ۋەقە، پېرسوناژ، پىسخىكا، مەدەنىيەت ۋە پەلسەپىلەر ئۆز ئارا سىڭدۇرۇۋېتىلگەندىلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

2. ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئىستېتىك تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ، بىر ئادەمنىڭ بۈگۈن ياخشى كۆرىدىغىنى بىلەن ئەتە ياخشى كۆرىدىغىنى ئوخشاش بولمىغاچقا، يۇقىرى تۆۋەنلىكنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

3. مەلۇم پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

4. ئەگەردە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەش ئەدىبلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىش نىشانىسى بولۇپ قالسا، ئۇلار بۇ ئەڭ يۇقىرى قاتلامغا ئۆزىنى ئۇرسا، ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇيدىغان كىتابخان چىقماي قالىدۇ.

5. ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا باي بەزى كىتابخانلارنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ھېسابقا ئالساق ئۇنداقتا ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپىنىڭ پەرقى بارمۇ - يوق؟

△ 1990 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى مېكسىكا شائىرى، نەسىرچىسى ئوكتاۋىئو پازغا بېرىلدى.

1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى 1990 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ مېكسىكىنىڭ مەشھۇر شائىرى، نەسىرچىسى ئوكتاۋىئو پازنىڭ ھالقىما رېئالىزملىق شېئىرلىرى ۋە ئىجتىمائىي ماقالىلىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئۇ، چىلى شائىرى مىسترال، گۋاتېمالا يازغۇچىسى ئاستۇرىئاس، چىلى شائىرى پابلو نېرودا ۋە كولومبىيە يازغۇچىسى گابرىېل گارسىيا ماركىزدىن كېيىن شەرەپ بىلەن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن لاتىن ئامېرىكىسى ئىسپان تىلىدىكى 5 - يازغۇچى بولۇپ قالدى.

ئوكتاۋىئو پاز 1914 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مېكسىكا شەھىرىدە ئادۋوكات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇ يىل 75 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئاتىسى مېكسىكىلىق، ئانىسى ئىسپانىيىلىك. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان. ئون نەچچە يېشىدىن باشلاپلا شېئىر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1937 - يىلى ئىسپانىيىدە ئىچكى ئۇرۇش بولغاندا ئۇ، مادرىدقا بېرىپ، فاشىستلارغا قارشى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. شۇ يىللىرى ئۇ «فاشىستلارنىڭ توپ ئوقلىرى ئاستىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغان. 1944 - ، 1945 - يىلىغىچە ئامېرىكىدا لاتىن ئامېرىكىسى شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 25 يىل دىپلوماتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. فرانسىيە، شۋېتسارىيە، ياپونىيە ۋە ھىندىستانلاردا ئەلچى بولۇپ تۇرغىنىدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەممە يېرىدە، ھەتتا شەرقتىكى ئافغانىستان ۋە سىرىلانكىغىچە بارغان. پاز يېزىقچىلىقنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، نۇرغۇن شېئىر ۋە سىياسىي، پەلسەپىۋى ماقالىلەرنى يازغان. شۋېتسىيە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەقدىرنامىسىدە: «پازنىڭ شېئىر ۋە نەسىرلىرىدە كولومبىيە ئامېرىكا قىتئەسىنى تېپىشتىن ئىلگىرىكى

ئامېرىكا ئىندىئانلار مەدەنىيىتى، ئىسپانىيە مەدەنىيىتى ۋە غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يۇغۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتقا باي، نەزەر دائىرىسى كەڭ... مۇكەممەل ئىنسانپەرۋەرلىك روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن» دېيىلگەن.

1987-يىلى ئۇ بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتى توغرىلىق توختالغاندا: «بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىگە چەك قويماق ناھايىتى تەس، 40 يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا بۇ ئانچە قىيىن بولمىغان بولاتتى. بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى... مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا قاپىيە بىلەن ۋەزىن ئىنتايىن مۇھىم» دېگەن. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «قۇياش تېشى» (1957)، ئازتېك قۇياش كالېندارى ئابىدىسى تېما قىلىنغان داستان بولۇپ، 584 كۈنلۈك ئازتېك كالېندارىنى 584 مىسرا بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ قارىشىچە: «پازنىڭ شېئىرلىرى ھالقىما رېئالىزمنىڭ ئىلھامى بىلەن يېڭىچە مۇزىكىلىق تىلغا، ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان».

پاز ھازىرغىچە 30 دىن ئارتۇق سىياسىۋى، پەلسەپىۋى ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلدۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسىرى «تەنھالىقنىڭ سىرلىق قەسىرى» دىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنىڭ ئالدىنقى تۆت بابىدا مېكسىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرى مۇھاكىمە قىلىنغان، كېيىنكى تۆت بابىدا تارىخقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ۋەتىنى تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ مۇنازىرىچان پەلسەپىۋى ئىدىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئىسپانىيىدىكى بىر ئەۋلاد ياش يازغۇچىلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. پازنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.

پاز لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپلىگەن يازغۇچىلارغا ئوخشاش ئۆز ئەسەرلىرىدە سىياسىينى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە كەڭ تۈردە قاتنىشىدۇ.

ئۇ شەرق سەنئىتىنى ۋە پەلسەپىسىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان ھەمدە شۋېتسىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە شېئىرلىرىنى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىدىن لى بەي، دۇفۇ، ۋاڭ ۋېيلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىسپان تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە بەك قىزىقىدۇ، شې - لىڭيۈن بىلەن تاۋچيەننىڭ مەنزىرە شېئىرلىرىغا مەپتۇن بولغاندىن باشقا يەنە زامانىمىزدىكى بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يېقىندىن ئوتتۇرىغا چىققان ياش شائىرلار جۇڭگو شېئىرىيىتى جانلانغانلىقى ۋە جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ «يەنە» بىر گۈللىنىشىنىڭ ۋەكىلى. ئۇلار كلاسسىك شەكىللەرنى يېڭىلاپ، شېئىرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالدى.»

پاز نيۇيوركتا ئەدەبىيات لېكسىيىسى سۆز-

لەۋاتقاندا ئۆزىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇ مۇخبىرغا سۆھبەت بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىمدىن ھەيران قالدىم ۋە ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. بۇنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان»، «بۈگۈنكى كۈندە شېئىرىيەت ئىنتايىن كەڭ تارقىلىدىغان سەنئەت ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر مىللەت، بىر خىل تاۋۇشنىڭ خاتىرىسى (يادنامىسى)» دېگەن. «مېنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىم لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئىسپانىيە ئەدەبىياتىنىڭ كۈنسايىن يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى بىر يازغۇچى يەككە - يېگانە بولمايدۇ. ئۇ، جەمئىيەت ۋە بىر خىل ئەنئەنىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولىدۇ»، «مەن ئەزەلدىن مۇكاپاتنى ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئامىلى دەپ قارايمەن. لېكىن ماڭا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپات كىتابخانلارنىڭ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىدىن ئىبارەت» دەيدۇ.

پاز مېكسىكا، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا كۆپ قېتىم ئېرىشكەنىدى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1990 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى بولتۇر 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن، 1990 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ سوممىسى 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا بولغان.

△ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلار ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكتى.

1990 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 38 نەپەر يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنى پوسكام نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىنى زىيارەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

ئۇلار بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى، ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار بولدى. زاۋۇتنىڭ ھەرقايسى ئايرىش سىستېمىلىرى ۋە ھالقىلىرىغىچە كۆزدىن كۆچۈردى. ئىشچىلار بىلەن بىللە بولۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشى بىلەن تونۇشتى.

ئۇلار يەنە يەكەندىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، مەلىكە ئامانىساخاننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى.


مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

## تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 - يىللىق 12 - سانىنىڭ 40 - بەت تۆۋەندىن 9 - قۇردىكى «تەزىيە» دېگەن سۆزنى «تەزىيىدە ئىكەنلىكىمىزنى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

تەھرىر بۆلۈم





قەشقەر ۋە غۇلجىدىكى بىر
قىسىم ئاپتورلار ئۆزئارا سۆھبەتتە.

باش مۇھەررىر: مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم.

---

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.






《塔 里 木》 文学月刊 （维 吾 尔 文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1991 ـ يىل 1 ـ سان ( 359 ـ سان ) ، 41 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40 元
邮政编码：830000

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى :